ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئادىل مۇھەممەت تۇران

# مەكت تارخدىن تېزىسلار



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

بۇ كىتابىمنى كىشىلىك قىممىتىم تونۇلغان ئانا يۇرت — مەكتەپتىكى
ئەزىز خەلقىمگە تەقدىم قىلىمەن.

ئادىل مۇھەممەت تۇران



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مەكىت تارىخىدىن تېزىسلار

ئادىل مۇھەممەت تۇران



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目（CIP）数据

麦盖提史话/阿地力·图兰著. —乌鲁木齐
新疆人民出版社，2001.10
ISBN 7－228－06727－4

Ⅰ. 麦... Ⅱ. 阿... Ⅲ. 麦盖提县—地方史—
维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. K294.54

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 071069

责任编辑：穆合塔尔·马木提
封面设计：阿不力克木·候赛因

## 麦盖提史话

阿地力·穆罕默德·图兰 著

新疆人民出版社出版发行
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编 830001）
新疆新华书店发行
新疆工人时报印刷厂印刷
850×1168毫米 32 开本 7.75 印张 1 插页
2001 年 10 月第一版 2001 年 10 月第一次印刷
印数：1—4000

ISBN 7－228－06727－4/K.953 定价：12.80 元



مەكتىن تېپىلغان قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# نەشرىياتتىن

قولىڭىزدىكى «مەكنت تارىخىدىن تىزىسلار» ناملىق بۇ كىتاب قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ـ باشقۇرۇش ئورنىدىكى ياش تەتقىقاتچى ئادىل مۇھەممەت تۇراننىڭ مەكىت تارىخىغا، مەدەنىيەت ـ سەنئەت، مائارىپىغا، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا، تارىخى شەخسلەرگە، ھەرخىل ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك ماقالىلىرىنىڭ توپلىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، كىتابخانلارغا مەكىت ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق بىلىم بېرىدۇ.

ئادىل مۇھەممەت تۇران 1967 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مەكىت ناھىيىسىنىڭ يانتاق يېزىسىدا زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1986 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1991 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى، خەلق ھۆكۈمىتى قاتارلىق ئورۇنلاردا خىزمەت قىلغان. 1995 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ـ باشقۇرۇش ئورنىغا يۆتكىلىپ كەلگەن. ھازىر ئۇ قەشقەر ۋىلايەتلىك ساياھەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەزكىرىسى تۈزۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ـ باشقۇرۇش ئورنىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

ئادىل مۇھەممەت تۇراننىڭ تەتقىقات پائالىيىتى 1989 ـ يىلى «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» مەجمۇئەسىنىڭ 28 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «مەكىتنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى مائارىپىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى» ناملىق ماقالىسى بىلەن باشلانغان. ئۇنىڭ تەتقىقاتىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، مەدەنىيەت ـ سەنئەت، مائارىپ قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. ئۇ ھازىرغىچە «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا «سۇلى نامىنىڭ ئېتمولوگىيىسى توغرىسىدا»، «ساكلارنىڭ قەشقەردىكى تارىخىي ئىزلىرى توغرىسىدا»، «يەكەننىڭ خەنزۇچە نامى توغرىسىدا»، «قەشقەردىن تېپىلغان تاش قورallar»، «مەكىت ھەققىدە مۇلاھىزە» قاتارلىق 60 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىپ، تەتقىقات ساھەسىدە مۇئەييەن تەسىر قوزغىدى.

ئۇ يېقىندىن بۇيان «قەدىمكى ئىزلىرىمىز ۋە يەر ناملىرى»، «قەشقەردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «مەكىت تارىخىدىن تېزىسلار» قاتارلىق كىتابلارنى يازدى. بىز نەشرىيات نامىدىن ئۇنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەتقىقاتىغا تېخىمۇ چوڭ نەتىجىلەر تىلەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاپتوردىن

مەكىت تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان تارىم بوستانلىقىدىكى قەدىمكى يۇرتلارنىڭ بىرى. بۇ يەردە بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر دولانلىرىغا خاس ئىپتىدائىي (مەھەللىۋى) مەدەنىيەت ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ مىللىي ئەنئەنىۋى، مىللىي خاسلىق ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

مەن ئۇيغۇر دولانلىرى مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان، «قارا دولان» دەپ ئاتىلىدىغان مەكىتنىڭ يانتاق دېگەن يېرىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولدۇم. يانتاق يېزىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان «قارا ئۆي»، «ئۆيىيۇغداي»، «ئارالاڭقا»، «بۇلۇڭلاڭقا» دېگەن يۇرتلار قەدىمكى ئۇيغۇر دولان مەشرەپ، مۇقاملىرىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ، ھەرقايسى پەسىل، ھېيت ــ ئايەم، توي ــ تۆكۈنلەردە ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان مەشرەپلەر، مەشرەپلەردىكى قىزىقچىلىقلار ھەممە بۇ يەردىكى ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش ئادەتلىرى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەرھۇم دادام مۇھەممەت مۇسا ئېيتىپ بەرگەن مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تاكى ئازادلىقنىڭ ئالدى ــ كەينىگىچە بولغان ئارىلىقتا مەكىتتە يۈز بەرگەن ئاجايىپ ــ غارايىپ ئۆتمۈش ۋەقەلىرى زور قىزىقىشىمنى قوزغاپ، بۇ يۇرتقا بولغان مېھرىمنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىشىم مەن ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەت ئېلىپ كېلىپ، مېنىڭ مەكىتنىڭ تۈرلۈك قىسمەتلەرگە باي تارىخى، مەدەنىيەت ــ سەنئىتى ۋە ماددىي يادىكارلىقلىرى ھەققىدە ئىزدىنىشىمگە قولايلىق شارائىت يارىتىلدى. مەن 1987 ــ يىلدىن باشلاپ بىر تەرەپتىن ئۆزەمنىڭ تارىخ بىلىملىرىمنى كۆپەيتسەم،

يەنە بىر تەرەپتىن مەكىت ھەققىدىكى ئىزدىنىشىمنى باشلىۋەتتىم. ھالبۇكى، قىسقىغىنە ئۇن نەچچە يىللىق ئىزدىنىش جەريانىمدىن «مەكىت» دېگەن بۇ يۇرت ھەققىدە پەقەت خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى، مەكىتنىڭ يۇرت بولۇش تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم رىۋايەتلەر، يېقىنقى زاماندىكى پېشقەدەملەرنىڭ ئەسلىمىسى ۋە ئازغىنا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن باشقا، بىرەر يازما تارىخىي مەنبەسىنىڭ يوقلۇقى مەلۇم بولدى. مەن مۇشۇ كام يازما تارىخىي ماتېرىيالنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشنى ئۆز بۇرچۇم دەپ ھېسابلاپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تارىخى، مەكىتكە قوشنا جايلارنىڭ يەرلىك تارىخى، خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان تارىخ ـ مەدەنىيەتكە ئائىت رىۋايەت ـ ئەسلىمىلەر، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئاساسىدا مەكىت تارىخىغا ئائىت بىر تۈركۈم ماقالىلارنى يازدىم. بۇ ماقالىلەردە ماتېرىيال مەنبەسى بىر قەدەر تولۇق دەپ قارالغان يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامانغا ئائىت تارىخ ـ مەدەنىيەت مەسىلىلىرى، تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ئىلمىي بايان ئاساس قىلىندى. خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قەدىمكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تونۇشتۇرۇلۇپ، مەكىتنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى، تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى.

مەن مەكىت ھەققىدە نىسبەتەن سىستېمىلىق ھەم تولۇق بىر كىتاب ئىشلەشنى ئويلاپ يۈرەتتىم. لېكىن، نۆۋەتتىكى مەدەنىيەت ـ تارىخ تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، كىشىلەرنىڭ يەرلىك تارىخنى بىلىشكە بولغان ئېھتىياجى ۋە بۇ ئېھتىياج ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن تەلەپلەر بويىچە، ئۇنداق سىستېمىلىق كىتابنى نەشر قىلدۇرۇشتىن ئاۋۋال ئۆزۈمنىڭ يېقىنقى ئون يىللىق ئىزدىنىشلىرىم ئاساسىدا ئېلان قىلغان ۋە تېخى ئېلان قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەن بىر تۈركۈم ماقالىلىرىمنى «مەكىت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تارىخىدىن تېزىسلار» ناملىق كىتاب قىلىپ كىتابخانلارنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇم. بۇ مۇنتىزىم تارىخىي ئەسەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا بىر قىسىم يېتىشسىزلىكلەر ۋە ئېنىق يورۇتۇپ بېرىلمىگەن مەسىلىلەر بولۇشى مۇمكىن. كىتابخانلارنىڭ تولۇقلاش پىكىرلىرىنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن ھەمدە بۇ كىتابنى ئىشلەشكە تۈرتكە بولغان، يېقىندىن ياردەم بەرگەن مەكىت ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشكە، قەشقەردىكى، مەكىتتىكى ئىلىم سۆيەر دوستلارغا، نەشر قىلىشقا كۆپ كۈچ چىقارغان ئابلىكىم ھوسەيىنگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

ئادىل تۇران

1999 ـ يىلى ماي، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## * * * تارىخ * * *

1. «مەكىت» ھەققىدە مۇلاھىزە ............. 1
2. مەكىتنىڭ تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە ئۇنىڭ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان ۋاقتى توغرىسىدا .............. 19
3. مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىللى .................. 29
4. 30 ــ يىللار چوڭ داۋالغۇش مەزگىلىدىكى مەكىت ... 36
5. چەتئەل سەيياھلىرىنىڭ مەكىتتىكى ئېكسپېدىتسىيىسى .......................... 41
6. مەكىت ناھىيىسىدىكى قىسمەن يەر ناملىرى توغرىسىدا...46
7. «مەكىت تارىخ ماتېرىياللىرى»نى تۈزۈشكە دائىر بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىغانلىرىم .............. 52

## * * * مەدەنىيەت ـ سەنئەت، مائارىپ * * *

8. مەكىت ناھىيىسى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ............................ 63
9. مەكىت ناھىيىسىگە كىنونىڭ يېتىپ كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى .............................. 85
10. دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ قەدىمىيلىكى توغرىسىدا .............................. 92
11. مەكىتنىڭ 50 ــ يىللاردىن ئىلگىرىكى مائارىپىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى .............................. 109

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## * * * مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى * * *

12. مەكتىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى توغرىسىدا ......... 117
13. مەكىت ناھىيىسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى ........................................ 136
14. قازانكۆل جاڭگىلىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى.................................... 140
15. يانتاق يېزىسىدىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر ...... 145

## * * * تارىخىي شەخسلەر * * *

16. مۇقامشۇناس، شائىرە ئامانىساخانىنىڭ باللىق چاغلىرىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا .................. 152
17. تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زات، شائىر ئەھمەد قازىئاخۇنۇم ........................................... 167
18. تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زات قادىر ئاخۇن خەلپىتىم ... 170
19. مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات ئاۋلىراخۇن خەلپىتىم ... 174
20. خەلق مۇقامچىسى ماگسۇر شەيخى.................. 177
21. داڭلىق دولان خەلق سەنئەتكارى مامۇت شەيخ ... 179
22. دولان مۇقام ئەلنەغمىچىسى، قالۇنچى ئىسمايىل ئەخمەت ......................................... 182
23. دولان ئەلنەغمىچىسى تۇرەك ئاۋۇت ............ 184
24. دولان ئەلنەغمىچىسى ھۇسەيىن يەھيا ............ 186
25. داڭلىق دولان مۇقامچىسى مۇھەممەت تۇردى ...... 188

## * * * ئاتالغۇلارغا ئىزاھات * * *

26. «دولان» دېگەن نام ھەققىدە ..................... 190

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

27. «ئون ئۆستەڭ مەكىت، بەش ئۆستەڭ لايلىق» ئاتالغۇسى ھەققىدە ........................................ 196
28. «قوڭغۇز يېگەن دولانلىق» قا ئىزاھ.............. 198
29. «توختى مانجۇ قىسسىسى» ........................ 203
30. يانتاقتىكى سوپىلار ۋەقەسى ........................ 206
31. تۈنجى ھۆكۈمەت مەھكىمىسىنى سېلىشنىڭ ئۆتمۈشى ........................................ 208
32. مەكىت تارىخىدىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى ...... 210

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# «مەكىت» ھەققىدە مۇلاھىزە

يېقىندىن بۇيان خەلق ئارىسىدا ۋە مەتبۇئاتلاردا «مەكىت» دېگەن نام ھەققىدە خىلمۇخىل قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتىدۇ. تۆۋەندە مەن بۇ قاراشلار ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارماقچىمەن.

1. «مەرتكېت» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن قاراش.

بۇ قاراشنى تەكىتلىگۈچىلەر ئۆز قارىشىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئاتام زامانىسىدا (بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى) تەكلىماكاندا ناھايىتى باياشات، روناق تاپقان، ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن تولغان شەھەرلەر بار ئىكەن. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەرنىڭ تائەت ـ ئىبادەتنى ئاجىزلاپ، ئىمانى سۇسلىشىپ، ئۆزئارا جېدەل ـ ماجىرالار يامراپ، ئىنساب يوقىلىشقا باشلاپتۇ. ئەتراپنى مانا مۇشۇنداق بۇلاڭ ـ تالاڭ، ئۆلۈم ۋەھىمىسى قاپلاپ كەتكەن بىر كۈنى كېچىسى، ئۇشتۇمتۇت ئاسماندىن قۇم يېغىشقا باشلاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا، ئاشۇ شەھەرلەرنىڭ بىرىدە ئېتىقادىنى يوقاتماي، تائەت ـ ئىبادەت بىلەن شوغۇللانغان، كىشىلىرى تولىمۇ مۆمىن بىر قوۋم بولۇپ، ئۇلار ئاللادىن بۇ بالايىقازادىن قۇتۇلۇشقا مەدەت تىلەپتۇ. شۇئان ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي پەيدا بولۇپ، «ئاللا بۇ ئۆز ئىبادەتلىرىڭىزگە شۈكرى قىلمىغان ئاسىي بەندىلىرىگە غەزەپلىنىپ قۇم بالاسى بەردى. سىلەر بولساڭلار ئۆز ئىبادەتلىرىڭلارغا شۈكۈر قىلىپ، ئاللانى ئەستىن چىقارمىغىنىڭلار ئۈچۈن، ئاللا سىلەرنى بۇ بالايىقازادىن ساقلاپ قېلىشنى ئەمىر قىلدى» دەپ قولىدىكى ھاسىسىنى يەرگە سانجىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى چۆگىلەشنى، ھاسا چۆكۈپ كەتسە يەنە تارتىپ چىقىرىپ، يىقىلىپ چۈشمەستىن داۋاملىق چۆگىلەشنى، قۇم يېغىش توختىغاندىن كېيىن كۈن پېتىشقا قاراپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مېڭىپ، سۇلۇق بىر جايغا ئورۇنلىشىشنى بويرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ قوۋمدىكى كىشىلەر قول تۇتۇشۇپ، ھېلىقى كىشى بەرگەن ھاسىنى چۆگىلەپ يەتتە كېچە - كۈندۈزنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، قوۋم يىغىش توختاپتۇ. لېكىن، ئەتراپنى پۈتۈنلەي قوۋم بېسىپ، شەھەرلەردىن ھېچقانداق ئەسىر قالماپتۇ. چۆگىلەۋېتىپ يىقىلىپ چۈشكەن نۇرغۇن كىشىلەرمۇ قوۋم ئاستىدا قېلىپ، پەقەت يەتتە ئادەملا ساق قاپتۇ ۋە كۈن پېتىشقا قاراپ مېڭىپ، ئاران دېگەندە بىر دەريانىڭ بويىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ يەردە ياشايدىغان خەلق ناھايىتى مېھماندوست، مەرد كىشىلەر ئىكەن. ئۇلار، بۇ مۇساپىرلارغا ئاۋۋال ئوزۇق - تۈلۈك بېرىپتۇ. كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئۆي - ماكانلىرىنى بوشىتىپ بېرىپ كۆچۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ جاي «مەردلەر كۆچكەن جاي» دېگەن مەنىنى بېرىدىغان «مەرتكېت» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان بوپتۇ. كېيىنچە، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ نام ئاستا - ئاستا «مەركېت»، «مەركىت»، «مەكېت» (مەكىت)گە ئۆزگىرىپ، قوللىنىشقا ئاسانلاشتۇرۇلغانىكەن.

2. «مكىت» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن قاراش.

بۇ قاراشتىكىلەر مۇنداق بىر ئاساسنى كەلتۈرىدۇ: 1743 - يىلدىن 1748 - يىلغىچە، شىنجاڭدىكى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ۋەكىلى چىن دەيخان قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ، مەكىت ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى شېھىتدۆڭ يېزىسى 9 - كەنتىكى ئەپچىل بىر جىلغىغا ئورۇنلىشىپ، بۇ يەرنى تايانچ بازا قىلىپ، دولان خەلقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان (بۇ جاي ھازىرمۇ «قالماق جىلغىسى» دەپ ئاتىلىدۇ). چىن دەيخان ئۈچ يىل جەريانىدا خىلمۇخىل ۋاستىلەر بىلەن نۇرغۇن بىگۇناھ خەلقنى ئۆلتۈرۈپ، مال - مۈلكىنى بۇلىغان. چىن دەيخانىنىڭ زۇلۇمىغا چىدىمىغان دولان خەلقى ئاخىرى ئۇنىڭغا قارشى جەڭگە ئاتلانغان. بۇ جەڭگە دولان خەلقىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ياش ھەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكسىز تورى

تەدبىرلىك يولباشچىسى «مىكىت گەۋرى» دېگەن كىشى قوماندانلىق قىلغان. ئۇ دولان خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ۋە تەشكىللەپ، چىن دەيخانغا قارشىلىق كۆرسەتكەن. كۈرەش تەخمىنەن بىر يىل داۋاملىشىپ، ئاخىرى «مىكىت»نىڭ ياشلىرى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنى مەغلۇپ قىلغان ۋە ھازىرقى مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى قۇمنىڭ تۈۋىدە چىن دەيخاننى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەن ۋە شۇ قۇملۇققا كۆمگەن. شۇنىڭدىن بېرى، بۇ قۇملۇق مازار قىلىنىپ، ھازىرغىچە «مازارى چىن» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە (بەزىلەر «چىن دىرخان مازىرى» دەپمۇ ئاتايدۇ). چىن دەيخان ۋەكىللىكىدىكى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئۈستىدىن قىلىنغان غەلىبە بىلەن مىكىتنىڭ نامى ئەل ئىچى ۋە سىرتىدا داڭق قازىنىپ، دولاننى «مىكىت» ئاپتۇ، دولان مىكىتنىڭ شەھىرىگە ئايلىنىپتۇ، دېگەن سۆز - چۆچەكلەر تارقالغان. شۇنىڭ بىلەن، «دولان» دېگەن ئىسىم «مىكىت»كە ئۆزگەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، كىشىلەر دولانغا بارىمەن دېمەكچى بولسا، مىكىتنىڭ شەھىرىگە بارىمەن دەيدىغان بولغان. مۇشۇنداق تارىخىي ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن «مىكىت» دېگەن سۆز ئاستا - ئاستا ئېيتىشقا ئاسان بولغان «مەكىت» دېگەن ئاتالغۇغا ئۆزگەرگەن. 1927 - يىلى، مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلغاندا، ناھىيىنىڭ نامى «مەكىت» دەپ رەسمىي بېكىتىلگەن. ①

3. «مۆكۈپ» دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن قاراش.

بۇ قاراشتىكىلەر ئۆز پىكرىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ: بۇ يەر يۇرت بولغان دەسلەپكى چاغلاردا چەكسىز كەتكەن توغراقلىق، ئادەم ئۆتكىلى بولمايدىغان چاتقال - يۇلغۇنلۇق ئىكەن، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ۋەھشىيلىرىمۇ بۇ يەردە ياشايدىكەن. ئۇلار ھە دېگەندە بۇ يەردە ياشايدىغان كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرغاچقا، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن توغراق ياغاچلىرىنى قاتار قىلىپ تىزىپ، لاگقا (توساق) ياساپتۇ. بۇ ھازىرقى ۋاقىتتىكى توقۇلما تامنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرى ئىكەن. سىرتقى جايلاردىن كەلگەنلەر بۇلارنى «مۇكۇپ ياشايدىغانلار» دەيدىكەن. كېيىنچە بۇ نام «مۇكۇبلەر» دېگەنگە قىسقىراپتۇ. زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن «مەكىت» دېگەن نامغا ئۆزگىرىپتۇ. ھازىر بۇ يۇرتتا ساقلىنىپ قالغان «ئارالاگقا»، «بۇلۇڭلاگقا» دېگەن ناملار ئاشۇ ۋاقىتتىن قالغانىكەن.

4. ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا قەشقەر تەۋەسىدىكى ناملار ئارىسىدا «مەنكەنت»نىمۇ تىلغا ئالىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «مەنكەنت» «مەكىت»دۇر ② دېگەن قاراش.

5. «مەركىت» (موڭغۇل تىلىدا مېركىت دەپ ئاتىلىدۇ ـ مۇھەررىردىن) قەبىلىسىنىڭ نامىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن قاراش.

بۇ قاراشتىكىلەر ئاساسلىرىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

XII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا موڭغۇل دالاسىدىكى سېلىنگا دەرياسى بويىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مەركىتلەر مىلادى 1208 ـ يىلى چىڭگىزخان قوشۇنى تەرىپىدىن ئېرتىش دەرياسى بويىدا مەغلۇپ بولۇپ، باشلىقى توختى بەگ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلار نايمانلارنىڭ شاھزادىسى كۈچلۈككە ئەگىشىپ، جەنۇبتىكى ئۇيغۇرلار يېرىگە كۆچۈپ كەلگەن. 1218 ـ يىلى، كۈچلۈك پامىردىكى سارىقۇل (سېرىققول)دا موڭغۇللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مەركىتلەرنىڭ ئامان قالغانلىرى زەرەپشان (يەكەن) دەرياسىنى بويلاپ ھازىرقى مەكىتكە كەلگەن. ③

بىزگە مەلۇمكى يەر ـ جاي ناملىرى «شۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، تەبىئىي شەرت ـ شارائىت ئالاھىدىلىكى،

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

مەشھۇر كان بايلىقلىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، ئاتاقلىق كىشىلىرى، قەھرىمانلار نامى ۋە شۇ ئورۇننى تاپقۇچىلارنىڭ نامى، يۈز بەرگەن تەبىئىي ھادىسىلەر... قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن قويۇلغان» ④ بولۇپ، ئۇ ئادەتتە جۇغراپىيىلىك تەبىئىي شەرت ـ شارائىتلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىسىملار ۋە تارىخىي شەرت ـ شارائىتلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىسىملار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ ھەم ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تارىخىي تەرەققىيات، خانلىقلارنىڭ ئالمىشىشى، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ۋە مەدەنىي ھاياتىنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىق تۈرلۈك تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مانا شۇ مەنىدىن ئالغاندا «مەكىت» دېگەن ناممۇ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك ھادىسىلەر، بولۇپمۇ يىراق قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىردە زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشى بىر تەرەپتىن نۇرغۇن خەلقنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن نۇرغۇن رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، قەدىمكى ئەنئەنە قاتارلىق جەھەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، يېڭىلىنىش ئېلىپ كەلدى. بۇنداق ئۆزگىرىش تېخىمۇ روشەن ھالدا، يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۆزگىرىشىدە تولۇق ئەكس ئەتتى. ئۇنداق بولسا «مەكىت» نامى يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلارنىڭ قايسىسىغا ماس كېلىدۇ؟

بىرىنچى خىل قاراشتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «غەرىبكە مېڭىپ، سۇلۇق جايغا كېلىپ ئورۇنلاشقان» كىشىلەرنىڭ كۆچۈش سەۋەبى ۋە كۆچۈش يۆنىلىشىنى ھېسابقا ئالغاندا، بۇ ھال تەكلىماكاننىڭ قۇملىششى ۋە تەكلىماكاندىكى قەدىمكى بوستانلىق، شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ قۇم ئاستىدا قېلىپ خاراب

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇشىدەك ئەھۋال بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقىدۇ.

تارىخىي خاتىرىلەردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قەدىمكى چاغدا ھازىرقى شىنجاڭنى مەركەز قىلغان غەربىي ئەل دائىرىسىدە 36 دىن ئارتۇق خانلىق ـ بەگلىكلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پارچە ـ پارچە بوستانلىقلارنى ئاساس قىلغان كىچىك خانلىق ـ بەگلىكلەر ئىدى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ تىنىپ، سۇ مەنبەسىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى سەۋەبىدىن، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بوستانلىقلارنى يۇتۇپ كەتكەن. بۇ يەردىكى خانلىق ـ بەگلىكلەر قۇم ئاستىدا قېلىپ خەلقلىرى ئەتراپتىكى بوستانلىقلاردىن پاناھ جاي ئىزلەپ كۆچكەن. بۇ قاراشتا بايان قىلىنغان قۇم بالاسى، بەلكىم مۇشۇ ۋەقەنى كۆرسەتسە كېرەك. ئەمما، تارىخىي رېئاللىقتىكى بۇنداق ئوخشاشلىقتا ماس ھالدا «مەرتكېت» نامىدىكى تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ۋە ئالمىشىش جەريانىنى ئىلمىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈش مۇمكىنچىلىكىنى تېپىشقا ئۇرۇنساقمۇ، بىرەر تارىخىي مەنبەگە ئىگە بولماي تۇرۇپلا، بۇ ھەقتە ھۆكۈم چىقىرىش ئالدىراقسانلىق بولىدۇ. شۇڭلاشقا «مەرتكېت» مەكىت نامىنىڭ دەسلەپكى ۋارىيانتى دېيىشكە تولۇق ئاساسىمىز يوق.

ئىككىنچى خىل قاراشتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «مىكىت» ـ بايان قىلغۇچىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ جاينىڭ ئەسلى نامى «دولان»نىڭ ئورنىنى ئالغان ھەم ئۇ (يۇقىرىقىدەك) تارىخىي ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن ئاستا ـ ئاستا ئېيتىشقا ئاسان بولغان «مەكىت» دېگەن ئاتالغۇغا ئۆزگەرگەن. دېمەك، بۇ يەردە مۇجمەل بولغان بىر قاراش ئالغا سۈرۈلگەن بولۇپ، ئەگەر خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن «مىكىت گەۋرى» ھەققىدىكى رىۋايەتنى ھەقلىق يوسۇندا قوبۇل قىلغىنىمىزدا، «مىكىت» نامى يەر نامىلىرىنىڭ قويۇلۇش ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كەلگەن

بولسمۇ، لېكىن ئۇنى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ، ئېيتىشقا ئاسان بولغان «مەكىت»كە ئۆزگەردى دېيىش ئانچە قايىل قىلارلىق يەكۈن بولمىسا كېرەك. چۈنكى، بۇ يەردىكى خەلق ئۆز قەھرىمانىنىڭ نامىنى يۇرت نامى قىلغانىكەن، ھېچقانداق ئالاھىدە بىر سەۋەب بولمىغان ئەھۋالدا، باشقا بىر نامغا ئۆزگەرتىشى مۇمكىنمۇ؟ تىل نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ، «مەكىت» تىكى «ئە» سوزۇق تاۋۇشى «مىكىت»تىكى «ئى» سوزۇق تاۋۇشىغا قارىغاندا، ئېيتىشقا تېخىمۇ ئاسان بولۇشى ناتايىن.

ئۈچىنچى خىل قاراشتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ جاينىڭ تەبىئىي شەرت ــ شارائىت تەسۋىرى ئەمەلىي ئەھۋالغا ناھايىتى يېقىن بولغان ھەم ئۇنىڭدا بۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋالى تەسۋىرلەنگەن. بۇ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانە ــ رىۋايەتلەرنىڭ مۇئەييەن بىر دەۋرنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن شۇ دەۋرنىڭ قىسمەن ئەھۋالىنى خەلقنىڭ ئارزۇ ــ ئۈمىدىگە ماسلاشقان ھالدا تەسۋىرلەپ بېرىدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكىنىڭ گەۋدىلىنىشى بولسا كېرەك. ئەمما، «مۆكۆپلەر» دېگەن نامنىڭ «مەكىت»كە ئۆزگىرىش جەريانىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا، بۇ ھەقتە ئىشەنچلىك بىرەر تارىخىي مەنبەگىمۇ ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

تۆتىنچى خىل قاراشتا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك، ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، يالغۇز قەشقەر ئەتراپىدىكى «مەنكەنت» (مانكەنت) قاتارلىق جايلارنىڭ نامىلا ئەمەس، بەلكى خېلى نۇرغۇن يەر نامىلىرى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇلار بىزنى مول ۋە ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان ئىشەنچلىك مەنبەلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «مەنكەنت» (مانكەنت) ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«مان كىند ـ مانكەنت. قەشقەرگە يېقىن بىر شەھەرنىڭ نامى. كېيىن خاراب بولغان.» ⑤

بۇ شەھەر خارابىسى ھازىرغىچە «مەنگەن»، «مەنكەنت» نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە، شۇ شەھەر يېنىدىكى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە توققۇزاق بازار ئىچى مەھەللىسىمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ («تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 ـ توم 215 ـ بەت).

«مەنكەنت» (مانكەنت) قەشقەرگە يېقىن بىر شەھەر بولۇش بىلەن بىز تىلغا ئېلىۋاتقان «مەكىت» بىلەن ئارىلىق نۇقتىسىدىن پەرقلىنىدۇ. يەنى ھازىرقى مەكىت بىلەن قەشقەر شەھرىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 400 چاقىرىم ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئەگەر ئات ـ ئۇلاغ بىلەن ئۇدۇل ماڭسا، قەشقەر بىلەن مەكىتنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن بەش كۈنلۈك يول بولۇپ، بۇ ئانچە يېقىن مۇساپە ھېسابلانمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، مەھمۇد قەشقەرى تىلغا ئالغان «مەنكەنت» مەكىت بولغان بولسا، ھەرگىز ئۇنى «قەشقەرگە يېقىن بىر شەھەر» دېمىگەن بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە، مەنكەنت ئۈچۈن بېرىلگەن ئىزاھاتمۇ يېتەرلىك تولۇقلىما بولۇپ تۇرۇپتۇ.

«مەنكەنت» نىڭ «مەكىت» كە ئۆزگىرىش جەريانى ئۈچۈن، تۈركچە شەھەر مەنىسىدىكى «كىند ـ كەنت» سۆزى قوشۇلۇپ ياسالغانلىقىنى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا يەنە قەشقەر شەھرىنىڭ «ئوردوكەنت»، يەكەننىڭ «ياركەنت» دەپ خاتىرىلەنگەنلىكىنى مىسال ئېلىشقا بولىسمۇ، «مەن (مان)» سۆزىنىڭ ۋە ياكى «مەنكەنت (مانكەنت)» نامىنىڭ «مەكىت» نامىغا ئۆزگىرىشىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ.

بەشىنچى خىل قاراشتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «مەركىت» نىڭ «مەكىت» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، بىزنىڭچە قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. بىرىنچىدىن، «مەركىت» فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جەريانىدا، «ر» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بىلەن «مەكىت» نامىغا ئۆزگەرگەن. تۈركىي تىل، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدا «ر» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ئومۇمىي ئەھۋال بولۇپ، ئېغىز تىلىدا بۇ ھال تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: يەر – جاي ناملىرىدىن قەشقە (قەشقەر)، يوپۇغا (يوپۇرغا)... قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ھازىر ياشقا چوڭ بەزى كىشىلەر مەكىتنى «مەركىت»مۇ دەپ ئاتىشىدۇ. ئىككىنچىدىن، مەركىتلەرنىڭ كۆچلۈككە ئەگەشكەن قىسمى كۆچلۈك ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن يەكەن دەرياسىنى بويلاپ مەكىت دائىرىسىگە كەلگەن ۋە ئولتۇراقلىشىپ يۇرت بىنا قىلغان. تۆۋەندە مەركىت قەبىلىسى ۋە ئۇنىڭ جەنۇبقا — يەكەن دەرياسىنىڭ باش، ئوتتۇرا ئېقىنلىرىغا كۆچۈش جەريانى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز:

مەركىتلەر كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يايلاق قەۋمى. ئۇ خەنزۇچە ماتېرىياللاردا 篾儿乞,梅里吉,密儿纪 قاتارلىق ناملار بىلەن خاتىرىلەنگەن بولۇپ، تۆت قەبىلىدىن تەركىب تاپقان. ⑥ مەركىت قوۋمىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تارقالغان جايلىرىنىڭ، يەنى IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن چىڭگىزخان دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى موڭغۇل دالاسىنىڭ ئېتنوگرافىك ئەھۋالى مۇنداق ئىدى: «شەرقىي جەنۇبتا ئوڭغۇتلار، ئۇلارنىڭ شىمالىدا تاتارلار، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ شىمالىدا — بىر ئاز غەربكە سوزۇلغان قىسمىدا كرەيتلەر، جالايىرلار ۋە موڭغۇللار ياشايتتى. بۇلاردىن باشقا ئونون دەرياسى بىلەن كرولىن دەريالىرىدىن ئېرتىش دەرياسى بويىغىچە نايمانلار، ئۇنىڭ شىمالىدىكى سېلىنگا دەرياسى بويىدا مەركىتلەر ياشايتتى. بەزى ئېتنوگرافلار بۇ قوۋملاردىن كرەيت، نايمان، مەركىتلەرنىڭ تۈركىي قوۋم ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىزدەندى ۋە ئۇلارنىڭ تۈركىي قوۋم ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلدى». ⑦

مەركىتلەر ئادەم سانى كۆپ، ئۇرۇشقاق، جەڭگىۋار خەلق

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ئەتراپتىكى قەبىلىلەر بىلەن دائىم توقۇنۇشۇپ تۇراتتى. مەركىتلەرنىڭ موڭغۇللار بىلەن بولغان توقۇنۇشى خىلى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللار مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «تۆمۈرچىن (چىڭگىزخان) دادىسى ياسۇگەي ئۆلگەن 1167 ـ يىلى 12 ياشتا ئىدى... ياسۇگەي ئوغۇللىرىنىڭ توپلىنىشى مەركىتلەر قوماندانلىرىنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلمىدى. بىر كېچىسى، مەركىتلەر تۆمۈرچىننىڭ قارارگاھىغا باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئانىسى ۋە خوتۇنىنى ئېلىپ قاچتى ھەم پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ ـ تالىدى. تۆمۈرچىننىڭ ئۆزىمۇ ئاران قۇتۇلۇپ، ئامان قالغان موڭغۇللار بۇرھان خالدىن تېغىدا پاناھلاندى ۋە مەركىتلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن، كېرەيت خانى توغرۇلدىن ياردەم سورىدى. توغرۇل خان ياسۇگەينىڭ دوستى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ كۈچلۈك بىر قوشۇن بىلەن تۆمۈرچىنغا ياردەم قىلدى. شۇنداق قىلىپ، تۆمۈرچىن ئانىسى، خوتۇنى ۋە باشقا مال ـ مۈلكىنى مەركىتلەردىن تارتىۋالدى.» ⑧ راشىدىن «جامىئۇتتەۋارىخ» دېگەن كىتابىدا، بۇ ۋەقەنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «چىڭگىزخان ياش ۋاقتىدا مەركىتلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئەسىرگە چۈشتى. ئۇ چاغلاردا ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرمەي، نەرسىگە ئالماشتۇرۇپ ئازاد قىلىدىغان بولغاچقا، بىر مەزگىلدىن كېيىن چىڭگىزخاننىڭ ئۆيىدىكىلەر مەركىتلەرگە بىر بۆلۈك نەرسىلەرنى بېرىپ، ئۇنى قايتۇرۇپ كەتتى. يەنە بىر قېتىم چىڭگىزخان بىلەن ۋاڭخاننىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇزۇلدى ۋە مەركىتلەر بىلەن كېرەيتلەر چىڭگىزخاننى ئۇرۇشتا يېڭىۋالدى. مەركىتلەر ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە تەۋەلىكىنى تالان ـ تاراج قىلىپ، ئۇنىڭ ئايالى بورتاچىننى تۇتۇپ كېتىپ، ۋاڭخانغا تەقدىم قىلدى. چىڭگىزخان بۇنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بىر ئىشەنچلىك ئادىمىنى ئەۋەتىپ، ئايالىنى قايتۇرۇپ

بىرىشنى ئۆتۈندى... يول ئۈستىدە جۇجىخان تۇغۇلدى. ⑨ دەل مۇشۇ كېيىنكى ۋەقەنى باشقا بىر ماتېرىيالدا مۇنداق قەيت قىلىدۇ: «1176 ـ يىلى، چىڭگىزخان بورتاغا ئۆيلەنگەن كېچىسى مەركىتلەر تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، بورتانى بۇلاپ كەتكەن. بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ 10 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن چىڭگىزخانغا سادىق بولغان بىر مەركىت بېگى بورتانى چىڭگىزخانغا ئەكىلىپ بەرگەن. بورتا شۇ كۈنى ئوغۇل تۇغقان. موڭغۇللار بالىغا جۇجىخان (مېھمان دېگەن مەنىدە) دەپ ئات قويغان ۋە بالىنىڭ چىڭگىزخاننىڭ ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلغان. چىڭگىزخان بۇ ھەقتە پىچىرلاشقان موڭغۇللاردىن 60 ـ 70 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن، ئۆزىمۇ گۇمانغا چۈشۈپ، ئۇنى تەخت ۋارىسى قىلغاندا، كېيىنكى كۈنلەردە موڭغۇللار ئارىسىدا غەۋغا چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، يەنە بىر ئوغلى ئۆگدايىنى تەخت ۋارىسى قىلىپ تەيىنلىگەن.» ⑩

دېمەك، مەركىتلەر موڭغۇللار باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان مەزگىللەردە، ئۇلار بىلەن ئۆزلۈكسىز قارشىلىشىپ تۇرغانىدى. بۇ ۋاقىتتا، مەركىتلەرنىڭ باشلىقى توختى بەگ دېگەن كىشى بولۇپ، چىڭگىزخان موڭغۇل دالاسىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاۋۋال نايمان ۋە كىرەيتلەر بىلەن بىرلىشىپ، تاتار ۋە مەركىتلەرنى مەغلۇپ قىلدى. 1203 ـ يىلى نايمانلار بىلەن بىرلىشىپ، كىرەيتلەرنى مەغلۇپ قىلدى. بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، موڭغۇل دالاسىدا چىڭگىزخانغا قارشى بىردىنبىر قۇدرەتلىك كۈچ نايمانلار بولۇپ قالغانىدى. شۇڭلاشقا، 1204 ـ يىلى موڭغۇللار نايمانلارغا قارشى چوڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىدى، نايمانلارمۇ مەركىت ۋە باشقا قوۋملار بىلەن بىرلىشىپ قارشى تۇردى. لېكىن، ئۇرۇشتا نايمانلارنىڭ خانى تاياڭخان ئۆلۈپ، نايمانلار مەغلۇپ بولدى. چىڭگىزخاننىڭ 1206 ـ يىلىدىكى ھۇجۇمىدا تاياڭخاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك مەركىتلەرنىڭ ئارىسىغا قېچىپ

كەلدى. 1208 ــ يىلى، چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئەسكەرلىرى مەركىت قوۋمىنىڭ باشلىقى توختى بەگ بىلەن نايمان قوۋمىنىڭ شاھزادىسى كۈچلۈك باشلىغان توپنى قوغلاپ، ئېرتىش دەرياسى بويىدىكى جەڭدە توختى بەگنى ئۆلتۈردى.

مەركىتلەرنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدىكى قاراشلار زىددىيەتلىك، يەنى نەبىجان مۇھەممەت «قازاق تارىخى تەتقىقاتى» دېگەن كىتابىدا: «1208 ــ يىلى، چىڭگىزخان... ئېرتىش دەرياسى بويىدىكى جەڭدە توختى بەگنى ئۆلتۈردى. بىراق، توختى بەگنىڭ بالىسى قودۇ بىلەن كۈچلۈك توپتىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، قارلۇق يېرىگە بېرىپ ئورۇنلاشتى» دەپ يازىدۇ. ⑪ جاقىپ مىرزاقان «مەركىتلەر موڭغۇللار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بايقال كۆلىنىڭ يېنىدىكى بارغۇچىن، توقۇم دېگەن يەرلەرگە كۆچۈپ كەلگەن» دەيدۇ. ⑫ «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دا: مەركىتلەرنىڭ باشلىقى توختى بەگ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى قودۇ قاتارلىقلار ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قاڭلى ئارقىلىق قىپچاق يېرىگە كەتتى دەپ خاتىرىلىنىدۇ. ⑬ راشىدىن بولسا «توختى بەگ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى دەپنە قىلالماي، كاللىسىنى ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇر چېگرىسىغا كەلگەندە، بوكان ئىسىملىك ئەلچىنى ئىدىقۇتقا ئەۋەتىدۇ. ئىدىقۇت ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلغاچقا، ئەلچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ۋە چىڭگىزخانغا خەۋەر قىلىدۇ» دېگەننى بايان قىلىدۇ. ⑭ بۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە. ئەمما، مەركىتلەرنىڭ ئېرتىش دەرياسى بويىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، نايمان شاھزادىسى كۈچلۈككە ئەگىشىپ جەنۇبقا كۆچكەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. بۇ نۇقتىنى بارتولدمۇ قوللاپ: «1208 ــ يىلى، چىڭگىزخان تاكى مەركىت ۋە موڭغۇللارنىڭ غەربىي قىسمىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نايمانلارنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، موڭغۇللار رايونىدىكى كۆرەش ئاياقلاشتى. بۇ ئىككى مىللەت ئۆزىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار يېرىگە كۆچتى» دەيدۇ. ⑮

كۈچلۈك ئېرتىش دەرياسى بويىدىن جەنۇبقا سۈرۈلگەندە، جەنۇبتىكى يەتتىسۇ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى، شىمالى قاتارلىق جايلار قاراقىتان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولۇپ، گورخان ئۇنۋانىنى ئالغان چۇلۇق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقانىدى. كۈچلۈك گورخانىنىڭ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋالدۇ ۋە ئەينى ۋاقىتتا زاۋاللىققا يۈز تۇتقان قاراقىتان ھاكىمىيىتىنىڭ ئاجىزلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، گورخانغا ياردەم بېرىش نامى بىلەن «بېشبالىق، ئېمىل، قايالىق قاتارلىق جايلارغا تارقىلىپ كەتكەن نايمان ۋە مەركىتلەرنى يىغىپ كېلىپ، ئۆز كۈچىنى ئاشۇردى ۋە خارەزىم شاھى مۇھەممەتخان بىلەن بىرلىشىپ، سۇيىقەست بىلەن گورخانىنىڭ تەختىنى تارتىۋالدى.» ⑯

كۈچلۈك گورخانىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە تىرىشىپ، گورخان ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغالغان مۇسۇلمانلارنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرىدۇ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، يەكەن، خوتەن ۋە تارىم بوستانلىقىدىكى شەھەرلەرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالىدۇ. باشتا ئۇ، خىرىستىئان (نىستورىيان) دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولۇپ، قاراقىتان قىزىغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ھەم يەرلىك خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇمنى كۈچەيتىپ، مۇسۇلمان يەرلىك ئاھالىنى دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلىپ، خەلقنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغان، ھەتتا ئۇ ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆيلىرىدە ئەسكەر تۇرغۇزغان.

1218 ـ يىلى، موڭغۇل قوشۇنلىرىدىن 20 مىڭ كىشى

موڭغۇل سەركەردىسى جەبە نويان قوماندانلىقىدا كۈچلۈككە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇلار كۈچلۈك بىلەن يەرلىك خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، خەلققە دىنىي ئەركىنلىك جاكارلىغانلىقى ئۈچۈن، ھەممە يەردە خەلق كۈچلۈكنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، موڭغۇللارغا ئەل بولدى. كۈچلۈك قەشقەردىن پامىر ئارقىلىق بەدەخشانغا قاچقاندا، موڭغۇل قوشۇنلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، پامىردىكى سارىقۇم دېگەن جايدا كاللىسىنى ئالدى. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»دا بولسا «بەدەخشاندا ئۆلتۈرۈلگەن» دەپ قەيت قىلىنىدۇ. [17] «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. ئىسمايىل تەزكىرىسى»دە «سىرىققولدا ئۆلتۈرۈلگەن» دېيىلىدۇ. [18] «جامىئۇتتەۋارىخ»دا «كۈچلۈك بەدەخشانغا قېچىپ، سارىقۇمدىكى جىلغىدا موڭغۇللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى» دېيىلگەن. [19] بارتولد «سارىقولدا ئۆلتۈرۈلگەن» دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ. [20] ئومۇمەن ئالغاندا، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «سارىقۇم، سىرىققول، سار قىيالىقى» دېگەنلەر بىر خىل نامنىڭ ھەرخىل ماتېرىياللاردا ھەرخىل ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى بولۇپ، يەرلىك خەلقنىڭ جانلىق تىلىدا «سارىقۇم» «سايقۇم» دېيىلگەن بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن، شۇنداقلا تاشقورغاننىڭ يەنە بىر نامى بولغان «سىرىققول» [21] بولۇشى مۇمكىن.

كۈچلۈك ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قوۋمى ھەر تەرەپكە تاراپ كەتكەن. كۈچلۈككە ئەگىشىپ قاچقان مەركىتلەرنىڭ ئامان قالغانلىرى بولسا، ئاشۇ سارىقۇم (سايقۇم) ياكى «سىرىققول»نىڭ يېنىدىن ئۆتكەن يەكەن دەرياسى (باش قىسمى زەرەپشان دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نى بويلاپ دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا كۆچكەن ۋە ھازىرقى مەكىتنىڭ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. نەتىجىدە بۇ جاي شۇلارنىڭ نامى بىلەن مەركىت (مەكىت) دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەدىمكى چاغدا كۆچمەن خەلقلەر ئۈچۈن سۇ، ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ يۈرۈش بەك ئومۇمىي بولغان ئەھۋال بولۇپ، جەنۇبتىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا كۆچكەن بىر قىسىم كۆچمەن خەلق ئولتۇراق دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن ماسلىشالىغان، ئەمما ئەسلىدىكى تۇرمۇش ئادەتلىرى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان. بۇ يۇرت (مەكىت)نىڭ تەبىئىي شارائىتى ھەم كىشلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىدىن قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ ساقلىنىدىلىرىنى ھېلىھەم تېپىش مۇمكىن. مەسىلەن، ئات مىنىپ قوي ـ كالا باقىدىغان، ئوۋ قۇشلىرىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئاتلىق ئوۋ ئوۋلايدىغان ئادەتلەر ھازىرمۇ بۇ يەردىكى خەلق ئارىسىدا مەۋجۇت. خەلق ئارىسىدا يەنە ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ كۆچۈپ كەلگەنلىكى ھەققىدە رىۋايەتلەرمۇ ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

بەزىلەر: «XII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى سېلىنگا دەرياسى بويىدا چارۋىچىلىق قىلغان مەركىت قەبىلىسى بۈگۈنكى دولانلارنىڭ ئەجدادى... مىلادى 1204 ـ يىلى موڭغۇل قەبىلىسىدىن تۆمۈرچىن كىرەيتلەرنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، نايمانلار بىلەن مەركىتلەرنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. بىر قىسىم مەركىتلەر چىڭگىزخانغا ئەل بولدى. يەنە بىر قىسىملىرى غەربتىكى ئالتاي تېغىغا كۆچۈپ، كۈچلۈك بىلەن بىرلەشتى. مىلادى 1208 ـ يىلى، چىڭگىزخان قوماندانلىقىدىكى چوڭ قوشۇن ئۇلۇنگۇر دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى بويىدا كۈچلۈكنى ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ قىلدى، مەركىتلەرنىڭ قېپقالغانلىرى قوچو ئارقىلىق تارىم ئويمانلىقىغا كىردى. ئۇلار ئوت ـ سۇ قوغلىشىپ چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈردى. بىر تۈپى يەكەن دەريا ئېقىنىدىكى قۇملۇق ۋە توغراقلىقتا ئولتۇراقلاشتى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشى،

www.uyghurkitap.com

مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. مەركىتلەرنىڭ بىر قىسمى قازاقلارنىڭ كرەيت قەبىلىسىگە قوشۇلۇپ كەتكەن بولسا، يەنە بىر قىسمى ئۇيغۇرلارغا قوشۇلدى، ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنلەر كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن دولانلار دەپ ئاتالدى» دەيدۇ. ㉒ بۇ خىل قاراشتىكىلەرنىڭ نېمىگە ئاساسەن شۇنداق دېگەنلىكىنى ۋە قانداق ئىلمىي ئاساسىنىڭ بارلىقىنى بىز بىلمەيمىز. دولانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ئۈستىدە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ئىزدىنىپ كۆرگەنىدى. لېكىن ئېھتىياجىدىن ھالقىغان ھالدا بۇ مەسىلىدە قايتا توختالمايمەن.

ئىبراھىم مۇتئى ئەپەندى ئېگىز ھارۋىلىقلار (قاڭقىللار) نىڭ ئالتە ئۇرۇق، 12 جەمەتى قاتارىدا «مەركىتلەر» دېگەن بىر جەمەتنىمۇ تىلغا ئالىدۇ. ㉓ بىز ئېگىز ھارۋىلىقلار (قاڭقىللار) ھەققىدە مەخسۇس يېزىلغان ئەسەرلەردە ㉔ بۇنداق ئەھۋالنى ئۇچرىتالمىدۇق. ئېھتىمال، بۇ ئاتالغۇ تەرجىمىسىدىكى پەرق بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، بىز بۇ نۇقتىدا يەنىلا ئىزدىنىپ بېقىش زۆرۈر دەپ قارايمىز.

**ئىزاھات:**

① قادىر ھوشۇر: «دولان ۋە دولان مەشرىپى توغرىسىدا»، «ئاممىۋى مەدەنىيەت» ژۇرنىلى، 1981 ـ يىل 1 ـ سان، 64-، 65- بەتلەر.

② ئىمىن تۇرسۇن: «مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئارتۇچ»، («تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىلى 6 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 131-، 132- بەتلەر).

③ مەرھۇم ئابدۇرەشىت ئىسلامنىڭ 1989 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەكىتتە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت مۇھاكىمە يىغىنىغا ئەۋەتكەن «مەكىت ۋە دولان ھەققىدە تارىخىي مۇھاكىمە» دېگەن ماقالىسى (ئېلان قىلىنمىغان).

④ رەھمان تۆمۈر شاھ: «يەر ناملىرى ھەققىدە دەسلەپكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىزدىنىش» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (تەبىئىي پەن قىسمى) ئۇيغۇرچە، 1984 ـ يىل 1 ـ سان 81 ـ بەت.

⑤ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل 1 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم، 215 ـ بەت.

⑥⑨⑭ راشىدىن: «جامىئۇتتەۋارىخ» سودا نەشرىياتى، 1986 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى (2 ـ قېتىملىق نەشرى) 1 ـ قىسىم 1 ـ كىتاب، 186 ـ بەت؛ 186ـ، 187ـ بەتلەر؛ 190ـ بەت.

⑦ «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» ئەنقەرە، 1997 ـ يىل تۈركچە نەشرى، 25 ـ توم، 153 ـ بەت، «نايمانلار ماددىسى» .

⑧ «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» ئەنقەرە، 1962 ـ يىل تۈركچە نەشرى، 12ـ توم، 56ـ بەت، «چىڭگىزخان ماددىسى» .

⑩ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىل 4 ـ سان.

⑪ نەبىجان مۇھەممەتخان: «قازاق تارىخى تەتقىقاتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىل قازاقچە نەشرى 22 ـ بەت.

⑫ جاقىپ مىرزاقان: «قازاقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى ھەققىدە» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، 1982 ـ يىل 3 ـ سان 73 ـ بەت.

⑬⑯⑲ «قازاقلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 111ـ، 112ـ، 114ـ بەتلەر.

⑮ بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل 6 ـ ئاي، خەنزۇچە نەشرى 37 ـ بەت.

⑰ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1982 ـ يىل 2 ـ سان، 131ـ، 143ـ بەتلەردە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

⑱ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 275 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

⑳ بارتولد: «يەتتە سۇ تارىخى ئوچېركى» ، ئۇيغۇر سايرانى رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغان، 39 ـ بەت.

㉑ فېڭ چېڭجۈن: «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1980 ـ يىل 2 ـ ئاي، خەنزۇچە 2 ـ قېتىملىق نەشرى 94ـ بەت.

㉒ يەن خەيفا: «قاش دەرياسى بويىدىكى دولانلار» ، «شىنجاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلا ئادرېسى

گېزىتى» (خەنزۇچە)، 1991 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى 4 ـ بەت.
㉓ «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىل 10 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى 391ـ بەت.
㉔ دۇەن ليەنچىن: «دىڭلىڭ، گاۋچې ۋە تېلېلار»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىل 6 ـ ئاي، خەنزۇچە نەشرى، 193 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقان ئارىلى www.uyghurkitap.com

# مەكىتنىڭ تۇزۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە ئۇنىڭ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان ۋاقتى توغرىسىدا

مەكىت ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شەرقى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي تەرىپىگە، يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا، تىزناپ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 77°28′ —79°05′ بىلەن، شىمالىي پاراللېل 38°25′ — 39°22′ قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1105 — 1155 مېتىر بولۇپ، شەرقىي تەرىپىدىن چوڭ قۇملۇق ئارقىلىق خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيىسى بىلەن، شەرقىي شىمال تەرىپى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيىسى بىلەن، شىمال تەرىپى يەكەن دەرياسىنى چېگرا قىلىپ مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن، غەربىي تەرىپى پەيلو ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى ئارقىلىق يوپۇرغا ناھىيىسى بىلەن، غەربىي جەنۇبى يەكەن ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي تەرىپى قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئەڭ ئۇزۇن يېرى 160 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئەڭ كەڭ يېرى 136 كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 15200 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق رايونىنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى 1152.89 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ناھىيە زېمىنىنىڭ قالغان 14047.11 كۋادرات كىلومېتىر قىسمى تەكلىماكان قۇملىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن ناھىيە توققۇز يېزا، بىر بازارلىق ھۆكۈمەت، ئۈچ ئورمانچىلىق ـ باغۋەنچىلىك مەيدانى، 137 كەنتكە بۆلۈنگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ناھىيە تەۋەسىدە يەنە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ تۇەن ـ مەيدانلىرى، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ مەكىتتە تۇرۇشلۇق دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتىنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانى بار. ھازىر ناھىيىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 153 مىڭ ئەتراپىدا. تارىخىي ماتېرىياللاردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مەكىت (ھازىر «مەكىت» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان جايلار) خەن سۇلالىسى (غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىلىرى) دەۋرى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 206 ـ يىلدىن مىلادى 220 ـ يىللار)دە ئالدى بىلەن ساكارائۇل بەگلىكىگە، كېيىن غەربىي يۇرتتىكى كۈچلۈك بەگلىكلەردىن بىرى بولغان سۇلې بەگلىكى (ئاستانە ئورنى ھازىرقى قەشقەر شەھىرى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ)گە قارىغان. مىلادى V ئەسىرنىڭ 20 ـ 30 ـ يىللىرى ئېفتالىتلارنىڭ تەسىر كۈچى تارىم ئويمانلىقىغا كىرگەندىن كېيىن، مەكىت ئېفتالىتلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولغان. مىلادى 563 ـ 568 ـ يىللىرى، ئېفتالىتلار تۈركلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، بەگلىكى مۇنقەرز بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەسىرى تارىم ۋادىسىدىن كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، مەكىت تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولغان. مىلادى 583 ـ يىلى، تۈرك خانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەندە، مەكىت غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە بولغان. مىلادى 659 ـ يىلى، تاڭ سۇلالىسى (مىلادى 618 ـ 907 ـ يىللار) غەربىي تۈرك خانلىقىنى مەغلۇپ قىلىپ، سۇلې تۇتۇق مەھكىمىسىنى قۇرغاندا، مەكىت سۇلې تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگەن. مىلادى 670 — 765 ـ يىللاردا، تۈبۈتلەرنىڭ تەسىر دائىرىسى تارىم ۋادىسىغا كىرىپ، تاكى مىلادى IX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زەربىسى بىلەن تارىم ۋادىسىدىن ۋاز كەچكەنگە قەدەر، مەكىت قاتارلىق تارىم

بوستانلىقىدىكى يۇرتلار تۇبۇتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىدە بولغان. بۇ مەزگىلدە، مەكىت ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتكەن. مىلادى 840-يىلى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرلىشى بىلەن، غەربىي يۇرتقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي قىسمى، ئىلى - مىڭبۇلاق (مىڭلاق) ۋادىسى، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى، چۇ دەريا ۋادىسى، ئىسسىقكۆل ئەتراپى ۋە شۇنىڭدەك ماۋرائۇننەھرنىڭ شەرقىدىكى كەڭ رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «خاقانىيە دۆلتى» يەنى قاراخانىيلار خانلىقى (مىلادى 850 — 1212 - يىللار)نى قۇرغاندىن كېيىن، مەكىت قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسى ــ قەشقەرگە تەۋە بولغان. مىلادى 1042 ــ يىلى، قاراخانىيلار خانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي دەپ ئىككى قىسمغا بۆلۈنگەندىن كېيىن، مەكىت شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. مىلادى 1131 - يىلى قۇرۇلغان قاراقىتان خانلىقىنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ تارىم ۋادىسىغا سىڭىپ كىرىشى بىلەن مىلادى 1212 - يىلى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى يىمىرلىپ، مەكىت قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قولىدىن قاراقىتان خانلىقىنىڭ قولىغا ئۆتكەن ھەمدە مىلادى 1218 - يىلى موڭغۇللارنىڭ تەسىرى تارىم ۋادىسىغا كىرگىچە، قاراقىتان خانلىقىنىڭ خانى گورخاننىڭ ھوقۇقىنى ئالداپ تارتىۋالغان نايمان شاھزادىسى كۈچلۈك قەشقەر، يەكەن، مەكىت، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن. موڭغۇللار بۇ رايونغا كىرىپ كۈچلۈك ھاكىمىيىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن، مەكىت موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان ھەمدە چىڭگىزخان مىلادى 1225 - يىلى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەرنى ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەندە، مەكىت چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا سۇيۇرغال قىلىنىپ، تاكى مىلادى 1514 - يىلى يەكەن سەئىدىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خانلىقى قۇرۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا چاغاتاي خانلىقى (مىلادى 1225 ـ 1513 ـ يىللار)نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. يەكەن سەئىدىيە خانلىقى (مىلادى 1514 ـ 1682 ـ يىللار) قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەكىت مىلادى 1682 ـ يىلى جۇڭغار خانلىقى (مىلادى 1640 ـ 1757 ـ يىللار) يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى ئاخىرلاشتۇرغانغا قەدەر، ئاۋۋال يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ، كېيىن جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولغان. مىلادى 1759 ـ يىلى، چىڭ سۇلالىسى (مىلادى 1644 ـ 1911 ـ يىللار) جۇڭغارلارنى تىنچىتىپ، چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ تەسىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن، يەكەندە ئىش بېجىرگۈچى ئامبال ( 办事大臣 ) مەھكىمىسى تەسىس قىلغاندا، مەكىت بارچۇقتىن ئايرىلىپ چىققان 6 ـ دەرىجىلىك ھاكىمبەگنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. مىلادى 1867 ـ يىلى، قوقەنلىك ياقۇپبەگ قەشقەردە «يەتتىشەھەر خانلىقى» (بەدۆلەت ھاكىمىيتى)نى قۇرغاندىن كېيىن، مەكىت ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. مىلادى 1878 ـ يىلى ياقۇپبەگ ھاكىمىيتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى تەۋەسىگە ئۆتۈپ، مىلادى 1884 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ تەسىس قىلىنغاندا، يەكەن، مارالبېشى قاتارلىق جايلارغا قاراشلىق بەگلىك سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. مىلادى 1902 ـ يىلى بارچۇق ئوبلاستى تەسىس قىلىنغاندا، مەكىت سۇلپ مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان. مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (مىلادى 1928 ـ يىلى) مەكىت ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان ھەمدە قەشقەر ۋىلايىتىگە قارىغان. 1943 ـ يىلى يەكەن 10 ـ مەمۇرىي باشلىق مەھكىمىسى ( 莎车第十行政长公署 ) (1944 ـ يىلى يەكەن مەمۇرىي تەپتىش ۋالىي مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەن) قۇرۇلۇپ، مەكىت ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە بولغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەكەن ۋالىي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1956 ــ يىلى 6 ــ ئايدا، يەكەن ۋالىي مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، مەكىت قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن.

نۆۋەتتە، مەكىتنىڭ قايسى يىلى ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغانلىقى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت. بۇ قاراشلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، ئاساسلىق مۇنداق ئىككى خىلغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، «شىنجاڭنىڭ تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى» ۋە «مەكىت ناھىيىسىنىڭ يەر ــ جاي ناملىرىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دېگەن ئەسەرلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «مەكىت مىنگونىڭ 11 ــ يىلى (مىلادى 1922 ــ يىلى) ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان» دېگەن قاراش.

ئىككىنچى، «شىنجاڭ يىلنامىسى» (1986 ــ يىل) بىلەن «مەكىت ناھىيىسىنىڭ تەزكىرىسى»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەكىت مىنگونىڭ 17 ــ يىلى (مىلادى 1928 ــ يىلى) ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان دېگەن قاراش.

تۆۋەندە مەندە گەرچە مەكىت ناھىيىسىنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار ئانچە تولۇق بولمىسىمۇ، قولۇمدا بار ئازغىنا ماتېرىيال ئاساسىدا، مەكىتنىڭ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان ۋاقتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكچىمەن.

«شىنجاڭدىكى بوران ــ چاپقۇن» دېگەن ئەسەرنىڭ 1 ــ جىلد 607 ــ بېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «مىنگونىڭ 11 ــ يىلى 6 ــ ئاينىڭ 26 ــ كۈنى، مەكىت ناھىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغىمۇ رۇخسەت قىلىندى». «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 6 ــ جىلد «نوپۇس ــ يەر بېجى بابى»دا: «مىنگونىڭ 11 ــ يىلى، شىنجاڭنىڭ غەربىي قوماندانى ياڭ زېڭشىن مارالبېشىنىڭ يەكەن دەرياسى (ئەسلى ئەسەردە بۇ نام خەنزۇچە «玉河» دەپ ئېلىنغان. مەن ئۇنى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن «يەكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەرياسى» دەپ ئالدىم)نىڭ جەنۇبىدىكى يەرلىرىنى مەكىت ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىشنى، قاغىلىق، يەكەن قاتارلىق ئىككى ناھىيىنىڭ مەكىتكە يېقىن كەنت ـ مەھەللىلىرىنى مەزكۇر ئورۇن (مەكىت ناھىيىسى)نىڭ باشقۇرۇشىغا بۆلۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى» دېيىلگەن. يەنە شۇ ئەسەرنىڭ 9 ـ جىلد «ئۆلكە، ناھىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇش بابى» دىكى «مەكىت ناھىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىلتىماس قىلىش» دېگەن ئىلتىماسنامىنىڭ ئاخىرىسىغا «شىنجاڭنىڭ ئۆلكە باشلىقى، قوشۇمچە ھەربىي قوماندانى ياڭ زېڭشىن. مىنگونىڭ 11 ـ يىلى 6 ـ ئاي» دەپ يېزىلىپ، تامغا بېسىلغان. مانا بۇ مەكىت ناھىيىسى مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (مىلادى 1922 ـ يىلى) قۇرۇلغان دېگۈچىلەرنىڭ ئاساسى.

ھالبۇكى، «شىنجاڭدىكى بوران ـ چاپقۇن» ۋە «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىكى مەكىت ناھىيىسىنىڭ مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (مىلادى 1922 ـ يىلى) قۇرۇلغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇمات ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە ھەربىي قوماندانى ياڭ زېڭشىن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە يوللىغان مەكىت ناھىيىسىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى ئىلتىماسنامىسىدىكى ۋاقىتنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر مۇنچە مۇجمەل تەرەپلىرى بار. دەرۋەقە، مىنگونىڭ 11 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ياڭ زېڭشىن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى مەمۇرىي پالاتاسى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا ئىلتىماس يوللاپ، مەكىت ناھىيىسىنى قۇرۇشنى تەلەپ قىلغان ھەمدە ئىلتىماسنامىدە مەكىتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، ئاھالىسى، كۆنسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي ئىگىلىكى، ئۇنىڭ باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى ۋە بۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلار، شۇنداقلا ناھىيە قۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى قاتارلىق تەرەپلەر ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

(ئىلتىماسنامىدە دېيىلگەن ناھىيە قۇرۇش تەلىپىنىڭ) بىر لاھىيە ئىكەنلىكى، مەزكۇر مىنىستىرلىكنىڭ تەستىـــقلاپ، تېلېگراممىا بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. بىراق، بۇ بىر ئىلتىماسنامە بولۇپ، ناھىيە قۇرۇش توغرىسىدىكى رەسمىي تەستىقنامە ئەمەس. ئۇنىـــڭ ئۈستىگە، مىنگو ھۆكۈمىتى مەمۇرىي پالاتاسى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى مىنگونىڭ 11 - يىلى 6 _ ئايدا يوللانغان بۇ ئىلتىماسنامىگە رەسمىي تەستىق سالغان بولسا، ئېنىقكى بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي ماتېرىياللار ئىلتىماسنامە بىلەن بىرلىكتە يۇقىرىدىكى ئىككى ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن بولاتتـى. شۇڭا، مەكىت ناھىيىسىنى مىنگونىڭ 11 _ يىلى 6 _ ئايدا قۇرۇلدى، دېيىش كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ. ئەگەر ئىلتىـــماسنامە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا تەستىقلانغان بولسىمۇ، بۇ پەقەت ناھىيە قۇرۇش تەستىقلانغان ۋاقىتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنى ناھىيە قۇرۇلغان ئەمەلىي ۋاقىت دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكـــى، بىرىنچىدىن، پېشقەدەملەرنىڭ ئەسلىشىچە، مىنگونىڭ 17 _ يىلى (مىلادى 1928 - يىلى)دىن ئىلگىرى مەكىتتە مەسلىھەتچى ئىش بېجىرگۈچى ( 县知事 ) ياكى ھاكىم بولغانلىقىنى ئاڭلىمىغان. مىنگونىڭ 17 _ يىلىدىن بۇرۇن مەكىتتىكى دېھقانلارنىڭ يەر بېجى ۋە ھەرخىل باج سېلىقلىرى مارالبېشى ناھىيىســـــكە تاپشۇرۇلغان. خەلقنىڭ ئەرز _ شىكايەت ئىشلىرىمۇ مارالبېشى ناھىيىسى تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنغان. ئىككىنچىـــــدىن، «شىنجاڭدىكى بوران _ چاپقۇن» دېگەن ئەسەرنىڭ 1 _ جىلد 607 _ بېتىدە، «مىنگونىڭ 11 - يىلى 6 _ ئاينىڭ 26 - كۈنى مەكىت ناھىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغىمۇ رۇخسەت قىلىـــــندى» دېيىلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە شۇ ئەسەرنىڭ 616 - بېتىدە مىنگونىڭ 13 _ يىلىدىكى پوسكام ناھىيىسىنىڭ مەسلىھەتچى ئىش بېجىرگۈچىسى ( 县知事 ) نىڭ ئىسمى خاتىرىلەنگەن

بولۇپ، شۇ قاتاردا مىنگونىڭ 11 - يىلى قۇرۇلدى دېيىلىۋاتقان مەكىت ناھىيىسىنىڭ مەسلىھەتچى ئىش بېجىرگۈچىسىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان. ناھىيە قۇرۇلدى دېيىلسىمۇ، ھاكىم قاتارلىق ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ بولماسلىقى، ناھىيە قۇرۇلغان تۇرۇقلۇقمۇ يەنە مارالبېشى ناھىيىسىگە غەللە - پاراق، باج تاپشۇرۇش ھەمدە ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ بېجىرىشىنى چۈشىنىش قىيىن، كىشىنى ئويغا سالىدىغان بىر مەسىلە.

مىنگونىڭ 30 - يىلىدىن 38 - يىلىغىچە بولغان بىر قانچە يىللىق ئارخىپ ماتېرىياللىرىدا، مەكىتنىڭ مىنگونىڭ 17 - يىلى 8 - ئايدا ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. مىنگونىڭ 30 - يىلىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسى مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن مۇھىم ئىشلار مەلۇماتنامىسىدە: «ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈشىمىزچە، مەكىت ناھىيىسى ئەسلى مارالبېشى ناھىيىسىگە قاراشلىق چوڭ بىر كەنت (خەلق بۇنى بەگلىك دەپ ئاتايدۇ) بولۇپ، مىنگونىڭ 17 - يىلى 8 - ئايدا 3 - دەرىجىلىك ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان» دېيىلگەن.

يېقىنقى يىللارغىچە مەكىت ناھىيىلىك ئارخىپ بۆلۈمىدە ساقلىنىپ كەلگەن، شىنجاڭ مالىيە نازارىتى تارقاتقان ئىككى پارچە يەر خېتىدە يەر ئىقلىم سىستېمىسىغا ئائىت مۇنداق ئەھۋال بايان قىلىنغان: «مارالبېشى ناھىيىلىك مۇئامىلىدار مۇسا ئاۋۇت قارىنىڭ چوڭقۇرچاقتىكى بىر مو يېرىنى سېتىۋالدى... جۇڭخۇا مىنگو 17 - يىلى 6 - ئاي» يەنە بىر يەر خېتىدە: «مەكىت ناھىيىلىك مۇئامىلىدار مۇسا ئاۋۇت قارىنىڭ چوڭقۇرچاقتىكى ئىككى مو يېرىنى سېتىۋالدى... جۇڭخۇا مىنگو 20 - يىلى 5 - ئاي» . يۇقىرىدىكى ئىككى پارچە ھۆججەت بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، مىنگونىڭ 17 - يىلى 6 - ئايدىن ئىلگىرى، مەكىت مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مىنگونىڭ 20 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، مەكتەپ ناھىيىسى ئالىلقاچان قۇرۇلۇپ بولغان. چۈنكى، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنـــــــۋاتقان چوڭقۇرچاق دېگەن يەر مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ھازىرقـــى چوڭقۇرچاق يېزىسى بولۇپ، مەكتەپ ناھىيىســـى قۇرۇلغاندا چوڭقۇرچاق مەكتەپ ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلگەن. مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (مىلادى 1936 ـ يىلى) 10 ـ ئايدا يەنە مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن.

دېمەك، مەكتەپ ناھىيىسىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، مەكتەپ ناھـــيىـــــســـى مــــىنگونىڭ 11 ـ يىلى (مىلادى 1922 ـ يىلى) قۇرۇلغان دېگۈچىلەر ئاساس قىلغان «شىنجاڭدىكى بوران ـ چاپقۇن» ۋە «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىســـى» دېگەن ئەسەرلەردە، گەرچە بۇ ھەقتە خېلى تەپسىلىي مەلۇماتلار بولسىمۇ، بىراق ئۇ مەلۇماتلارنىڭ ئەمەلىي ئاساسى كەمچىل بولۇپ، مۇجـــمەل تەرەپلىرى كۆپ. ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋاقىتنى مەكتەپ ناھىيىسى قۇرۇلغان ۋاقىتنىڭ دەل ئۆزى دەپ قوبۇل قىلغاندىن كۆرە، مەكتەپ ناھىيىسىنى قۇرۇشقا ئىلتىماس يوللانغان ۋاقىت دەپ قوبۇل قىلغان ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. بىز مەكتەپ ناھىيىسى مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (مىلادى 1928 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا رەسمىي قۇرۇلغان، دېگەن قاراشنى قوبۇل قىلىمىز. چۈنكى، مەكتەپ ناھىيىسىنىڭ چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسىنى ئىـــشلەش جەريانىدا، بىز يازما ماتېرىيال مەنبەلىرىدىن پىشقەدەم كىشىلەر (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مەكتەپنىڭ يەرلىك تارىخىنى پىششىـــق بىلىدىغان، بۇرۇن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە خىزمەت قىلغان، يېشى 80دىن ئاشقان كىشىلەر)نىڭ ئەسلەپ بېرىشىدىن مەكـــتەپ ناھىيىسىگە مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (مىلادى 1928 ـ يىلى)دىن ئىلگىرى ھاكىم بولغان بىرەر كىشىنىڭ ئىسمىنى تېپىـــشقا ئىمكانىيەت بولمىدى. مىنگونىڭ 17 ـ يىلى مەكتەپ ناھىيىسى

www.uyghurkitap.com

قۇرۇلغاندا، مەكىت ناھىيىسىگە لىۇ فامىلىلىك بىر كىشى تۇنجى ھاكىملىققا تەيىنلەنگەن بولۇپ، ناھىيە قۇرۇلغان دەسلەپكى ۋاقىتتا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تۇرىدىغان ئورۇن بولمىغاچقا، ئۇلار ئابدۇرەھىم كازىم دېگەن كىشىنىڭ قورۇسىنى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىپ تۇرغان. مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (مىلادى 1930 ـ يىلى) جۇباشۇي (جۇيۇلىڭ) دېگەن كىشى مەكىتكە يېڭىدىن ھاكىم بولۇپ كېلىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس سۇنۇش ئارقىلىق، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسى (يامۇل)نى سالدۇرغانىكەن.


## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «شىنجاڭ يىلنامىسى» (1986).

2. «جۇڭگونىڭ تارىخىي خەرىتىلەر توپلىمى»، جۇڭگو خەرىتىلەر نەشرىياتى، خەنزۇچە، 1975 ـ يىلى نەشرى، 2 ـ قىسىم 24ـ 25ـ بەتلەر.

3. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تۈزگەن، 1989 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.

4. ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى.

5. يۈۋېيچىڭ: «شىنجاڭنىڭ تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى.

6. «مەكىت ناھىيىسى يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» خەنزۇچە نەشرى.

7. «مەكىت ناھىيىسىنىڭ تەزكىرىسى» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)

8. «مەكىت ناھىيىسىنىڭ تەزكىرىسى»، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى، 1994 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلى

مەكىت ناھىيىسى 1928 ـ يىلى 8 ـ ئايدا رەسمىي ناھىيە بولۇپ قۇرۇلدى. ناھىيە قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە لىۋ فامىلىلىك بىر كىشى تۇنجى ھاكىملىققا تەيىنلەنگەن بولۇپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قارمىقىدا بىر قانچە بۆلۈم تەسىس قىلىنغان. بۇ بۆلۈملەر ھۆكۈمەت ئورگىنى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى بېجىرگەن:

1. كاتىبات بۆلۈمى: بۇ بۆلۈم يۇقىرى، تۆۋەندىن كەلگەن خەت ـ چەك، ھۆججەت ـ ماتېرىياللارنى بىر تەرەپ قىلغان ۋە ھاكىمغا ۋەكالىتەن ھۆكۈمەتنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى بېجىرگەن.

2. خەلق ئىشلار بۆلۈمى: بۇ بۆلۈم ناھىيىنىڭ خەلق ئىشلىرىغا ئائىت ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندىن باشقا، ئەدلىيە خىزمىتىنىمۇ ئىشلىگەن.

3. مالىيە بۆلۈمى: بۇ بۆلۈم ناھىيىنىڭ غەللە ـ پاراق، ھەرخىل باج يىغىش، يېزا ئىگىلىك، سودا ـ سانائەت قاتارلىق تەرەپلەردىكى خىزمەتلەرنى بېجىرگەن.

4. مائارىپ بۆلۈمى: بۇ بۆلۈم ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان بولۇپ، ئاساسلىقى شۆتاڭ (ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپ)نى باشقۇرغان. بۇ بۆلۈمنىڭ رولى 1930 ـ يىلى جۇباشۈي (جۇ يۈلىڭ) مەكىتكە ھاكىم بولۇپ كېلىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىنى سالدۇرغاندا، بىر سىنىپلىق شۆتاڭ سالدۇرۇپ، 40 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ،

مەكتەپ نامىنى گويۇشۆتاڭ (دۆلەت تىلى مەكتىپى) دەپ ئاتاپ، بارلىق راسخوتىنى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بەرگەندىن كېيىن، ھەقىقىي تۈردە جارىي قىلدۇرۇلغان.

5. ئىسلاھات بۆلۈمى: بۇ بۆلۈم ناھىيىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، ئېتىز - ئېرىق، ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، ئورمان ئەھيا قىلىش، سۇ ئىشلىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى بېجىرگەن.

مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمەت شەكلى — ھاكىمىيەت تۈزۈلۈشىدە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىش بولۇپ تۇرغان. تۆۋەندە، مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىن، ئازادلىقنىڭ ئالدى - كەينى ۋە 80 - يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

*1. شياڭيۈلۈق تۈزۈمى ( 乡约制 )*

مىنگونىڭ 17 - يىلى (مىلادى 1928 - يىلى) مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پۈتۈن ناھىيىگە ئالتە يېزا تەسىس قىلىنىپ، شياڭيۈلۈق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان (يەرلىكتىكى كىشىلەر شياڭيۈنى «بەگ» دەپمۇ ئاتايدۇ). يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ئالتە يېزا تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. چامغۇرلۇق (لايلىق) يېزىسى. بۇ، ھازىرقى چامغۇرلۇق، ھاڭغىتلىق ۋە شېھىتدۆڭ قاتارلىق يېزىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭغا بىر نەپەر شياڭيۈ قويۇلغان.

2. يانتاق يېزىسى. بۇ ھازىرقى يانتاق يېزىسىنىڭ بىر قىسىم كەنت مەھەللىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭغا بىر نەپەر شياڭيۈ قويۇلغان.

3. ئۆيىيۇغداي يېزىسى. بۇ ھازىرقى يانتاق، تۇمەنتال ۋە قۇرما قاتارلىق يېزىلارنىڭ بىر قىسىم كەنت - مەھەللىلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭغا بىر نەپەر شياڭيۇ قويۇلغان.

4. قارا ئۆي يېزىسى. بۇ ھازىرقى يانتاق يېزىسىنىڭ بىر قىسىم كەنت مەھەللىلىرى ۋە بازار جەمئىي، قۇمقىسار يېزىلىرىنىڭ بىر قىسىم كەنت ـ مەھەللىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭغا بىر شياڭيۇ قويۇلغان.

5. قۇمقىسار يېزىسى. بۇ ھازىرقى قۇمقىسار، غاز كۆل يېزىلىرىنىڭ بىر قىسىم كەنت ـ مەھەللىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭغا بىر نەپەر شياڭيۇ قويۇلغان.

6. يۇقىرى ـ تۆۋەن ئاۋات يېزىسى. بۇ ھازىرقى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاۋات يېزىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (بۇ يېزا مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (مىلادى 1936 ـ يىلى) 10 ـ ئايدا مارالبېشى ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلگەن). بۇنىڭغا بىر نەپەر شياڭيۇ قويۇلغان.

### 2. رايون، كەنت تۈزۈمى (区村制)

مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (مىلادى 1938 ـ يىلى) شياڭيۇلۇق تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا رايون، كەنت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. رايوندا رايون باشلىقى، كەنتتە كەنت باشلىقى تەسىس قىلىنغان. پۈتۈن ناھىيە ئۈچ رايون، 31 كەنت، بىر كوچا باشقۇرۇش ئورنىغا ئايرىلغان. بىرىنچى رايون غازكۆل رايونى بولۇپ، 14 كەنتى بولغان. ئىككىنچى رايون يانتاق رايونى بولۇپ، 11 كەنتى بولغان. ئۈچىنچى رايون تۈمەنتال رايونى بولۇپ 11 كەنتى بولغان، كوچا باشقۇرۇش ئورنى «مەكىت بازارلىق كوچا باشقۇرۇش ئورنى» دەپ ئاتىلىپ، بىر مۇدىر ۋە بىر قانچە مۇئاۋىن مۇدىرلار قويۇلغان، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدا بولغان.

### 3. شياڭ، باۋجيا تۈزۈمى (乡保甲制)

مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (مىلادى 1946 ـ يىلى) رايون، كەنت تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، ئورنىغا شياڭ، باۋجيا تۈزۈمى يولغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قويۇلۇپ، پۈتۈن ناھىيىدە ئۈچ يېزا، 35 باۋ، بىر كوچا باشقۇرۇش ئورنى تەسىس قىلىنغان.

بىرىنچى يېزا ـ جيەنشىن ( 建新 ) يېزىسى (بۇ ھازىرقى قىزىل ئاۋات يېزىسى بولۇپ، ئىلگىرى يەكەننىڭ قىزىلچى كەنتى ئىدى. 1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، مەكىتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلگەن) بولۇپ، باشقۇرۇشىدا 14 باۋ بولغان.

ئىككىنچى يېزا ـ ۋېنمىڭ ( 明文 ) يېزىسى (ھازىرقى يانتاق يېزىسى) بولۇپ، باشقۇرۇشىدا 9 باۋ بولغان.

ئۈچىنچى يېزا ـ جېنشىڭ ( 振兴 ) يېزىسى (ھازىرقى تۆمەنتال يېزىسى) بولۇپ، باشقۇرۇشىدا 12 باۋ بولغان.

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدىكى بازارلىق كوچا باشقۇرۇش ئورنى يەنە ئەسلى ھالىتى بويىچە ساقلىنىپ قالغان.

مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (مىلادى 1948 ـ يىلى) بىر بازار، ئىككى يېزا تەسىس قىلىنغان. بۇنىڭدىكى تەيخې ( 太和 ) بازىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا 24 باۋ، 231 جيا، 4913 ئائىلە، 18,114 ئادەم بولغان.

جيەنشىن يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا 20 باۋ، 128 جيا، 4433 ئائىلە، 17,263 ئادەم بولغان.

### *4. رايون، يېزا تۈزۈمى ( 区乡制 )*

1950 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن ناھىيىدە ئۈچ رايون، 24 يېزا، بىر كوچا باشقۇرۇش ئورنى تەسىس قىلىنغان.

بىرىنچى رايوننىڭ باشقۇرۇشىدا ئورداكۆل يېزىسى، قوش ئېقىن يېزىسى، ھاڭغىتلىق يېزىسى، چامغۇرلۇق يېزىسى، بازار جەمئىي يېزىسى، تاۋا كېسىلى يېزىسى، بېلىقچى يېزىسى، ئۈۋكا يېزىسى، يېڭى مەھەللە يېزىسى، بازار يېزىسى، بازارلىق خەلق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كوچا ئىش باشقۇرۇش ئورنى بولغان.
ئىككىنچى رايوننىڭ باشقۇرۇشىدا قىزىلئاۋات يېزىسى، لايداك يېزىسى، قۇمۇش مەھەللە يېزىسى، قۇمقسار يېزىسى، پاختەكلىك يېزىسى، غاز كۆل يېزىسى، خانكۆل يېزىسى بولغان.
ئۈچىنچى رايوننىڭ باشقۇرۇشىدا يانتاق يېزىسى، ئويبوغداي يېزىسى، ئاقتىكەن يېزىسى، تۆگىدۆك يېزىسى، تۇمەنتال يېزىسى، شىقدۆك قاتارلىقلار بولغان.
1951 ــ يىلى پۈتۈن ناھىيە بەش رايون، 31 يېزا، بىر بازارلىق خەلق كوچا باشقۇرۇش ئورنىغا ئايرىلغان.
1953 ــ يىلى پۈتۈن ناھىيە يەنە يەتتە رايون، 34 يېزا، بىر رايون باشقۇرۇشىدىكى يېزا دەرىجىلىك بازارلىق خەلق كومىتېتىغا ئايرىلغان بولۇپ، بىرىنچى رايون (چېڭگۇەن «城关» رايونى) باشقۇرۇشىدا يەتتە يېزا، بىر بازارلىق خەلق كومىتېتى، 32 تەبىئىي كەنت بولغان.
ئىككىنچى رايون (ھاڭغىتلىق رايونى) باشقۇرۇشىدا تۆت يېزا، 16 كەنت بولغان.
ئۈچىنچى رايون (يانتاق رايونى) باشقۇرۇشىدا بەش يېزا، 22 كەنت بولغان.
تۆتىنچى رايون (تۇمەنتال رايونى) باشقۇرۇشىدا بەش يېزا، 22 كەنت بولغان.
بەشىنچى رايون (غاز كۆل رايونى) باشقۇرۇشىدا تۆت يېزا، 23 كەنت بولغان.
ئالتىنچى رايون (قىزىلئاۋات رايونى) باشقۇرۇشىدا بەش يېزا، ئالتە كەنت بولغان.
يەتتىنچى رايون (قۇمقسار رايونى) باشقۇرۇشىدا ئۈچ يېزا، سەككىز كەنت بولغان (1955 ــ يىلى 7 ــ رايون تارقىتىۋېتىلىپ، بىرىنچى رايونغا تۆت كەنت، 5 ــ رايونغا تۆت كەنت قوشۇپ بېرىلگەن).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## ٥. خەلق گۇڭشېسى تۈزۈمى (人民公社制)

1958 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ھەرقايسى رايونلاردا خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلۇپ، بىرىنچى رايوننىڭ نامى خوجيەن (火箭) گۇڭشې دەپ ئاتالغان (بۇ نام 1967 ـ يىلى دۇڭفاڭخۇڭ (东方红) گۇڭشېسى بولۇپ ئۆزگەرگەن)؛ ئىككىنچى رايون دۇڭفېڭ (东风) گۇڭشېسى دەپ ئاتالغان؛ ئۈچىنچى رايون خۇڭچى (红旗) گۇڭشېسى، دەپ ئاتالغان؛ تۆتىنچى رايون خۇڭگۇاڭ (红光) گۇڭشېسى، دەپ ئاتالغان. بەشىنچى رايون، ۋېيشىڭ (卫星) گۇڭشېسى، دەپ ئاتالغان. ئالتىنچى رايون جەندۇ (战斗) گۇڭشېسى، دەپ ئاتالغان.

ھەرقايسى گۇڭشېلار يەنە رەت تەرتىپى بويىچە 1-، 2-، 3-، 4-، 5-، 6- گۇڭشې دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىپ كەلگەن. بازارلىق خەلق كومىتېتى شەھەر ـ بازارلىق باشقۇرۇش رايونى (城镇管理区) دەپ ئۆزگەرتىلىپ، خوجيەن گۇڭشېسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، ئەسلىدىكى رايون باشقۇرۇشىدىكى يېزىلارنىڭ ھەممىسى باشقۇرۇش رايونى (管理区) قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن.

1962 ـ يىلى بىرىنچى يېزىنىڭ تۆت كەنتى، بەشىنچى يېزىنىڭ تۆت كەنتى ئايرىلىپ، شياڭياڭ (向阳) گۇڭشې قۇرۇلۇپ، يەتتىنچى گۇڭشې دەپ ئاتالغان.

1960 ـ يىلى، خوجيەن گۇڭشېسىنىڭ شەھەر ـ بازارلىق باشقۇرۇش رايونى شەھەر ـ بازارلىق خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا، پۈتۈن ناھىيە بويىچە سەككىز خەلق گۇڭشېسى بارلىققا كەلگەن.

1978 ـ يىلى، ھەر قايسى خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ناملىرى يەرلىك خەلقنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن بۇرۇنقى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ھەرقايسى گۇڭشېلار تەرتىپ بويىچە بازار جەمئىي گۇڭشې، يېڭىئاۋات گۇڭشې، يانتاق گۇڭشې، تۈمەنتال

گۇڭشې، غازكۆل گۇڭشې، قىزىلئاۋات گۇڭشى، قۇمقىسار گۇڭشې، شەھەر - بازار خەلق گۇڭشېسى بولسا مەكتەت بازىرى دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان.

*6. يېزا (بازار) كەنت تۈزۈمى ( 乡، 镇، 村制 )*

1984 - يىلى، ھەرقايسى گۇڭشېلار «يېزا» دەپ ئۆزگەرتىلدى. يېزىلار باشقۇرۇشىدىكى كەنتلەردە كەنت كومىتېتى تەسىس قىلىندى، يېزىلار بۇرۇنقى نامى بىلەن ئاتالدى.

يېڭى ئاۋات گۇڭشې يەكەن دەرياسىنى چېگرا قىلىپ، دەريانىڭ غەربى شېھىتدۆڭ يېزىسى، دەريانىڭ شەرقى ھاڭغىتلىق يېزىسى، دەپ ئايرىلدى.

1988 - يىلى، تۇمەنتال يېزىسى ئىككىگە بۆلۈنۈپ، يېڭىدىن قۇرما يېزىسى قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ناھىيىدە توققۇز يېزا، بىر بازار، ئالتە ئاھالىلەر كومىتېتى، 137 كەنت كومىتېتى، 209 تەبىئىي كەنت ۋە 520 مەھەللىۋى گۇرۇپپا بارلىققا كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 30 ـ يىللار چوڭ داۋالغۇش
# مەزگىلىدىكى مەكىت

1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، 1933 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا پارتلىغان تۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ بىۋاستە تەسىرى بىلەن، كۇچادا تۆمۈر ئىبلى (تۆمۈر سىجاڭ) باشچىلىقىدا بارلىققا كەلگەن قوراللىق كۈچلەر ناھايىتى تېزلا جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈزلىنىپ، كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قەشقەرگە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان قەشقەر ئامبىلى ما دوتەي ھەربىي قوماندان ياڭ تۆەنجاڭ (ياڭ چىڭمىن)نىڭ باشچىلىقىدا بىر بۆلەك ئەسكەرنى مارالبېشى تۇمشۇقتا تۆمۈر سىجاڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇشقا ئەۋەتىدۇ. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بىر ئايدىن ئارتۇقراق ئۇرۇش بولغاندىن كېيىن، ياڭ تۆەنجاڭ قىسىملىرى بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاۋۋال مارالبېشىغا، كېيىن مارالبېشىنىڭ غەربىي جەنۇبىي بىلەن يەكەن دەرياسىنى بويلاپ قەشقەرگە چېكىنىشكە باشلايدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا، مەكىتتە «قۇمۇل ـ تۇرپانلاردىن غوجاملار ئىسلام ئاچقىلى كېلىشىۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر كەڭ تارقىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، خەلق نوپۇزلۇق يۇرت چوڭلىرىدىن تۆرىخان غوجام باشچىلىقىدا قوزغىلىپ، ئاۋۋال ناھىيە بازىرىدىكى گۆرەكەش خەنزۇلارنىڭ گۆرەخانىلىرىنى بۇلاپ، داڭزىلىرى (ئالدى ـ بەردىنى تىزىملايدىغان دەپتىرى)نى كۆيدۈرىدۇ. ئۇلار يەنە «قۇمۇل ـ تۇرپانلاردىن كەلگەن غوجاملار تۇمشۇقتا كۇپپار (دىنسىز)لار بىلەن ئۇرۇشۇۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، قوللىرىغا يەرلىك ئوۋ مىلتىقى، قىلىچ، نەيزە، چوماق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ «غوجاملارنىڭ ئالدىغا بارىمىز» دېيىشىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەخمىنەن 3 ـ 4 مىڭ كىشى يۈسۈپ خان غوجام، سايىم بەگ قاتارلىق يۇرت چوڭلىرىنىڭ باشلىشى بىلەن مارالبېشىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلار ئوقالىق (مارالبېشى تەۋەسى) دېگەن جايغا كەلگەندە، تۇمشۇقتىن چېكىنىپ ماڭغان ياڭ تۈەنجاڭ قىسىملىرىغا يولۇقىدۇ ۋە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش باشلىنىدۇ. ياڭ تۈەنجاڭنىڭ زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان قوشۇنى ئاددىي يەرلىك قوراللار بىلەن قوراللانغان خەلقنى ئېغىر پىلىموت بىلەن ئوققا تۇتىدۇ. لېكىن، خەلق بىرى يىقىلسا بىرى ئېتىلىپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، سايىم بەگ ئوۋ مىلتىقى بىلەن پىلىموتچىنى ئېتىۋېتىدۇ. خەلق شۇئان ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، «دوست، دوست» دېيىشىپ، ئاتلىق ۋە پىيادە دۈشمەنگە ئېتىلىدۇ. نەتىجىدە ياڭ تۈەنجاڭ قوشۇنى بەرداشلىق بېرەلمەي قاچىدۇ. شۇ مالىمانچىلىقتا سايىم بەگ بىلەن نۇرغۇن كىشى ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. ئۇلار مەكىتكە قايتۇرۇپ كېلىنىپ چوڭ داغدۇغا بىلەن يەرلىككە قويۇلىدۇ. ئۇرۇش جەريانىدا ياڭ تۈەنجاڭ قىسىملىرىدىن خېلى كۆپ قورال ئولجا ئېلىنغانلىقتىن، زامانىۋى ۋە يەرلىك قوراللار بىلەن قوراللانغان بىرقوشۇنمۇ بارلىققا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئادەم سانى 200 ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، يۈسۈپخان غوجام تۈەنجاڭ بولىدۇ.

1934 ـ يىلى، ماجۇڭيىڭ شېڭ شىسەي بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، ئۈرۈمچىدىن چېكىنىپ جەنۇبقا يۈزلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، خوجىنىياز ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ ئىتتىپاقى ئاللىقاچان بۇزۇلۇپ، ئۇلارمۇ ئۆزئارا ئۇرۇشۇش ھالىتىگە كېلىپ قالغانىدى. شۇڭا، ما جۇڭيىڭنىڭ بۇ قېتىمقى چېكىنىشى، قارىماققا خوجىنىياز ھاجىنى ما جۇڭيىڭ قوغلاۋاتقان، ما جۇڭيىڭنى شېڭ شىسەي قوغلاۋاتقاندەك ھالەتتە ئىدى. شۇ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، خوجىنىياز ھاجى قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ. لېكىن، ئۇ قەشقەرگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مافۇيۇەن قىسىملىرىنىڭ قەشقەرگە قىلغان ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالماي، يېڭىسار، يەكەن قاتارلىق جايلارغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئەسلىدە قەشقەر يېڭىشەھەر مۇھاسىرىسىدە قامىلىپ قالغان ماجەنساڭمۇ قەشقەرگە كېلىپلا ھەدەپ خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا باشلىغانىدى. خوجىنىياز ھاجى ۋە مامۇت سىجاڭلار مەكىتكە كېلىپ تۇرۇشىغا، ماجەنساڭمۇ قوشۇنىنى باشلاپ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن ۋە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا يەكەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقى بويىدىكى يا خۇمدان دېگەن يەردە قاتتىق ئۇرۇش بولغانىدى. خوجىنىياز ھاجى يېڭىلىپ، مارالبېشى ئارقىلىق ئاقسۇغا كېتىدۇ. مەكىت بولسا ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى ئىچىدە قالىدۇ. ماجەنساڭ قوشۇنلىرى يەرلىك ئاممىنى بۇلاپ ۋە ئاياغ - ئاستى قىلىپ، مىنىشكە يارايدىغانلىكى ئات ۋە ئەسكەرلىككە يارايدىغانلىكى ئەرلەرنى ئېلىپ كېتىدۇ.

1934 - يىلى، ما جۇڭيىڭ ئەركەشتام ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قوشۇنى ما خۇسەنىنىڭ باشچىلىقىدا خوتەنگە بېرىپ ئورۇنلىشىدۇ. خوجىنىياز ھاجى مەكىت ئارقىلىق ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىپ ئۈرۈمچىگە قايتىدۇ. مامۇت سىجاڭ بولسا، جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىپ، قەشقەرگە ئورۇنلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭدا نىسبىي تىنچ ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ.

1937 - يىلى، مامۇت سىجاڭنىڭ ۋەزىيەتنىڭ بېسىمى ئاستىدا لاداخ ئارقىلىق ھىندىستانغا چىقىپ كېتىشى شىنجاڭنىڭ جۇملىدىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە يەنە بىر قېتىم چوڭ داۋالغۇش پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى، مامۇت سىجاڭ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئابدۇنىياز سىجاڭ بولىدۇ. ئۇ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بېقىنماي، يەكەندە ئۆز ئالدىغا ئىش ئېلىپ باردى. بۇ ۋاقىتتا يەكەن، پوسكام، مەكىت قاتارلىق جايلار شۇنىڭغا قاراشلىق ئىدى. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئابدۇنىياز سىجاڭ خوتەندىكى ما خۇسەن بىلەن شېڭ شىسەيگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئاۋۋال قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى، ئاندىن شېڭ شىسەي قوشۇنلىرىنى كۇچاغىچە قىستاپ باردى.

ئەمما، شېڭ شىسەينىڭ زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان قىسىملارنى كۆپلەپ يۆتكەپ كېلىشى ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋەتىلگەن «ئالتايىسكى» ناملىق رۇس قىسىملىرىنىڭ بىرلىكتە باستۇرۇپ كېلىشى بىلەن، ئابدۇنىياز سىجاڭ قىسىملىرى يېڭىلىپ، يەكەن دەرياسىنى بويلاپ غەربكە چېكىنىپ، مەكىتكە چېكىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، مەكىت ئابدۇنىياز سىجاڭ بىلەن ما خۇسەن «ئىتتىپاقى»نىڭ ئاقسۇغا يۈرۈش باشلىغان چاغدىكى ئارقا سەپ ھەربىي بازىسى بولۇپ قالدى. بۇ يەرگە ئاساسەن تۇڭگان قوشۇنلىرى ئورۇنلىشىپ، مەكىت ۋەزىيىتىنى قالايمىقانلاشتۇرىۋېتىدۇ. ئابدۇنىياز سىجاڭمۇ مەكىتكە كېلىپ ئۇزاق تۇرالمايدۇ. چۈنكى، شېڭ شىسەينىڭ تەلىپى بويىچە، سوۋېت ھۆكۈمىتى تورغات ئارقىلىق كىرگۈزگەن قوشۇننىڭ ئاتلىق قىسىملىرى مارالبېشى ئارقىلىق ئابدۇنىياز سىجاڭنى قوغلاپ مەكىتكە كېلىدۇ. كېيىن يەنە يەكەن ئارقىلىق تاغقا قىسىملىرىمۇ مەكىتكە كېلىدۇ.

رۇس ۋە قىرغىزلاردىن تەشكىللەنگەن سوۋېت قوشۇنى مەكىتكە شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا كېلىپ ئورۇنلىشىپ، 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە تۇرىدۇ. ئۇلار ئىككى پولك بولۇپ، رۇس پولكى ئوغۇللار مەكتىپى (ھازىرقى تۆرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ ئورنى)گە ئورۇنلىشىدۇ. ئۇلاردا زامانىۋى قوراللاردىن بەش دانە برونىۋىك، 20 نەچچە زەمبىرەك، 30 غا يېقىن ئېغىر پىلىموت بېكىتىلگەن تاچانكا ھارۋىسى بار ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سوۋېت قوشۇنى بۇ جايدا تۇرۇش جەريانىدا، تۇڭگانلار توپلىغان بېدە، ئوتۇن قاتارلىقلار ئۇلار ئۈچۈن مول تەمىنات مەنبەسى بولىدۇ. ئۇلار ئابدۇنىياز سىجاڭ ۋە ما خۇسەن قوشۇنلىرىدىن تارتىۋالغان ھەر خىل قوراللارنى بۇزۇپ كېرەكسىز تۆمۈرگە ئايلاندۇرۇپ، يەرلىك تۆمۈرچىلەرگە سېتىپ پۇل توپلايدۇ؛ تىزناپ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ سازلىقتا ئايرودروم ياساپ، ھەربىي ئايروپىلانلىرىنى ئىشقا سېلىپ تۇرىدۇ؛ 40 قا يېقىن بەگ، ئاخۇن ۋە يۇرت چوڭلىرىنى قولغا ئېلىپ، شېڭ شىسەيگە تاپشۇرۇپ پۇل ئۈندۈرىدۇ. شۇنداقلا ئۇرۇش جەريانىدا ئولجا ئالغان 2 ــ 3 يۈزگە يېقىن ياخشى ئاتنى ئېلىپ كېتىدۇ.

1937 ــ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ئابدۇنىياز سىجاڭ ۋە ماخۇسەنلەرنىڭ تىنجىتىلىشى بىلەن ۋەزىيەتتىكى داۋالغۇش پەسىيىپ، شېڭ شىسەينىڭ سىياسىي ھېساب ئېلىشى باشلاندى. ئابدۇنىياز سىجاڭ، ما خۇسەنلەرنىڭ شېڭ شىسەيگە قارشى كۈرشى مەكىت خەلقىنىڭ ۋە شۇ ۋاقىتتىكى مەكىت ھاكىملىرىنىڭ (ئىككى ھاكىم ئۆتكەن) قوللىشىغا، قىزغىن ياردەم بېرىشىگە ئېرىشكەنىدى. ۋەقە جىمىققاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي مەكىت خەلقىدىن ھېساب ئېلىپ، 1938 - يىلى 2 ــ ئاينىڭ 10 ــ كۈنى ئىككى ھاكىم باشلىق 72 كىشىنى تۇتۇپ، ھېمىتنىڭ سېپىدا توك سوقتۇرۇش يولى بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ پاجىئەلىك ۋەقە خەلقنىڭ يادىدىن مەڭگۈ كۆتۈرۈلمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# چەتئەل سەيياھلىرىنىڭ مەكتىتىكى ئېكسپېدىتسىيىسى

دۇنياغا مەشھۇر قەدىمكى «يىپەك يولى» نىڭ ئېچىلىشى تارىم ئويمانلىقىدىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ قەدىمىي بوستانلىقلارنىڭ بىرى بولغان قەشقەر بوستانلىقىنى شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان قاتناش تۈگۈنىگە ئايلاندۇردى. بولۇپمۇ تارىم ۋادىسى — تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئاستىغا كۆمۈلگەن قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆپلەپ بايقىلىشى ھەم پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىشى، چەتئەل ئارخېئولوگ، كارتىگوراف ۋە سەيياھلىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، چەتئەل سەيياھ، ئارخېئولوگلىرىنىڭ تارىم ۋادىسىدا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، ساياھىتىدە قەشقەر ئۇلارنىڭ مەركىزى نۇقتىسى، مەكىت ئۇلارنىڭ تەكلىماكانغا كىرىشتىكى باش بېكىتى بولۇپ قالغان.

1893 - يىلى شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن مەرغىلان ۋە پامىر ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىدۇ ۋە ئەينى چاغدىكى چارروسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى پترووۋسكىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ. ئۇ قەشقەردىن كىچىك بىر كارۋانلار ئەترىتى تەشكىللەپ، يەرلىك كىشىلەرنىڭ يول باشلىشى بىلەن قاراكۆل ۋە قەشقەر ئەتراپىدىكى جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بىر تەرەپتىن ئەھۋال ئىگىلەيدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن شارائىتقا ماسلىششنى ئۆگىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر يىلدىن ئارتۇق تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق 1895 - يىلى ئەتىيازدا رەسمىي تۈردىكى تەكشۈرۈشنى باشلاپ، قەشقەر، يەكەن ئارلىقىدا پائالىيەت قىلىدۇ، يەنى شۇ يىلى 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئۇ

قەشقەردىن چىقىپ مەكىتكە كېلىدۇ. ئۇنىڭ كارۋان ئەترىتى مەكىتتىن تۆگە ۋە تەكلىماكاندا بىر ئاي يول يۈرۈشكە يەتكۈدەك ئوزۇقلۇق، نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىپ پۇختا تەييارلىق كۆرىدۇ ۋە 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۇلار سەككىز تۆگە، ئىككى ئاپشاركا، ئۈچ قوي، ئون مېكيان ۋە بىر خورازنى ئېلىپ تەكلىماكانغا كىرىدىغان سەپەرنى باشلايدۇ. بىراق، جۇغراپىيىلىك مۇھىت مۇرەككەپ، تەبىئىي شارائىتقا بولغان چۈشەنچە چوڭقۇر بولمىغاچقا، بۇ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئوڭۇشلۇق بولماي، ئۇ بارلىق ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئامالسىز قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ ۋە يېڭىدىن ئەسۋاب ـ ئۈسكىنە ئەكەلدۈرۈپ، 1895 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، يەكەن، خوتەن ئارقىلىق كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ، تەكلىماكانغا كىرىدۇ، بۇ نۆۋەت ئۇنىڭ سەپىرى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

1899 ـ يىلى، سۋېن ھېدىن 2 ـ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىنى باشلايدۇ. بۇ نۆۋەت ئۇ ئىلگىرىكىدىن ئىلغارراق بولغان ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ، ئوش ئارقىلىق يەنە كونا يول بىلەن قەشقەرگە كېلىدۇ ۋە ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ماكارتنېينىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ. بۇ نۆۋەت ئۇ كېمە ئارقىلىق تارىم دەرياسىنى بويلاپ لوپنۇر كۆلىگە بارماقچى بولۇپ، كېمە سېتىۋالىدۇ. ئۇ بۇ سەپىرىدە ئاۋۋال مەكىت ناھىيىسىگە كېلىپ تەييارلىق كۆرىدۇ ۋە يەكەن دەرياسى بويىدىكى لوپلۇق (غاز كۆل يېزىسى تەۋەسىدە) دېگەن جايدىن يولغا چىقىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ كېمە بىلەن قىلغان سەپىرىگە ناھايىتى كۆپ ۋاقىت كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ نۆۋەت ئۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆز نىشانىغا يېتىپ بېرىپ، تارىم دەرياسىنىڭ خەرىتىسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن سىزىپ چىقىدۇ. لوپنۇر كۆلى بويىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىۋالىدۇ. ئەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇھىمى ئۇ بۇ قېتىمقى سەپىرىدە ئۆمرىدىكى ئەڭ چوڭ شان - شەرەپكە ئېرىشىدۇ، يەنى ئۇ دۇنياغا مەشھۇر بولغان كىرووران قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى تاپىدۇ. ئۇنىڭ بۇ غەلىبىسى يالغۇز ئۆزى ۋە ئۇنىڭ بىۋاستە ئالاقىدار كىشىلىرى، ئىش - پائالىيەتلىرىنىڭ نامىنى چىقىرىپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ غەلىبىسىگە، پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان «مەكىت» دېگەن يۇرت نامىمۇ شۇندىن باشلاپ دۇنيادا شەرەپ بىلەن تىلغا ئېلىنغان ۋە مەشھۇر قامۇسلاردىن ئورۇن ئالغان.

1906 - يىلى 4 - ئايدا، ئاۋرېل ستەيىن (ئەسلى ۋېنگرىيىلىك، كېيىن ئەنگلىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەن) شىنجاڭغا قىلغان 2 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىنى باشلاپ، ھىندىقۇش تېغى ئارقىلىق پامىردىن ئۆتۈپ قەشقەرگە كېلىدۇ. 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قەشقەردىن خوتەنگە بېرىپ، خوتەن، نىيا، لوپنۇر كۆلى، دۇنخۇاڭ، تۇرپان، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلارنى تەكشۈرۈپ، قايتاشىدا مەكىت ئارقىلىق يەكەنگە كېلىدۇ ۋە يەكەندە توختاپ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ، بىر تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرىنى يىغىۋالىدۇ.

1913 - يىلى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، ستەيىن3 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىنى باشلاپ، ماسپىردىن تاشقورغانغا چۈشۈپ، 9 - ئايدا قەشقەرگە كېلىدۇ ھەمدە 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قەشقەردىن يولغا چىقىپ، مەكىت ئارقىلىق مارالبېشىغا بارىدۇ. مارالبېشىدىن مازار تاغ (مەكىت ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە، ئېيتىلىشىچە ئىلگىرى مەكىت چېگرىسىدا ئىكەن) ئەتراپىغا كېلىپ، بۇ جايدىن نۇرغۇن كىچىك شەھەر خارابىلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقان ۋە يېڭى تاش - قورال دەۋرىگە مەنسۇپ (بۇنىڭدىن 6 مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ) ئوقيا ئۇچىنى بايقىغان.

1908 - يىلى 12 - ئايدا، ئەنگلىيە ئالىمى دوس

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
www.uyghurkitap.com

ھىندىستاندا ستەينگە ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ماكارتنېي يىغىۋالغان يەكەن يازما يادىكارلىقلىرى (بۇ يازما يادىكارلىقلار ئەسلىي ھازىرقى مەكىت ناھىيىسى قىزىلئاۋات يېزىسى قىزىلجى كەنتى تەۋەسىدىن تېپىلغان، لېكىن يادىكارلىق تېپىلغان ئەينى ۋاقىتتا بۇ جاي يەكەنگە قارانغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان)نىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى كۆرسەتكەن ھەم تېپىلغان جاي ھەققىدە يېپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىگەن. ستەين 1913 - يىلىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان 3 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىنى باشلىغاندا، يەكەن ئارقىلىق يەكەننىڭ شەرقىدىكى تىزناپ دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى باغجىگدە (ھازىرقى باياۋات بازىرى) كەنتىدىكى ئىبراھىم ئىسىملىك دېھقاننىڭ باشلىشى بىلەن ھازىرقى مەكىت ناھىيىسى قىزىلئاۋات يېزىسى قىزىلجى كەنتىگە كەلگەن ھەمدە كەنتنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر قۇم بارخان يېنىدىكى قەدىمىي دەرەخ ئاستىدىن يۇقىرقى يازما يادىكارلىقنىڭ تېپىلغانلىقىنى بىلگەن. ئەمما، ئۇ بۇ يەردىن ھېچقانداق قەدىمىي ئىزنى بايقىمىغان. پەقەت شىمالدىن تەخمىنەن ئىككى ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايدا قەدىمكى ئولتۇراق جاي ئىزى، تېرىلغۇ يەر ۋە سۇغۇرۇش سىستېمىسىنى بايقاپ، ئۇنى بىر قەدىمكى كەنت ئىزى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىغان.

شۇنداق قىلىپ، مەكىت چەتئەل ۋە ئېلىمىز سەيياھلىرىنىڭ ھەر خىل كەسپىي قېزىش ۋە ئىزدىنىش، شەخسىي مۇددىئا بىلەن تەكلىماكانغا قىلغان ئېكسپېدىتسىيىسىنىڭ كىرىش ئېغىزى بولۇپ قالغان، شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئەسىر (XX ئەسىر) ئىچىدە مەكىتتىكى قۇمقسار يېزا قارا توغراق دېگەن جاي ئارقىلىق تەكلىماكانغا كىرگەن ۋە ئېكسپېدىتسىيە ئېلىپ بارغان كىشىلەر كۈندىن - كۈنگە كۆپەيگەن ھەمدە ئۇلار زاماننىڭ تەرەققىياتىغا ماس ھالدا ئىلغار ئۈسكۈنىلەر بىلەن قوراللىنىپ، ئىنتايىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىخەتەر ھالدا ئۆز پائالىيىتىنى ئېلىپ بارىدىغان بولغان، ئۇلاردىن 1908 ـ يىلى ياپونىيىلىك تاچىبانا زىيچو باشچىلىقىدىكى ئوتانى كوزوئى تەكشۈرۈش ئەترىتى؛ 1929 ـ يىلى ئېلىمىز ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى باشلىغان تەكشۈرۈش ئۆمىكى؛ 1987 ـ يىلى فرانسىيىنىڭ تەكلىماكاننى تەكشۈرۈش ئۆمىكى؛ 1993 ـ يىلى ئەنگلىيىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى؛ 1994 ـ يىلى ئېلىمىزنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى؛ 1999 ـ يىلى گېرمانىيىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مۇشۇ ئېغىز ئارقىلىق تەكلىماكانغا كىردى ۋە ئۆزىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدى. مەكىت — قۇمقسار قارا توغراق دۇنياغا تونۇلغان مەشھۇر جايغا ئايلاندى.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ئۇيغۇرچە، 1992 ـ يىلى 2 ـ سان، 1994 ـ يىلى 1 ـ 2 ـ سان.

② «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار» ئۇيغۇرچە نەشرى.

③ «شىنجاڭنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش تارىخى»، 1976 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى.

④ ۋېي چاڭخۇڭ، خې خەنمىڭ «چەتئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ساياھەت خاتىرىسى» 1994 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى.

⑤ سۋېن ھېدىن «مەركىزىي ئاسىياغا ساياھەت خاتىرىسى» خەنزۇچە نەشرى.

⑥ خانداتورو «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑦ لىن جىسۇن «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» 1995 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مەكىت ناھىيىسىدىكى قىسمەن يەر ناملىرى توغرىسىدا

بىرگە مەلۇمكى، يەر ناملىرى شۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، تەبىئىي شەرت ـ شارائىت ئالاھىدىلىكى، كان بايلىقلىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، شۇ جايدا ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر، قەھرىمانلارنىڭ نامى، شۇ ئورۇننى بويسۇندۇرغۇچى، بايقىغۇچىلارنىڭ نامى، يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ھادىسىلەر... قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن قويۇلغان بولۇپ، ئۇ ئادەتتە جۇغراپىيىلىك شەرت ـ شارائىت ئەكس ئەتكەن ئىسىملار ۋە تارىخىي شەرت ـ شارائىت ئەكس ئەتكەن ئىسىملار، دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بۇ ئىسىملار يەنە ئۆز نۆۋىتىدە تارىخىي تەرەققىيات، خانلىقلارنىڭ ئالمىشىشى، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى، پائالىيىتى، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ۋە مەدەنىي ھاياتى قاتارلىق تۈرلۈك تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ۋىلايىتىمىزنىڭ مەكىت ناھىيىسىدىكى بەزى يەر ناملىرىمۇ يۇقىرىقىدەك يوسۇندا پەيدا بولغان ۋە كېيىنچە بەزى ئۆزگىرىشلەرنى ياسىغان.

## «قارائۆي» دېگەن نام توغرىسىدا

ئىلگىرى بۇ جايدىكى ئىپتىدائىي توغراقلىقتا ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ دولان قەبىلىسى، دائىم دېگۈدەك جاڭگالدىكى قويۇق ئۆسكەن دەرەخلىقلەر ئىچىدىكى يىلپىز، يولۋاس، بۆرە قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، كۆپ ئاۋارىچىلىقلارغا يولۇققاتتىكەن. كېيىنچە ئۇلار يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش چارىسىنى تېپىپ، جاڭگالنىڭ يۇرتقا يېقىن تەرىپىگە بىر قاراۋۇل ئۆيى ياساپ، نۆۋەت بىلەن كۆزەتچىلىك قىلغان ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ ئارقىلىق يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن خېلىلا قۇتۇلغان. شۇڭا، كىشىلەر بۇ ئۆينى ئۇلۇغلاپ «قارا ئۆي» دەپ ئاتاشقان ۋە شۇ كەنتنىڭ نامىمۇ «قارائۆي» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە ئومۇملىشىپ كەتكەن («ئامىۋى مەدەنىيەت» ژۇرنىلىنىڭ 1980 ـ يىل 5 ـ سانى).

**«ئارالاڭقا» ۋە «بۇلۇڭلاڭقا» دېگەن نام توغرىسىدا**

بۇ يۇرت (مەكىت) قويۇق ئۆسكەن ئېپىندائىي توغراقلىققا يېقىن بولۇپ، جاڭگاللىقتىكى يىرتقۇچ ھايۋانلار يۇرت خەلقىگە داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتىكەن. بۇنىڭدىن جاق تويغان خەلق جاڭگال بىلەن يۇرت ئارىسىنى لاڭقا («ياغاچ توسما» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) بىلەن توسۇپ، مال ـ چارۋىلىرىنى قوغدىغان. لاڭقا بېكىتىلگەن جاينىڭ جاڭگال بىلەن يۇرت ئارىلىقىدىكى مۇساپىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا توغرا كەلگەن قىسمى كىشىلەر تەرىپىدىن «ئارالاڭقا»، جاڭگالغا يېقىنراق بولغان بۇلۇڭ قىسمى «بۇلۇڭلاڭقا» دەپ ئاتالغان. كېيىنچە بۇ شۇ جايلارنىڭ نامى بولۇپ ئومۇملىشىپ كەتكەن («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 107 ـ بەت).

**«شېھىتدۆڭ» دېگەن نام توغرىسىدا**

مىلادى 1533 ـ يىللىرى، مەخدۇم ئەزەم مۇرتلىرى بىلەن خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئىشان مۇرتلىرى ئوتتۇرىسىدا مەزھەپ كۈرىشى يۈز بېرىپ، ئاخۇنلۇق (ھازىر پەيزىۋات تەۋەسىدە)، تېرەك لەڭگەر (ھازىرقى يەكەن ناھىيىسى تەۋەسىدە)، شوردۆڭ (مەكىت ناھىيىسى تەۋەسىدە) دېگەن جايلاردا سوپىلار ئۆزئارا سوقۇشقان. مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئاتاقلىق ھەمراھى ۋە مەسلىھەتچىسى مەككە خوجا ئۆزىنىڭ 40 نەپەر مۇرتى بىلەن شوردۆڭ دېگەن جايدا مۇھەممەت شېرىپ ئىشان سوپىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەرىپىدىن قەتلە قىلىنغان («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىل 3 ـ سان). شۇنىڭدىن كېيىن، «شوردۆڭ» دېگەن بۇ جاي ئۇلۇغلارنىڭ شېھىت بولغان جايى سانىلىپ، «شېھىتدۆڭ» دەپ ئاتىلىپ، ئومۇملىشىپ كەتكەن.

**«قالماق جىلغىسى» دېگەن نام توغرىسىدا**

تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، 1743 ـ يىلدىن 1748 ـ يىلغىچە، شىنجاڭدىكى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن چىن دەيخان قوشۇن باشلاپ كېلىپ، ھازىرقى مەكىت ناھىيىسىنىڭ شېھىتدۆڭ يېزىسىدىكى بىر جىلغىغا ئورۇنلىشىپ، بۇ جايدىكى خەلقلەرگە كۆپ زۇلۇملارنى سالغان ۋە قىرغان. («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىل 3 ـ سان). شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ جىلغىنىڭ نامى «قالماق جىلغىسى» دەپ ئاتىلىپ ئومۇملىشىپ قالغان.

**«ئوغرىكۆل» دېگەن نام توغرىسىدا**

بۇ نامنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە مۇنداق ئىككى خىل قاراش بار:

بىرى، بۇرۇن شۇ كۆل ئەتراپىدا ياشايدىغان بىر كىشىنىڭ بىر كالىسى يوقىلىپ كېتىپ ئىز قوغلاپ كەلسە، چوڭ كۆلنىڭ بويىغا كەلگەندە كالىنىڭ ئىزى يوقاپ كەتكەن. شۇڭا، بۇ كۆل «ئوغرى كۆل» دەپ ئاتالغان دېگەن قاراش. يەنە بىرى، بۇرۇن شۇ يۇرتتىكى بىر كىشىنىڭ ئۆيىدىن يوقالغان خېلى نۇرغۇن نەرسىلىرى ھېلىقى چوڭ كۆلنىڭ ئىچىدىن تېپىلغان بولغاچقا، بۇ كۆل «ئوغرى كۆل» دەپ ئاتالغان، دېگەن قاراش. بۇ كۆل جايلاشقان كەنت ھازىرقى بازار جەمئىي يېزىسى تەۋەسىدە بولۇپ، كىشىلەر سىلىقلاشتۇرۇپ «ئوردا كۆل» دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

بازار جەمئىي — بۇ نام «بازار» دېگەن تۈپ ئىسىم بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

«توپلانغان، يىغىلغان» دېگەن مەنىلەردىكى «جەمئىي» دېگەن سۆزنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، «بازار توپلانغان» ياكى «بازار يىغىلغان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ھازىرقى مەكىت ناھىيىسى كىچىك ـ كىچىك بازارلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قۇرۇلغان ھەم يېڭى قۇرۇلغان ناھىيە بازار ئىچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ يېزا «بازار جەمئىي» (بازار جەملەنگەن جاي) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

لەڭگەر مەھەللە — بۇ «قونالغۇ، ئۆتەڭ» مەنىلىرىدىكى سۆز بولۇپ، بۇنىڭدىن بىر قانچە ئون يىل ئىلگىرى قەشقەردىن چىقىپ، يوپۇرغا ئارقىلىق مەكىتكە كېلىدىغان يولۇچىلار بۇ يەردىن ئۆتكەندە قونۇپ، ئارام ئېلىپ ماڭغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ مەھەللىنىڭ نامى «لەڭگەر» (بېكەت، قونالغۇ، ئۆتەڭ) دەپ ئاتالغان.

غول مەھەللە — قەدىمكى چاغدا، بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى مول ئىكەن. بۇ يەر ئەمدىلا يۇرت بولۇشقا باشلىغاندا، بۇ يەردە بىر نەچچىلا ئائىلىلىك كىشى بار ئىكەن. كېيىن تەرەپ ـ تەرەپتىن نۇرغۇن كىشىلەر كېلىشكە باشلاپ، ئائىلىلەر كۆپىيىپتۇ ۋە توپ ـ توپ ئائىلىلەر، مەھەللىلەر ھاسىل بولۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يەر «غول مەھەللە» (كۆپ مەھەللىلىك جاي) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپتۇ.

بوز — قەدىمدە بۇ يەر چەكسىز كەتكەن قۇم بىلەن ئورالغان چۆللۈك ئىكەن. كېيىن بۇ يەرگە كىشىلەر كۆچۈپ كېلىپ، يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىپتۇ. بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى بوز رەڭلىك تۇپراق بولۇپ، ناھايىتى مۇنبەت ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر بۇ يەرنى «بوز يەر» دەپ ئاتىشىپتۇ. كېيىن «يەر» دېگەن سۆز چۈشۈپ قېلىپ، «بوز» دەپ ئاتالغانىكەن.

چامغۇرلۇق — تەخمىنەن بۇنىڭدىن 300 يىل ئىلگىرى بۇ يەردىكى كىشىلەر دەريا سۈيىنىڭ تاشقىنىدىن پايدىلىنىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىلگىرى دەريا سۈيى تاشلاپ كەتكەن مۇنبەت لاتقىلارغا چامغۇر تېرىغان ئىكەن شۇنداق ئوخشاپ كېتىپتۇ. شۇندىن كېيىن، كىشىلەر بۇ يەرنى «چامغۇرلۇق» دەپ ئاتاشقان ئىكەن. يەنە بىر خىل قاراشتا، بۇ يەردىكى كىشىلەر چامغۇرنى كۆپ يېيىشكە ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن، سىرتتىن كەلگەنلەر بۇ يەرنى «چامغۇرلۇق» دەپ ئاتاشقان ئىكەن.

قوش ئېقىن — بۇرۇن بۇ يەرنى شىمال تەرىپىدە دەريا ئۆستەڭ (ھەززى بەگ ھاجى ئۆستىڭى) بىلەن غەربتىن شىمالغا ئاققان بولقا ئۆستەڭ ئوراپ تۇرغان بولغاچقا، ئىككى ئۆستەڭ ئارىلىقىدىكى بۇ يۇرت «قوش ئېقىن» دەپ ئاتالغان.

يار خۇمدان — بۇ نام «يار» (يارلىق - سۇ ئېلىپ كەتكەن جاي) بىلەن «خۇمدان» دىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن. بۇنىڭدىن تەخمىنەن يۈز يىل ئىلگىرى دەريا سۈيى بۇ يەرنى ئېقىتىپ كەتكەن، كېيىن ئىمىن ھاجى دېگەن كىشى بۇ يارلىققا بىر خۇمدان سالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يەر «يار خۇمدان» دەپ ئاتالغان.

بېلىقچى — بۇ نام «بېلىقچى» دېگەن قۇشنىڭ نامىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن ئىكەن. ئىلگىرى بۇ يەردە ناھايىتى چوڭ بىر كۆل بولۇپ، بۇ كۆلدە بېلىق ھەم بېلىق ئالغۇچى قۇش «بېلىقچى» ناھايىتى كۆپ ئىكەن. شۇڭلاشقا، بۇ يەر «بېلىقچى» دەپ ئاتالغانىكەن.

ئوكا — بۇ نام ئەسلى «ئوگالىق» (مەكىت خەلقى ئارىسىدا قۇشلار، ھايۋانلارنىڭ ئۇۋىسىنى «ئوگا» دەپ ئاتايدۇ) دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، ھايۋانلار، قۇشلارنىڭ ئۇۋىسى مەنىسىدە. بۇ يەر يۇرت بولۇشتىن ئىلگىرى بۇ يەردە ھايۋانات، قۇشلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھەممىلا يەرنى ھەرخىل شەكىلدىكى قۇش ئۇۋىلىرى قاپلاپ كەتكەنىكەن. شۇڭا، كىشىلەر بۇ يەرنى «ئوكا» (ئۇۋا) دېگەن توپ ئىسىمغا

كۆپلۆك قوشۇمچىسى بولغان «لىق» نى قوشۇپ، «ئوگالىق» دەپ ئاتاشقانىكەن. كېيىن بۇ نام «ئوكا» دېگەنگە ئۆزگىرىپ كەتكەنىكەن.

سۇپا دۆڭ — بۇ يەر تۆپتۈز كەتكەن تۈزلەڭلىك بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا ئېگىزرەك بىر دۆڭ چوقچىيىپ تۇرىدۇ. كىشىلەر بۇنى ئېتىكاپتا ئولتۇرىدىغان سۇپىغا ئوخشىتىپ «سۇپا دۆڭ» دەپ ئاتىغان. كېيىن بۇ يۇرت نامى بولۇپ قالغان.

قاپاق ئاستى — بۇ نام ھەققىــــدە مۇنداق رىۋايەت تارقالغان:

بۇرۇن بۇ يەر توغراقلىق بولۇپ، ئايلىخان دېگەن بىر ئايال يوپۇرغىدىن بىر قاپاق سۇ ئېلىپ، پىيادە مەكىتكە مېڭىپتۇ. بۇ يەرگە كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئورمانلىقتا بۆرە بولغاچقا، دەرەخكە چىقىۋېلىپ كېچىنى ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، قاپاقنى دەرەخكە ئېسىپ قويۇپتۇ. كېچىدە بۆرىلەر دەرەخنىڭ ئاستىغا كېلىپ قالايمىقان ھۇۋلاشقا باشلىغانىكەن، ئۇ ئايال دەرەختىن يىقىلىپ چۈشۈپ بۆرىگە يەم بولۇپتۇ. كېيىن بۇ يولدىن ئۆتكەن كىشىلەر ئادەم ئۇستىخانلىــــرى ۋە دەرەخ ئۇستىدىكى ئېسىقلىق قاپاقنى كۆرۈپ، بۇ يەرنى «قاپاق ئاستى» دەپ ئاتىشىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

# «مەكىت تارىخ ماتېرىياللىرى»نى تۈزۈشكە دائىر بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

مەكىت ناھىيىسىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىنى رەتلەش، توپلاش خىزمىتى باشقا ناھىيىلەرگە قارىغاندا نىسبەتەن كېيىن قالغانىدى. شۇڭا، ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمەت كومىتېتى 1993 - يىلى ئىيۇلدا «مەكىت تارىخ ماتېرىياللىرى» ئىشخانىسىنى ۋە 12 كىشىدىن تەركىب تاپقان تەھرىر ھەيئىتىنى تەشكىللەپ چىقىپ، «مەكىت تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ تۇنجى سانىنى ياخشى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرىدا پۈتۈن ناھىيىدىكى پېشقەدەم زىيالىيلار، كۆپنى كۆرگەن ۋەقەشۇناسلاردىن بولۇپ، 30 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن «مەكىت تارىخ ماتېرىياللىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئاچقانىدى. يىغىندا ئاساسەن «مەكىت تارىخ ماتېرىياللىرى»نى تۈزۈش ئۇسۇلى، ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە بىر قىسىم تارىخىي شەخس، تارىخىي ۋەقەلەر ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. تۆۋەندە مۇشۇ قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە جەريانىدا ھېس قىلغان ۋە «مەكىت تارىخ ماتېرىياللىرى»نى تۈزۈشتە زۆرۈر دەپ قارىغان بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

بىرىنچى، تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ ۋاقىت چەكلىمىسى، دائىرىسى ۋە مەزمۇنىنى ئېنىق ئايرىش كېرەك.

تارىخ ماتېرىياللىرىنى تۈزۈشتە ئەڭ مۇھىم، ھەل قىلغۇچ بىر مەسىلە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدىغىنى ماتېرىيال توپلاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتىنىڭ ئاساسى بولغاچقا، ئەڭ ئاۋۋال ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ماتېرىيال توپلاپ تارىخ ماتېرىياللىرى تۈزۈشتە، ئالدى بىلەن توپلىنىدىغان ماتېرىياللارنىڭ ۋاقىت چەكلىمىسى ۋە مەزمۇن دائىرىسىنى ئېنىق بەلگىلەش كېرەك.

ئادەتتە، تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ ۋاقىت چەكلىمىسى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللار كومىتېتىنىڭ «يېقىنقى زامان تارىخ ماتېرىياللىرىنى توپلاش، نەشر قىلىشتا ئەپيۇن ئۇرۇشى» دىن تارتىپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» گىچە بولغان دەۋرنى ئاساس قىلىش لازىم — دېگەن تەلىپى بويىچە، 1848 ــ يىلىدىن 1966 ــ يىلىغا قەدەر بولىدۇ. ۋاقىت چەكلىمىسىنىڭ بۇنداق ئېنىق ئايرىلىشىدىكى سەۋەب، سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى ئەسلىمە خاراكتېرىدىكى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن، ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن ۋەقەلەر توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى توپلاشنى مەقسەت قىلىدىغان بولغاچقا، ۋاقىت چەكلىمىسىنى بەك چەكسىز قويۇۋەتكەندە ۋە ئېنىق بەلگىلىمىگەندە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچى ۋە يازغۇچىنىڭ ئەسلىمە دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىپ، تۈزۈپ چىقىلغان ماتېرىياللار چۈشىنىكسىز، ئىشەنچىسىز بولۇپ قالىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ رەتلىگۈچىسى بولغان ئامانىساخان ھەققىدىكى مەسىلىدە، ئوتتۇرىغا قويۇلغان تارىخىي ۋەقەلىك ۋاقىت جەھەتتىن ناھايىتى يىراق دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرگەچكە، ئاڭلىماققا ئەپسانە رىۋايەتتەك بىلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئەۋلادتىن ــ ئەۋلادقا قالغان بىر ئەسلىمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بولۇپ، غاز كۆل يېزىسى قۇمۇش مەھەللە (بۇرۇنقى ئىسمى شاھ تاتار) سىدىكى قادىر مۇپتى ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ ئەسلىمىسىدىن ئىبارەت. لېكىن، موللا ئىسمىتۇللابىننى نىمىتۇللا مۆجىزىنىڭ «تاۋارىخى مۇسقىيۇن» دېگەن ئەسىرىنىڭ تېپىلىشى ۋە ئۇنىڭدىكى ئامانىساخان ھەققىدىكى بايانلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئامانىساخان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەققىدىكى ئەسلىمىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئوخشاشلا ئامانىساخاننىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى ھەققىدىكى ئەسلىمە ۋاقىت جەھەتتىن ناھايىتى ئۇزاق دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بولغاچقا، ئىشەنچسىز بىلىنگەنىدى. ئەمما، موللا مىر سالىھ كاشغەرىنىڭ «چىڭگىزنامە» دېگەن ئەسىرى بىلەن سەئىد ئاسىب ۋاخاننىڭ «سەئىدنامە» دېگەن ئەسىرىدىكى ئامانىساخان ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئەسلىمىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى، ئەسلىمىدە دېيىلگەنىدەك ئامانىساخاننىڭ مەكىت ناھىيىسىنىڭ غازكۆل يېزىسىنىڭ ھازىرقى قۇمۇش مەھەللە (بۇرۇنقى شاھ تاتار مەھەللىسى)دە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكىنى بىزگە بىلدۈردى. دېمەك، تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ ۋاقىت چەكلىمىسى ئېنىق ئايرىلمىغاندا، توپلانغان ماتېرىياللار، ئەسلىمىلەرنىڭ ئىشەنچلىك، ساپ بولۇشىغا تەسىر يېتىپ، يەنىلا باشقا مۇكەممەل يېزىلغان تارىخ ماتېرىياللىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ ئىسپاتلاپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، «مەكىت تارىخ ماتېرىياللىرى»نى تۈزۈشتە، چوقۇم ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئەھمىيەت بېرىش، يىل دەۋرنى بەك ئالدىغا سۈرۈۋەتمەسلىك كېرەك.

تارىخ ماتېرىياللىرىنى نەق بۇيۇم تارىخ ماتېرىياللىرى، ھۆججەتلىك تارىخ ماتېرىياللىرى ۋە ئەسلىمە تارىخ ماتېرىياللىرى دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. بىراق، سىياسىي كېڭەش تەرىپىدىن تۈزۈپ نەشر قىلىنىدىغان تارىخ ماتېرىياللىرى ئۈچىنچى خىلدىكى ئەسلىمە تارىخ ماتېرىياللىرىنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇن دائىرىسى بولسا يۇقىرىدا بىز ئوتتۇرىغا قويغان ۋاقىت چەكلىمىسى ئىچىدىكى ھەربىي ئىشلار، سىياسىي، پەن – تېخنىكا، مۇھاجىرلار، مىللىي، دىنىي، ئىجتىمائىي ئۆرپ – ئادەت، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر قاتارلىقلارغا ئائىت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، بىز «مەكتەپ تارىخ ماتېرىياللىرى»نى تۈزۈشتە بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلىنىشىمىز، «بۇ مۇھىم، بۇ مۇھىم ئەمەس» دەپ تار دائىرە بىلەن چەكلىنىپ قالماسلىقىمىز، ھەرگىز خەلقىنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەت، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ياتىدىغان ماتېرىياللارنى قالدۇرۇپ قويماسلىقىمىز لازىم.

مەكتەپ ناھىيىسىنىڭ يۇرت بولۇش تارىخى ناھايىتى مۇرەككەپ جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈشى، قوشۇلۇشى بۇ يەرنىڭ ئىجتىمائىي تەركىبىنى ناھايىتى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن. مۇكەممەل بىر يۇرت بولۇش تارىخىنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن، كۆپلەپ ماتېرىيال توپلاش، ئىنچىكىلىك بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ئىچىدىكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەرقايسى تارماقلار بويىچە چوڭقۇر ئىزدىنىش كېرەك. بۇ ھەم «مەكتەپ تارىخ ماتېرىياللىرى»نى تۈزۈشنىڭ ئاساسى ۋەزىپىسى بولۇشى لازىم.

ئىككىنچى، تارىخىي شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇش (تەرجىمھالىنى يېزىش)قا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

تارىخىي شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇش سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. چۈنكى، تارىخىي شەخسلەر ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئىلمىي تەتقىقات، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت، ھۈنەر ۋە باشقا جەھەتلەردە دۆلەت، مىللەتكە زور تۆھپە قوشقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتى ئۆزى ياشىغان دەۋر بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان ھەمدە جەمئىيەتكە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتىنى تونۇشتۇرۇش بىزنىڭ ئەينى دەۋرنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنىڭ رېئال ئەھۋالىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

نۆۋەتتە، بىزدىكى ئېغىر مەسىلە بىر قىسىم تارىخىي شەخسلەرنى قايتا ـ قايتا تىلغا ئېلىش، يەنە بىر قىسىم تارىخىي شەخسلەرنى بولسا پەقەتلا تىلغا ئالماي «يېپىقلىق قازاننى يېپىقلىق پېتى قويۇش»دىن ئىبارەت بولۇۋاتىدۇ. بۇ تارىخ ماتېرىياللىرىنى ياخشى تۈزۈپ چىقىشتا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدىغان ناچار خاھىشتۇر. ناھىيىمىز ئۈچۈن زور شان ـ شەرەپ كەلتۈرگەن ئامانىساخان، ماگىسۇر شەيخ، خەلققە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن شۆلياڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى قايتا ـ قايتا تونۇشتۇرۇش، تىلغا ئېلىش ئۇلارغا بولغان ھۆرمەت، تەشەككۈرىمىزنىڭ ئىپادىسى. بىراق، بىز يالغۇز ئۇلار بىلەن چەكلىنىپ قالماسلىقىمىز، قادىراخۇن خەلپىتىم، ئاۋلىراخۇن خەلپىتىمگە ئوخشاش تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زاتلارنى؛ ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم، ئالىم موللىغا ئوخشاش شائىر، داستانچىلىرىمىزنى؛ قەلەم موللا، قاسىم موللا، تۇردى تاشقا ئوخشاش تارىخچىلىرىمىزنى؛ ئەخمەت قالۇن، تۆرۈك ئاۋۇتقا ئوخشاش مەشھۇر دولان ئەلنەغمىچىلىمىزنى؛ ھەززە بەگ ھاجىمغا ئوخشاش خەلقپەرۋەر ئوغلانلىرىمىزنى ئەسلىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا تونۇشتۇرۇشىمىز كېرەك.

ئەمما، تارىخىي شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇشتا شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەككى، ئۇلارنى تونۇشتۇرغان ۋاقىتتا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئىش كۆرۈشىمىز، توغرا مەيداندا تۇرۇپ تارىخىي شەخسلەرگە ئەتراپلىق، ئوبيېكتىپ ۋە ئادىللىق بىلەن مۇۋاپىق باھا بېرىشىمىز كېرەك. ھەرگىز ئاشۇرۇۋېتىشكە ھەم كىچىكلىتىۋېتىشكە بولمايدۇ. تارىخىي شەخسلەر مۇئەييەن تارىخىي شەرت ـ شارائىت ئاستىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان بولغاچقا، ھەقىقىي ئەھۋالنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە بولىدۇكى، ھەرگىز ئۇلارنى شۇ

دەۋردىن ئايرىپ تونۇشتۇرۇشقا، باھا بېرىشكە بولمايدۇ.

ئۈچىنچى، قوشنا جايلارنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدىنمۇ ياخشى پايدىلىنىش كېرەك.

تارىخ ماتېرىياللىرى مەزمۇن دائىرىسىنىڭ ۋە چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مۇئەييەن ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولۇپ، مەلۇم دەۋرگە مەنسۇپ بولغان تارىخ ماتېرىياللىرى شۇ دەۋردە يۈز بەرگەن تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر ۋە ھەرخىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئۆزىگە ئاساس قىلغان ھالدا بارلىققا كەلگەن.

ئۇنىڭ چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، ئومۇمىيراق بولغان ۋەقەلەر باشقا ماكاندىكى يۈز بېرىش تەرەققىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. قوشنا جايلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەزى تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىش، تەرەققىي قىلىش جەريانلىرى ئوخشاش ياكى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىر تەرەپتىن مۇكەممەلرەك بولغان تارىخ ماتېرىياللارنى تۈزۈپ چىقىشقا، قوشنا جايلارنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدىن تولۇقلىما ئېلىشقا ۋە ياكى ئۆزىدىكى تارىخ ماتېرىياللىرىنى دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، بىز تىلغا ئېلىۋاتقان تارىخ ماتېرىياللىرى ئاساسەن ئەسلىمە خاراكتېرىدىكى ماتېرىياللارنى ئوبيېكتىپ قىلىدىغان بولغاچقا، ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچى ياشنىڭ چوڭىيىشىدىن كېلىپ چىققان نېرۋا ئاجىزلىق، ئەستە قالدۇرۇش خاتىرە كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشى قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن ۋەقەنىڭ مۇھىم جەريانلىرى، سانلىق مەلۇماتلار، ئادەم ئىسىملىرى قاتارلىقلارنى ئەينەن دەپ بېرەلمەيدىغان ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. شۇنداقلا يەنە نۇرغۇن پىشقەدەم، كۆپنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ۋاپات بولۇپ كېتىشى تۈپەيلىدىن بىر قىسىم ماتېرىياللار ئارىدىن يوقۇلىدۇ ياكى ۋاستىلىك ھالدا ئىككىنچى بىر شەخس تەرىپىدىن ئەسلىدىكى ئاڭلىۋالغىنى بويىچە ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، چوقۇم شۇ ماتېرىيالنىڭ بىر قىسىم كەم

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

جايلىرىنى تولۇقلاشقا، سىلىشتۇرۇپ چىقىشقا ھەمدە ۋاستىلىك ساقلانغان ئاشۇ ماتېرىيالنىڭ چىنلىقىنى دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ ئۈچۈن، قوشنا جايلارنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

مەن «30 ــ يىللار چوڭ داۋالغۇش مەزگىلىدىكى مەكىت» دېگەن ماقالىنى يېزىشتا، ئالدى بىلەن ناھىيە ئىچىدىكى پېشقەدەم، كۆپنى كۆرگەن كىشىلەردىن كۆپلەپ ماتېرىيال توپلىدىم. توپلىغان ماتېرىياللار كۆپ بولغىنى بىلەن، بىر خىل ۋەقەگە ئائىت قاراشلار، ئەسلىمىلەر ھەر خىل ئىدى. بەزى مەسىلىلەر ھەققىدىكى ماتېرىياللار بىر ــ بىرىنى رەت قىلاتتى. بۇ مېنى ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، قايسى ماتېرىيالنى ئاساس قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدىم. بولۇپمۇ، خوجىنىياز ھاجى، ماجۇڭيىڭلارنىڭ ھەمدە كېيىن سوۋېت قوشۇنىنىڭ مەكىتكە كېلىشىدىكى سەۋەب، كېلىپ ــ كېتىش يۆنىلىشى، خوجىنىياز بىلەن ماجەنساڭنىڭ يەكەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى مەكىت ناھىيىسى تەۋەسىدىكى يىلانلىق، ياخۇمدان ئارىسىدىكى ئۇرۇشى قاتارلىق ئەھۋاللار ناھايىتى ئېنىقسىز ئىدى. مەن مۇشۇ ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشەنچىلىك تارىخ ماتېرىيالىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» نىڭ ھازىرقى زامان قىسمى، «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم» ، «شىنجاڭدىكى بوران ــ چاپقۇن» قاتارلىق ماتېرىياللارنى كۆردۈم، ئۆگەندىم. لېكىن، مەن ئىزلىگەن ۋەقەلەر ھەققىدىكى بىر قەدەر تەپسىلىي، ئىشەنچىلىك مەلۇماتلارنى «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ بىر قانچە سانلىرىغا بېسىلغان قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن ۋە ئاقسۇ قاتارلىق جايلار ھەققىدە يېزىلغان ماقالىلەردىن تاپتىم. كېيىنكى باسقۇچتا ئىگە بولغان بۇ ماتېرىياللارنى توپلىغان ماتېرىياللار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئورتاق ئوخشاشلىقلارنىڭ بارلىقىنى، بەزى

مەسىلىلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ماقالە پۈتكەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچىنىڭ پىكرىنى ئالغىنىمدا ئۇلار بىردىنلا يوقاتقان نەرسىسىنى تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇشۇپ، يەنە يىگىدىن ئەسكە ئالغان نۇرغۇن ماتېرىياللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقىم ئۈچۈنلا، بۇ بىر پارچە ماقالە ھەممە ئېتىراپ قىلغان ياخشى ماقالە بولۇپ پۈتۈپ چىقتى. ئۆزۈم ھەم بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىپ يەتتىم. بۇنداق مىساللار باشقا جايلاردىمۇ كۆپ تېپىلىدۇ.

تۆتىنچى، تارىخ ماتېرىياللىرىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

تارىخ ماتېرىياللىرى مۇنتىزىم تارىخ ئەمەس. ئەمما، ئۇ تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. چۈنكى، تارىخشۇناسلىق ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە شەرھىيلەش ئېلىپ بارىدىغان ئىلىم بولغاچقا، تارىخ مۇساپىسى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىش مول ھەم ئەمەلىي تارىخ ماتېرىياللىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. مانا بۇ مەنىدىن ئالغاندا، تارىخ ماتېرىياللىرى مۇنتىزىم تارىخ بولمىسىمۇ، لېكىن تارىخشۇناسلىقنىڭ مۇھىم تولۇقلىمىسى. شۇنداق ئىكەن، تارىخ ماتېرىياللىرىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ناھايىتى زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

نۆۋەتتە، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش ئورگانلىرىدا تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتلىرى قۇرۇلۇپ، تارىخ ماتېرىياللىرىنى توپلاش، رەتلەپ نەشر قىلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۆتمۈشتىكى زور ۋەقەلەرگە قاتناشقان، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان پېشقەدەم كىشىلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى، كېسەل بولۇپ، قېرىپ ئەستە قالدۇرۇشىنىڭ ئاجىزلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېتىشى، شۇنداقلا تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتىدىكى يولداشلارنىڭ كامچىللىقى، بەزى مەسىلىلەرگە نىسبەتەن سەل قارىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىزگە زۆرۈر بولغان نۇرغۇن تارىخ ماتېرىياللىرى ئىزسىز يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. ناھىيىمىز مەكىتنى ئالساق، يازما تارىخىي ماتېرىياللار تېخىچە تېپىلغىنى يوق. ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان ۋاقتىمۇ نىسبەتەن كېيىن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن خاتىرىلەنگەن ئەھۋاللارمۇ تولۇق ھەم يېتەرلىك ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنغان ئازغىنا ماتېرىياللار بىلەن مەكىتنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىنى بايان قىلىپ كېتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، بۇنىڭ ئۈچۈن پېشقەدەم، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىسىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق، تا ھازىرغىچە تاساددىپىي سەۋەبلەر ياكى پارتىيە، ھۆكۈمەت تەرەپىنىڭ جىددىي ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، بىر قىسىم تارىخ ماتېرىياللارنى توپلاش، قۇتقۇزۇپ قېلىش خىزمىتى ئىشلەنگەن بولسىمۇ، بىزنىڭ قولىمىزدىن چىقىپ كەتكەن نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىز يەنىلا بىخۇت قالدۇق، ھېچقانداق قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئىشلىيەلمىدۇق. چۈنكى، مەكىتتىكى نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق، پېشقەدەم كىشىلەر، ۋەقەشۇناس، تارىخچىلار ئاللىبۇرۇن بىز بىلەن خوشلاشتى ۋە خوشلىشىش ئالدىدا تۇرماقتا. مىسال ئۈچۈن، ۋاقىتسىز بىز بىلەن خوشلاشقان كۆپنى كۆرگەن تارىخچىلىرىمىزدىن ئالساق، بازار جەمئىي يېزىسىنىڭ تۆمۈرەك كەنتىدىكى قەلەم موللا خېلى مۇكەممەل، سىستېمىلىق تارىخ بىلىملىرىگە ئىگە بولۇپ، مەكىت، دولان تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنى، دولاندىكى چوڭ ـ چوڭ ۋەقەلەرنى، يەر تەۋرەش، كۈن تۇتۇلۇش، سۇ ئاپىتى ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى، ئىچكى قالايمىقانچىلىق، ئىچكى ئۇرۇش قاتارلىق ۋەقەلەرنى خاتىرىلەپ ماڭغان. ئۇنىڭ مەكىت

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ناھىيىسىنىڭ يۇرت بولۇش تارىخى، كىشىلەرنىڭ كۆچۈپ يۈرۈشى ھەققىدە ئېپتىقانلىرى ھازىر خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرمەكتە. ئىگىلىنىشىچە، 1956 - يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تارىخ، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى مەكىت ناھىيىسىگە كەلگەندە، قەلەم موللا ئۆمەك تەركىبىدىكى ئابدۇرېشىت ئىسلامى قاتارلىق كىشىلەرگە مەكىت، دولان تارىخى ھەققىدىكى نۇرغۇن مەلۇماتلارنى سۆزلەپ بەرگەن ئىكەن (بۇ ۋاقىتتا خاتىرلىۋېلىنغان ۋەقەلەر نېمە ئۈچۈنكى ھازىرغىچە ئېلان قىلىنمىدى). لېكىن، شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم ئۇ كىشىنى ۋە ئۇ كىشىنىڭ شاگىرتلىرىنى ئىزلەپ بارمىغان. تارقىلىپ يۈرگەن مەلۇماتلارنىمۇ يىغقىلى ئادەم چىقمىغان.

يانتاق قارا ئۆيلۈك قاسىم موللا دولان خوجىلىرى ھەققىدە خېلى كەڭ مەلۇماتقا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا، ھەرقايسى يېزا - كەنتلەرنىڭ يۇرت بولۇش تارىخى، ھەرخىل ئىسىملار ۋە يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە نۇرغۇن خاتىرىلەرنى قالدۇرغانىكەن. بۇ ماتېرىياللار مەرھۇمنىڭ ۋاپاتى بىلەن تامام يوقالغان، خەلق ئىچىدە تارقالغانلىرى ھېلىمۇ ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ كەلمەكتە.

يانتاق ئويۇلۇقتىكى تۇردى تاش نۇرغۇن تارىخى كىتابلارنى ئاڭلىغان (ئۆزى ساۋاتسىز بولۇپ، باشقىلارغا ئوقۇتۇپ ئاڭلىغان) بولۇپ، يانتاق قاتارلىق يۇرتلارغا كىشىلەرنىڭ كۆچۈشى، بۇ يەردىكى مەشھۇر شەخسلەر، خەلقنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن تەپسىلاتلارنى بىلەتتى. ئەمما، بۇ مەلۇماتلارنى سىستېمىلىق توپلايدىغان، رەتلەپ چىقىدىغان ئادەم بولمىغاچقا مۇكەممەل تارىخ ماتېرىياللار سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالالمىدى.

كۆز ئالدىمىزدىكىنى ئېلىپ ئېيتساق، مەكىت ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى نۇرغۇن

ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، بىۋاستە قاتناشقان ئابدۇرېھىم بەگ، مەھمۇت قارىم قاتارلىقلارغا ئوخشاش جانلىق پاكىت، ئىشەنچلىك ماتېرىيال ئامبارلىرى ھېلىمۇ ھايات تۇرۇپتۇ. لېكىن ئۇلار قېرىلىق، كېسەل سەۋەبىدىن ئاخىرقى كۈنلىرى قالغان كىشىلەردۇر. ناھىيىمىزنىڭ يېقىنقى، ھازىرقـى زامان تارىخى، چوڭ - چوڭ ۋەقەلەر، ئۆزگىرىشلەرنى ھېلىمۇ توپلاشقا ئىمكانىيەت بار. ئۇلارسىز نۇرغۇن يىغىلغان ماتېرىياللارنـى دەلىللەشكە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆتكەنكىـدىن ساۋاق ئېلىپ، كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىقنى نەزەرگە ئېلىشىمىز، تارىخ ماتېرىياللىرىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. مانا بۇ «مەكىت تارىخ ماتېرىياللىرى»نى تۈزۈش ۋە ياخشى نەشر قىلىشنىڭ تۈپ كاپالىتى ھەم ئاساسلىق ۋەزىپىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# مەكىت ناھىيىسى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات تارىخى

مەكىت ناھىيىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا، يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ شىمالى مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن، غەربىي جەنۇبى يەكەن ناھىيىسى بىلەن، غەربى پەيلو ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى ئارقىلىق يوپۇرغا ناھىيىسى بىلەن، قالغان تەرىپى پۈتۈنلەي تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن تۇتىشىدۇ.

مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 15,200 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن ناھىيە توققۇز يېزا ۋە بىر بازارلىق ھۆكۈمەتتىن تەركىب تاپقان. 1991 ـ يىلدىكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئومۇمىي نوپۇسى 141,000 بولغان.

تارىخىي ماتېرىياللاردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مەكىت (ھازىر «مەكىت» دەپ ئاتىلىۋاتقان جايلار) خەن سۇلالىسى (غەربىي خەن ۋە شەرقىي خەن سۇلالىلىرى) دەۋرىدە سەپەر-باي (خانلىق ئورنى مەكىتنىڭ غەربىي شىمالى يەنى ھازىرقى ئاقچى ناھىيىسىنىڭ شەرقىگە توغرا كېلىدۇ) بەگلىكىگە قارىغان. ئۈچ پادىشاھلىق ۋە شىمالىي ۋېي خانلىقلىرى دەۋرىدە كۈسەن (خانلىق ئورنى ھازىرقى كۇچا ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ) بەگلىكىگە تەۋە بولغان، سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە سۇلي (خانلىق ئورنى ھازىرقى قەشقەرگە توغرا كېلىدۇ) بەگلىكىگە تەۋە بولغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، مەركىزىي ھۆكۈمەت بۇ جايلاردا سەپەر باي ئايمىقىنى تەسىس قىلغان. يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئاۋۋال بېشبالىققا، كېيىن يەكەننى مەركەز قىلغان سەئىدىيە خانلىقىغا قارىغان. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمىنى

ئورناتقاندىن كېيىن، مارالبېشى، يەكەن قاتارلىق جايلارغا قاراشلىق بىر بەلگىلىك سۇيېتىدە مۇئامىلە قىلىنغان بولۇپ، مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (مىلادى 1928 ـ يىلى)غا كەلگەندە يۇقىرىقى جايلاردىن ئايرىلىپ چىقىپ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان.

مەكىت ناھىيىسى جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ تەرىپى دەريا ئېقىنى (غەربىي جەنۇبىي، جەنۇب، شەرق يۆنىلىشىدىكى تىزناپ دەرياسى ۋە غەربىي جەنۇب، شىمال، شەرق يۆنىلىشىدىكى يەكەن دەرياسى) بىلەن ئورىلىپ، بىر تەرىپى ئىپتىدائىي توغراقلىق ئارقىلىق تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتىشىپ تۇرغاچقا، قەدىمدىن تارتىپ سىرتقى جايلار بىلەن بولغان ئالاقە زور چەكلىمىگە ئۇچرىغانىدى. يەنى بىر يىلنىڭ كەلكۈن پەسلى (6 ـ، 7 ـ، 8 ـ، 9 ـ ئايلار)دە دەريا ئېقىنلىرىنىڭ سۇغا تولۇپ كېتىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان قاتناش قولايسىزلىقى بىلەن قوشنا جايلار بىلەن كەمدىنكەم باردى ـ كەلدى قىلىپ تۇرغان بولسا، كەلكۈن سۈيى تارتىلغان مەزگىل (10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن تاكى كېلەر يىلى 6 ـ ئايغىچە)دە بىر قەدەر كۆپرەك ئالاقە قىلىپ تۇرغان. دېمەك، مانا شۇنداق تەبىئىي شارائىت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، بۇ يەردە ياشىغان خەلقنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى قوشنا جايلارنىڭ مەدەنىيەت تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىماي، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى (ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئامىللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قالغان. ئەمما، يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، بولۇپمۇ ھازىرقى زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدە، مەكىت خەلقىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا ئىككى خىل ئامىل يەنى ئەنئەنىۋى (ئىپتىدائىي) مەدەنىيەت ئامىلى بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەت ئامىلى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. يېقىنقى يىللاردىكى قاتناشنىڭ راۋاجلىنىشى سىرتقى جايلار بىلەن بولغان ئالاقىنى قويۇقلاشتۇردى، بۇنداق ئەۋزەللىك ئاستىدا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەزەلدىن ئىلغار مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىشقا ماھىر بولۇشتەك پىسخىك ئالاھىدىلىكى بويىچە، مەكىت خەلقىنىڭ مەدەنىي ھاياتى تېزلا بېيىشقا قاراپ يۈزلەندى. بىز بۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ تىپىك نامايەندىسى سۈپىتىدە، مەكىت ناھىيىسىدە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

1. ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى

مەكىت مىنگونىڭ 17 ــ يىلى (مىلادى 1928 ــ يىلى) ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان چاغدا، پۈتۈن ناھىيىنىڭ نوپۇسى 30,000 ئەتراپىدا بولۇپ، خەلق ئاساسلىقى چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىناتتى. قول سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ بىر قىسمى ئۆزىدە ئىشلەنگەندىن سىرت، قالغان ئاز بىر قىسمى سىرتتىن كىرگۈزۈلەتتى.

مەكىت ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە تۇنجى بولۇپ لىيۇ فامىلىلىك كىشى ھاكىم بولغاندى. بۇ ۋاقىتتا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي بولمىغاچقا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئابدۇرېھىم قازىم دېگەن كىشىنىڭ قورۇسىنى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىپ تۇرغان. ھۆكۈمەت قارمىقىدا بىر قىسىم ھۆكۈمەت ئورگانلىرى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار كاتىبات بۆلۈم، خەلق ئىشلار بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، ئىسلاھات بۆلۈمى، مائارىپ بۆلۈمىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، مائارىپ بۆلۈمى مەكىت ناھىيىسىنىڭ مەدەنىي ــ مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، ئۇ ئاساسەن 1930 ــ يىلى جۇباشۈي (جۇيۈلىڭ) مەكىتكە ھاكىم بولۇپ كېلىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس سۇنۇش ئارقىلىق، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسى (يامۇل)نى سالدۇرۇش بىلەن بىللە بىر سىنىپلىق شۆتاڭ سالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا 40 نەپەر

ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالىغانىدى.

1931 ـ يىلى مارتتا، خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. 1933 ـ يىلى «12 ـ ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» بىلەن جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئىگىلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئالتە بۈيۈك سىياسەت ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن قاتارلىقلارنىڭ خەلقنى نادان قالدۇرۇش سىياسىتىگە خاتىمە بېرىلىش بىلەن بىللە، يېڭىچە پەن ـ مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا يول ئېچىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن شىنجاڭدا يېڭىچە پەن ـ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1933 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، قەشقەردە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، زىرىپ قارى ھاجى قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ باشچىلىقىدا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى.

بۇ چاغدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى مىللىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي، ئاممىۋى تەشكىلات بولۇش سۈپىتى بىلەن، يېڭى پەن ـ مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ ئەڭ ئېغىر ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن، نادانلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان، يۈرەك باغرى قان ـ زەردابقا تولغان كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتكە بولغان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللاپ، ھىمايە قىلىپ، پۇلى بارلار ماددىي ياردەم بېرىش، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىشتەك قايىنام ـ تاشقىنلىق ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، ھەممىلا يەردە يېڭىچە مەكتەپ، يېڭىچە مۇھىت بارلىققا كېلىشتەك پەن ـ مەدەنىيەت دولقۇنى قوزغىلىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەسى مەسچىت، مەدرىسلەردىن ئۆتكۈزۈۋېلىنغان ۋەخپىلەر، ئۆشرە ـ زاكات، قۇربانلىق تېرىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ كىرىممۇ چوڭ سالماقنى ئىگىلەيتتى.

1933 ـ يىلى، مەكىت ناھىيىسىدىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، ئۇيۇشما قارمىقىدا مەدەنىيەت بۆلۈم تەشكىل قىلىنغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ جاپالىق خىزمەت قىلىشى ۋە كۈچ چىقىرىشى بىلەن بىر قىسىم يېڭى پەننىي مەكتەپلەر قۇرۇلدى. يەنە بىر قىسىم دىنىي مەكتەپلەرمۇ پەننىي مەكتەپ بولۇپ ئۆزگەرتىلدى. 1934 ـ يىلى، ئابدۇللا ئاخۇن خەلپىتىم ئاچقان يېڭى پەننىي مەكتەپ بۇنىڭ تۇنجىسى ئىدى. دېمەك، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن باشلانغان مەدەنىي ئويغىنىش ھەرىكىتى جەمئىيەت كەيپىياتىدا ۋە كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ روناق تېپىپ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئاۋانگارتلىق رول ئوينىغانىدى.

1950 ـ يىلى، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1951 ـ يىلى «ئاقارتىش يۇرتى» نامى بىلەن ھازىرقى مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئاساسى بولغان يېڭى بىر ئورگان قۇرۇلدى. بۇ چاغدا يەكەن ۋىلايەت بولۇپ، مەكىت ناھىيىسى مەمۇرىي جەھەتتىن يەكەنگە قارايتتى. شۇ يىلى (1951 ـ يىلى) كۈزدە يەكەن ۋىلايىتى سايىم بارات دېگەن كىشىنى مەكىت ناھىيىلىك ئاقارتىش يۇرتىنىڭ باشلىقلىقىغا ئەۋەتتى. سايىم بارات مەكىت ناھىيىلىك ئاقارتىش يۇرتىنىڭ تۇنجى مەسئۇلى ئىدى. مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى تاش روزىغا ياردەمچى قىلىپ بەرگەنىدى. لېكىن، مەخسۇس ئىشخانا ۋە باشقا كېرەكلىك ئۆي مۈلۈكلىرى بولمىغاچقا، ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مائارىپ بۆلۈمى ئىچىدىكى بىر ئېغىز ئۆيىنى ئارىيەت ئېلىپ ئىش باشلىغانىدى.

يېڭىدىن قۇرۇلغان بۇ «ئاقارتىش يۇرتى»نىڭ تۇنجى قىلغان ئىشى ناھىيە تەۋەسىدىكى ئىدارە، ئورگانلاردىكى خادىملاردىن كىتاب، ژۇرنال، گېزىت قاتارلىق مەتبەئە بۇيۇملىرىنى ئارىيەت ئېلىپ، قىرائەتخانا ئېچىش بولدى. گەرچە بۇ ۋاقىتتا ئارىيەت ئېلىنغان كىتاب ــ ژۇرناللارنىڭ تۈرى ئاز، سانى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن تۇنجى قېتىم ئېچىلغان قىرائەتخانا بولغاچقا، ناھىيە ئىچىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغاپ، قىزغىن قارشى ئېلىشقا ئېرىشكەنىدى.

1952 ــ يىلى، خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن سايىم بارات يۆتكەپ كېتىلىپ، ئورنىغا شاھاپ (ئۆزبېك) ئاقارتىش يۇرتىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا، قىرائەتخانىنىڭ ئورنى يۇرۇتقىدىن كېڭەيتىلىپ، ناھىيە بازىرىنىڭ «سەينا» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ كوچىسىدىكى ناۋات خېنىم دېگەن ئايالدىن مۇسادىرە قىلىنغان قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن توسۇلۇپ، بىرسى قىرائەتخانا، يەنە بىرسى ئاشخانا قىلىنغانىدى. 1953 ــ يىلىغا كەلگەندە، ئەمەت يەھيا ئاقارتىش يۇرتىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىش ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۇ، قىرائەتخانا ئېچىش بىلەن بىرگە يەنە قارا تاختاي گېزىتى ئىشلەپ، تەشۋىقات پائالىيىتى ئېلىپ باردى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە «ئاقارتىش يۇرتى» دېگەن نام «مەدەنىيەت يۇرتى» دەپ ئۆزگەرتىلىپ، مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى قۇرۇلدى.

مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ قۇرۇلۇشى، مەكىت ناھىيىسىدە ئاممىۋى مەدەنىيەت، ئاممىۋى تەنتەربىيە، تەشۋىق ــ تەربىيە ئىشلىرىنىڭ مۇقىم بىر سىستېمىغا مەركەزلىشىشى ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ چاغدا، مەدەنىيەت يۇرتى مەيلى كەسپىي خادىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدە بولسۇن تولۇقلىنىش، يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىش تەرىپىگە يۈزلەنگەنىدى. بولۇپمۇ 1954 ـ يىلى، ئەسلىدىكى ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات ئەترىتىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئوسمان قاسىمنىڭ مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ يۆتكىلىپ چىقىشى بىلەن، بۇ تەشۋىقات ئەترىتىنىڭمۇ مەدەنىيەت يۇرتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى، مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كەسپىي خادىملارنى كۆپەيتىش بىلەن بىرگە مالىيىدىكى قىيىنچىلىقلارنىمۇ ھەل قىلغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا يەنە ناھىيە تەۋەسىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە بىرقەدەر ئىقتىدارى بولغان كىشىلەردىن بۇۋىھاشى توختى، ئابدۇمۆمىن تۇردى، ئايىم سەمەت، بارات ھوشۇر، ئابدۇقادىر توختى قاتارلىقلار يۆتكەپ چىقىلغان. ئۆي جاھازلىرى كۆپەيتىلگەن، قىرائەتخانىغا يانداپ بىر كۇتۇپخانا سېلىنغان، 20 دانە قارا تاختاي، ئىككى دانە پروېكتور، بىر بۆلۈم سەھنە لازىمەتلىكلىرى ھازىرلانغان، ئاشۇ ئاساستا «يەر ئىسلاھاتى»، «ئۈچكە قارشى»، «بەشكە قارشى» ھەرىكەتلىرىگە زىچ ماسلاشتۇرۇلۇپ، قارا تاختاي، رادىئو، پروېكتور، رەسىم، فوتو سۈرەت ۋە ئېغىز ئارقىلىق كۈچلۈك تەشۋىقات قانات يايدۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن يېزىلاردا سېلىنغان ھەرقايسى «يېزا كۇلۇبلىرى»دا ھەرخىل كۆڭۈل ئېچىش ۋە تانسا كېچىلىكلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرغان. مەدەنىيەت يۇرتى ئىچىدە يەنە بىلىيارت، دامكا، شاھمات، تىكتاك توپ، ۋاسكېتبول، ۋالىبول قاتارلىق مەدەنىي ـ تەنتەربىيە ئويۇنلىرىمۇ يولغا قويۇلغان.

مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئۆزىنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن جاپالىق، ئۇزۇن مۇساپىلىك يوللارنى بېسىپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ كەلدى. 1973 ـ يىلى، مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سەيىارە كۆرگەزمە قىلىندى.
1979 ــ يىلى، مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئاپتونوم رايون، قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى داڭلىق يازغۇچى، شائىرلاردىن زوردۇن سابىر، ھاجى ئەخمەت، قاھار جېلىل قاتارلىقلارنى تەكلىپ قىلىپ، ناھىيە بويىچە 3 ــ قېتىملىق ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى چاقىردى. شۇ يىلى يەنە مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كەسپىي خادىمى لى جيەن باشچىلىقىدىكى ھەرىكەتلىك پروييكتور ئىشلىنىپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى ياخشى ئىش، ياخشى پائالىيەتلەر كىنودىن بۇرۇن كەڭ ئاممىغا قويۇلۇش ئارقىلىق، كۈچلۈك تەشۋىق قىلىندى. كىشىلەر بۇنى ماختىنىشىپ «يەرلىك كىنو» دەپ ئاتاشقانىدى. 1980 ــ يىلى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى بىلەن مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى بىرلىشىپ، ناھىيە بويىچە 4 ــ قېتىملىق ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنى ئاچتى. بۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى 14 نەپەر دولان راۋابچىسى، ئۈچ نەپەر قالۇنچى، سەككىز نەپەر دولان غىجەكچىسى، 35 نەپەر نەغمىچى، ئىككى نەپەر ساتارچى، ئالتە نەپەر داستانچى، ئون نەپەر قوشاقچى، بەش نەپەر ناغرا ــ سۇنايچى تەكلىپ قىلىپ، دولان ئەلنەغمىچىلىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، دولان مۇقام تېكىستلىرىنى رەتلەش، دولان ئەل ــ نەغمىچىلەرنىڭ ۋارىسلىرىنى تەربىيىلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈردى ۋە ئەلنەغمىچىلەرگە ئىلھام بەردى. شۇ يىلى ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى كۆرۈنەرلىك جانلىنىپ، دولان مەشرىپى، ئوغلاق تارتىش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، سارغايدى ئويناش، پاپۇز ئويناش قاتارلىق پائالىيەتلەر جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.
1981 ــ يىلى، مەركىزىي مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى مەملىكەت بويىچە چاقىرغان يېزا ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمەت

يغىنىدا مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى، يانتاق يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتى مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ، بىر دانە 22 دىيۇملۇق رەڭلىك تېلېۋىزور، بىر دانە ئۈنئالغۇ ۋە مەخسۇس لەۋھەلەر بىلەن مۇكاپاتلاندى. 1982 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون بويىچە مەكىت ناھىيىسىدە يېزا مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى چاقىرىلدى.

1985 ـ يىلى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قارار چىقىرىپ، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى بىلەن ناھىيىلىك كۇتۇپخانىنى ئايرىپ، مەدەنىيەت يۇرتىغا تۇرسۇنبەگ ئىبراھىمنى باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى ھەمدە كۆلىمى 1171 كۋادىرات مېتىر كېلىدىغان ئۈچ قەۋەتلىك خىزمەت بىناسى سېلىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن، بۇ مەدەنىيەت يۇرتى تېخىمۇ ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولۇپ، ئۆزىدىكى كەم تۈرلەرنى تولۇقلاش بىلەن يۇقىرىنىڭ «مەدەنىيەت ئارقىلىق مەدەنىيەتنى تولۇقلاش» دېگەن ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ھەقلىق مۇلازىمەت كەسپىنى يولغا قويۇپ، سىنئالغۇ قويۇش ۋە رەڭلىك سۈرەت تارتىش قاتارلىق يېڭى تۈرلەرنىمۇ ئۆزىنىڭ خىزمەت دائىرىسىگە قوشتى.

1987 ـ يىلى، مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئاپتونوم رايونلۇق ئامىۋى سەنئەت سارىيى بىلەن بىرلىشىپ، دېھقان رەسساملارنىڭ ئۆگىنىش ئىجادىيەت كۇرسىنى ئېچىپ، قىسقىغىنە 45 كۈن ئىچىدە 80 پارچىدىن ئارتۇق رەسىم ئىجاد قىلىنىپ، ئاۋۋال ناھىيىدە، كېيىن ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون، بېيجىڭ قاتارلىق ئورۇنلاردا كۆرگەزمە قىلىنىپ، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ، جۈملىدىن گۈزەل سەنئەت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ، كۆرگەزمىگە قاتناشقان چەت ئەللىك دوستلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

1988 ـ يىلى، مەركىزىي مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى مەكىت ناھىيىسىگە «رەسساملار يۇرتى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى. شۇ يىلى ناھىيىلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە ئىلغار بولۇپ باھالاندى.

1989 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگىچە، مەكىت ناھىيىسىدە ئاپتونوم رايون بويىچە سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە سەنئەت مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، يىغىندا سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە سەنئەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىي خادىملاردىن ئىمىن ئەخمىدى، تۇرغۇن ئالماس، تۇرسۇن يۇنۇس، ئەخمەت ئىمىن، تۇرسۇنجان لېتىپ، تۇرغان شاۋۇدۇن، قۇربان مامۇت، تاش مامۇت، ئابدۇرېھىم سابىت، ئابلىز ئۆمەر قاتارلىقلار قاتناشتى.

ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن 1978 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، يانتاق يېزىسىدا تۇنجى قېتىم مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ، ئون نەچچە يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، ناھىيە بويىچە توققۇز يېزىدا مەدەنىيەت مەركىزى، مەدەنىيەت پونكىتلىرى قۇرۇلدى. 131 كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيلىرى بارلىققا كەلدى.

2. ناھىيىلىك كۇتۇپخانىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى

مەكىت ناھىيىسىدە كۇتۇپخانىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. 1950 ـ يىلى، مەكىت ناھىيىسىدە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تارقىتىۋېتىلىپ، 1951 ـ يىلى «ئاقارتىش يۇرتى» قۇرۇلغاندا ئۇنىڭ تۇنجى ئىشى قىرائەتخانا ئېچىپ يەنى ناھىيە تەۋەسىدىكى ئىدارە، ئورگانلاردىكى خىزمەتچى خادىملاردىن كىتاب ـ ژۇرنال ئارىيەت ئېلىش يولى بىلەن ئېچىش بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ قىرائەتخانىنىڭ 124 پارچە كىتابى، مۇشتەرى بولغان 16 خىل

گېزىت ـ ژۇرنىلى بار ئىدى. مۇقىم ئورۇن بولمىغاچقا، شەخسلەردىن مۇسادىرە قىلىنغان قورۇدىن ئورۇن ھازىرلاپ قىرائەتخانا ئېچىلغان بولۇپ، بۇ مەكتەپ ناھىيىلىك كۇتۇپخانىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى ئىدى. قىرائەتخانا باشقۇرۇش جەھەتتە، ئەينى ۋاقىتتىكى «ئاقارتىش يۇرتى»نىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ماھىيەتتە بۇ «ئاقارتىش يۇرتى»نىڭ شۇ چاغدىكى ئاساسلىق خىزمەت تۈرى ئىدى. لېكىن، مەكتەپ ناھىيىسىدە كۇتۇپخانىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن ئاستا بولدى. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىلىك مەدەنىيەت ئورۇنلىرى ناھايىتى ئاز بولۇپ، نەشر قىلىنىدىغان گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ سانىمۇ چەكلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتنىشى قولايسىز بولغان مەكتەپتەك چەت جايغا يېڭى كىتاب ـ ژۇرناللارمۇ ۋاقتىدا كەلمەيتتى، ئۆزىدە بولسا نەشر قىلىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى.

1953 ـ يىلى «ئاقارتىش يۇرتى» ناھىيىلىك «مەدەنىيەت يۇرتى» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، مەدەنىيەت يۇرتى ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ جەھەتتىن تولۇقلىنىپ تەرتىپكە سېلىنىپ، دائىرىسىمۇ كېڭىيىش بىلەن بىرگە زۆرۈر بولغان لازىمەتلىكلەرنى ياساتتى. 1954 ـ يىلىغا كەلگەندە، قىرائەتخانا كېڭەيتىلىپ كۇتۇپخانا بولۇپ قۇرۇلدى. ئاردىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ 1973 ـ يىلىغا كەلگەندە، كۇتۇپخانا مەخسۇس بۆلۈم بولۇپ ئايرىلدى، 1985 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قارار چىقىرىپ، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى بىلەن ناھىيىلىك كۇتۇپخانىنى ئايرىدى. قادىر ھوشۇر كۇتۇپخانىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك باشلىقى بولۇپ تەيىنلەندى.

ناھىيىلىك كۇتۇپخانا قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دۆلەت مەخسۇس كۇتۇپخانا سېلىش ئۈچۈن ئاجرىتىپ بەرگەن 100 مىڭ يۈەن پۇلغا يەرلىك مالىيەدىن 90 مىڭ يۈەن قوشۇپ، كۆلىمى 660 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە كۇتۇپخانا، قىرائەتخانا، بالىلار قىرائەتخانىسى، ئارخىپخانا ۋە ئىشخانا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ قەۋەتلىك بىنا سېلىپ، ئەسلىھەلەرنى تولۇقلاپ بەردى. كەسپىي خادىملارمۇ كۆپىيىپ يەتتە كىشىگە يەتتى. ھازىر بۇ كۇتۇپخانىنىڭ ھەرخىل تۈردىكى 20 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كىتابى، مۇشتەرى بولغان 196 خىل گېزىت - ژۇرناللىرى بار.

ناھىيىلىك كۇتۇپخانىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ھەرقايسى يېزىلاردىكى مەدەنىيەت پونكىتى، مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە، كەنت مەدەنىيەت ئۆيلىرىدە كۇتۇپخانا، قىرائەتخانا قۇرۇلغان بولۇپ، يېزا كۇتۇپخانىلىرىدا 3000 دىن 6000 پارچىغىچە ھەرخىل كىتاب، نەچچە ئون خىل مۇشتەرى بولغان گېزىت - ژۇرناللىرى بار. كەنت مەدەنىيەت ئۆيلىرىدە 500 دىن 2000 پارچىغىچە ھەرخىل كىتاب، ئون نەچچە خىل مۇشتەرى بولغان گېزىت - ژۇرناللىرى بار.

3. ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى

مەكىت ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى 1953 - يىلى شەھەر ئىچىدىكى بىر شەخسىينىڭ كۆلىمى 50 كۋادىرات مېتىرمۇ كەلمەيدىغان قورۇسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ مەكىت ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىم بارلىققا كەلگەن شىنخۇا كىتابخانىسى ئىدى. بۇ ۋاقىتتا، كىتابخانىنىڭ خىزمەتچى خادىمى ئۈچ نەپەر بولۇپ، ئۇلار ھەر يىللىق كىتاب تارقىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. قاتناش قولايسىز، كىتابلارنى توشۇش ئارىلىقى يىراق، تارقىتىش دائىرىسى كەڭ ھەم تەكشىسىز بولغاچقا، خىزمەتلەر ئىنتايىن جاپالىق بولاتتى.

كىتابخانا قۇرۇلغان دەسلەپكى ۋاقىتتا ئەسلىھەلىرى كەمچىل، ئادەم كۈچى ئاز، ماددىي كۈچى ئاجىز بولۇپ، مۇقىم مەبلىغى ئىككى مىڭ يۈەنگىمۇ يەتمەيتتى. نەشرىياتچىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى تۆۋەن، نەشر قىلىنغان كىتابلارنىڭ سانى ئاز بولغاچقا، كىتاب سېتىشتىن چىققان ئوبوروت دېگەندەك ياخشى بولمايتتى، شۇڭا خەلقنىڭ كىتابقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايلا قالماستىن، بەلكى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۆز - ئۆزىنىمۇ قامدىيالمايتتى. يىللىق كىتاب ساتقان سومما 5000 يۈەندىنمۇ ئاشمايتتى. بۇ چاغدىكى كىتابخانىنىڭ دىرېكتورى شۈي سىگۈي ئىدى.

1956 - يىلى، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كىتاب ماتېرىياللارغا بولغان ئېھتىياجىنى، كىتابخانىنىڭ خەلق ئاممىسىنى تەربىيىلەشتىكى رولىنى كۆزدە تۇتۇپ، شەھەر مەركىزىگە 60 كۋادىرات مېتىر كېلىدىغان كىتاب سېتىش دۇكىنى ۋە بىر نەچچە ئېغىز ئامبار، ئىشخانا سېلىپ بېرىپ، زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى تولۇقلاپ بەردى. بۇ ۋاقىتتا، خىزمەتچى خادىم سانىمۇ كۆپىيىپ بەش نەپەرگە يەتتى، مۇقىم مەبلىغى 15 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. بۇ چاغدىكى كىتابخانىنىڭ دىرېكتورى دەي جىڭبىياۋ ئىدى.

گەرچە بۇ ۋاقىتتا كىتابخانىنىڭ كۆلىمى كېڭەيگەن، ئادەم، مەبلەغ سانى ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان تۇرمۇش سەۋىيىسىنى قاندۇرۇش، جۈملىدىن كىتابقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش يەنىلا تۆۋەن بولۇۋاتاتتى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قىيىنچىلىقلارنى بىر - بىرلەپ ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1960 - يىلى بىر نەپەر كەسپىي خادىم قوشۇپ بەردى. 1961 - يىلى، ئىسمايىل تالىپنى كىتابخانىنىڭ دىرېكتورلۇقىغا تەيىنلەش بىلەن كېيىنكى تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1970 - يىلى 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 2500 كۋادىرات مېتىر كېلىدىغان جايغا كىتابخانا سېلىپ بەردى. بۇ چاغدا، كىتابخانىنىڭ مۇقىم مەبلىغى 100 مىڭ يۈەنگە، يىللىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئوبوروت سوممىسى 45 مىڭ يۈەنگە يەتكەندى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون نەچچە يىل مەكىت ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش جەريانى بولدى.

1981 - يىلى 3 - ئايدا، لېي سۈي كىتابخانا دىرېكتورى بولغاندىن كېيىن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قارىتا تاللاش، يۆتكەش ئېلىپ بېرىپ، بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىق كەسپىي خادىملارنى ئىشقا قويدى. بۇنىڭ بىلەن، كىتابخانىنىڭ ھاياتى كۈچى تېخىمۇ ئېشىپ، يىللىق ئوبوروتى 80 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. بۇ چاغدا، كىتابخانىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچى سانى يەتتە نەپەرگە يەتتى.

1985 - يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى ۋە مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئىككى قەۋەتلىك يېڭى كىتابخانا بىناسى سېلىپ بەردى. خىزمەت شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىدى. ئوبوروتنى تېزلىتىش، زىيانىنى پايدىغا ئايلاندۇرۇش نىشان قىلىنغان بىر مەزگىللىك جاپالىق خىزمەت 1988 - يىلى كۆرۈنەرلىك نەتىجە بېرىپ، شۇ يىللىق ئوبوروت سوممىسى 273 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. ناھىيىلىك كىتابخانىنىڭ يېتەكلىشى ۋە ياردەم بېرىشى بىلەن يانتاق، غازكۆل، تۇمەنتال ۋە قىزىلئاۋات قاتارلىق بىر قىسىم يېزىلاردىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرى قارىمىقىدا ۋاكالىتەن كىتاب سېتىش شۆبە دۇكانلىرى قۇرۇلدى.

### 4. ناھىيىلىك «دولان ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى»نىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى

مەكىتتە 1933 - يىلى قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى مەدەنىي - مائارىپ بۆلۈمى ناھىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، سەنئەت

ۋاستىسى ئارقىلىق خەلقنى ئويغىتىش يولىنى تۇتقانىدى. ئۇلار قويۇق مىللىي پۇراققا، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان سەنئەت نومۇرلىرى بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتتى. 1936 ـ يىلى، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشما ئىشتىن سىرتقى «سانايى نەپىسە»سى قۇرۇلۇپ، دولان خەلقى ئارىسىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بىخلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى.

شېڭ شىسەي ئالتە بۈيۈك سىياسەتتە ئوتتۇرىغا قويغان سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ئىناق ئۆتۈش شوئارى بويىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن تۈزۈلگەن بىرلىك سەپ سىياسىتىگە ئاساسەن زور بىر تۈركۈم كوممۇنىستلار شىنجاڭغا ئەۋەتىلدى. ئۇلاردىن چېن تيەنچيۇ، ماۋ زېمىن قاتارلىق ئاز ساندىكى كىشىلەر ئۈرۈمچىدە قالغاندىن سىرت، كۆپ قىسمى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ ئىشلىدى. شۇ قاتاردا يولداش شۈي لياڭ 1940 ـ يىلدىن 1942 ـ يىلغىچە مەكىتتە ھاكىم بولۇپ ئىشلىگەنىدى. شۇ مەزگىلدە، ئۇ خەلققە نۇرغۇن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشتىن تاشقىرى يەنە مەدەنىي ـ مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ ئەسەرلەرنى ۋە ئىلغار گېزىت ـ ژۇرناللارنى تېپىپ كېلىپ، مەكىتتە ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق تەربىيىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ھەپتىدە بىر قېتىم مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئەينى ۋاقىتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەت ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ھەققىي ماھىيىتىنى كىشىلەرگە تونۇتتى. شۇنداقلا ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى «سانايى نەپىسە»نى تەشكىللەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئەھۋالى مەزمۇن قىلىنغان سەھنە ئەسەرلىرىنى تەييارلاپ، ئۆزى باشچىلىق قىلىپ 45 كۈن شەھەر ـ يېزىلارغىچە بېرىپ ئويۇن قويۇپ، مەكىت خەلقى ۋە زىيالىيلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئويغىتىپ، فاشىزمغا ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرگە، ئازادلىق ئارمىيىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىئانە توپلىدى.

1941 - يىلى، ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى قادىر خەلپىتىم، مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ئابدۇقادىر ھېيت، ئابدۇرىشىت ئىمىن باشچىلىقىدا قايتا قۇرۇلغان دولان سانايى نەپىسەسى توختى سوپى، موللىباقى ئابدۇكېرىم ھەيرانى، ئۇلۇغ تۇردى، مىجىت نىياز، تاجىنىسا ئىمىن، كېرەم ھاجى، قاسىم ئاخۇن ساتتار، سادىر چاڭچى، قادىر داپچى، ئابدۇكېرىم تەمبۇر، ئىنايىتۇللا ئىمىن، نۇردۇن مۇھەممەت، ئوبۇل ھاشىم، ئىسمائىل مۇھەممەت، ئېلى موللاق، قادىر ياقۇپ، ئىسمائىل ئىشان، ئاbbas تىللا، سەمەت سەمەر، روزىخان ئەخمىدى، تۇرسۇنجان، مەلىكەم، خەلىچە ياقۇپ، ئىسمائىل ساتتار قاتارلىق تالانتلىق ئارتىسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلار ياپونغا قارشى تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە يەنە بەدىئىيلىكى يۇقىرى، خەلق ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان «غېرىپ - سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە»، «گۈلنىسا»، «چىمەنگۈل»، «كۆرەش قىزى»، «ئارشىن مال - ئالان»... قاتارلىق كومېدىيە، دراملارنى ئويناپ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا، دولان سانايى نەپىسەسى يەنە خەلقنى ئۇيۇشتۇرۇش، فېئودال قالدۇق كۈچلەرگە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇشقا چاقىرىدىغان ئىنقىلابىي روھقا ئىگە سەنئەت نومۇرلىرىنىمۇ تەييارلاپ ئوينىغانىدى. 1947 - يىلى، ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئاbbas تىللا مۇنداق شېئىر يېزىپ سەھنىلەشتۈرگەنىدى:

تۇخام، چىللاڭ تۇخام،
خەلقىم ئويغانسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاسارەتنىڭ زۇلمىدىن،
چۆچۈپ ئويغانسۇن.
ئەرزىم دوستلارغا...
..................

جۇڭگونىڭ ئومۇمي ۋەزىيىتىدىن ئالغاندا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىۋاتقان، گومىنداڭ ۋەتەن ساتقۇچ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان مەزگىلدە، خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىدىغان يۇقىرىقىدەك ئىنقىلابىي روھقا ئىگە ئىلغار نومۇرلارنىڭ سەھنىدە ئوينىلىشى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەكتەپ ناھىيىسىدىكى غالچىلىرىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. شۇڭا، ئەينى ۋاقىتتىكى دەي ياچېڭ باشچىلىقىدىكى گومىنداڭنىڭ غالچىلىرى ئىلغار ئىدىيىگە ئىگە بولغان مۇھەرىردىن نىياز، ئابدۇرېشىت ئىسلام، ئابباس تىللا، ئابدۇقادىر ھېيىت، نۇردۇن مۇھەممەت، ئىمىن كېرىم ھاجى، ھەسەن بارات، سالى ھاجى قاتارلىق 28 نەپەر زىيالىينى «توپىلاڭچى ئۇنسۇرلار» دېگەن بەدنام بىلەن قولغا ئالدى. بۇنىڭ بىلەن، بىر مەھەل يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئەدەبىيات ــ سەنئەت دولقۇنى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ قارا قولى بىلەن جىمىقتۇرۇۋېتىلدى.

1949 ــ يىلى 9 ــ ئاينىڭ 26 ــ كۈنى، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى باشلامچىلىقىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە ۋاكالىتەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكىنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت نامىنىڭ «شىنجاڭ ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتى»گە ئۆزگەرگەنلىكىنى، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. مانا بۇ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقىنىڭ نامايەندىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىدى. شۇندىن باشلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆز تەقدىرىگە ئۆزى ئىگە بولىدىغان جەمئىيەتنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلاندى. شىنجاڭ ئاسمىنىدىكى قارا بۇلۇتلار تارقاپ، پەن — مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى قايتىدىن جانلىنىشقا باشلىدى.

1951 ـ يىلى، مەكىت ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىشتىن سىرتقى دولان سەنئەت ئۆمىكى قايتا قۇرۇلۇپ، «شىنجاڭ بۇلبۇلى» دەپ نام ئالغان داڭلىق ناخشىچى پاتەم قۇربان، تۇردى روزى، دەنا ئالماس، تۇرنىسا تۆمۈر قاتارلىق تالانتلىق سەنئەتكارلار قوبۇل قىلىندى. بۇنداق ئىجتىھاتلىق سەنئەت ماھىرلىرىنىڭ كۆپلەپ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ئىشتىن سىرتقى دولان سەنئەت ئۆمىكى مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئاساس قىلغان، خەلق ياقتۇرىدىغان نۇرغۇن سەنئەت نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەينى چاغدىكى ۋەزىيەتكە ماس ھالدا خەلققە نىسبەتەن ياخشى تەشۋىقاتچىلىق رولىنى ئوينىغانىدى.

1957 ـ يىلىغا كەلگەندە، بۇ ئۆمەك ئابدۇۋەلى ھوشۇرنىڭ باشچىلىق قىلىشىدا ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھەقىقىي ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق بىر ئاممىۋى تەشكىلاتقا ئايلاندى. بۇ چاغدا، سەنئەت خادىملىرىنى تەشكىللەش، يېڭىلىق يارىتىش، يېڭى ئىجادىي نومۇرلارنى ئىشلەشكە يېتەكلەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەنگەنلىكتىن، دولاننىڭ مىللىي سەنئىتى، دولان مۇقامى، دولان ئۇسسۇللىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان يېڭى نومۇرلار ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا چىقىپ، خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەنىدى. «كېيەنلىك ئەرۋاھ»، «يېتىملارنىڭ كۆز يېشى»، «پىچاق»، «باي ۋە مالاي»، «گۈلنىسا»،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«غۇنچەم» ، «تۇرمىدىكى غەزەپ ئوتى» ، «ل.مۇتەللىپ» ، «تامغىنى تارتىۋېلىش» قاتارلىق كومېدىيە، دراماسلارنىڭ سەھنىلەشتۈرۈلۈشىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتكە، خەلق ئاممىسىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى. بۇ چاغدا يەنە مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى، مىللەتلەر ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۆمەكلەردىن ئاتاقلىق كومپوزىتور، ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسلىرى، دراماتورگلار، ئىجادىيەت خادىملىرى ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى بولغان دولان دىيارىغا ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ يېڭى ئىجادىيەت نومۇرلىرىنى ئىشلەپ سەھنىلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، دولان خەلقىنىڭ مۇقامى، دولان ئۇسسۇلى، دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزگە خاس مەدەنىيەت - سەنئەت نەمۇنىلىرىنى مەملىكىتىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەرگە تونۇشتۇردى. ئەمما، ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ باشلىنىشى بىلەن، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان سەنئەت ئىشلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، دولان سەنئەت ئۆمىكى 1967 - يىلى تارقىتىۋېتىلدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، 1979 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى 30 كىشىلىك كەسپىي شتات تەستىقلاپ بېرىپ، مەكىت ناھىيىلىك دولان سەنئەت ئۆمىكىنىڭ قايتا قۇرۇلۇشىغا مەدەت بەردى. يېڭى دەۋردە يېڭىچە تۈس ئالغان بۇ ئۆمەك زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۆزىدىكى بارلىق ئەۋزەل شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئۇلار يېڭىدىن ئىجاد قىلغان «دولان ۋادىسىدىكى بىر جۈپ قارلىغاچ» ، «خۇشال مەشرەپكە ماڭدىم مەن» ، «مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ياخشى» ، «دولان قىزى» ، «مەنزىلگە يېتەيلى» ، «دولان بالىسى» ، «مول - ھوسۇل شادلىقى» ، «پاختىكار قىز» ، «باغۋەنگە مەدھىيە» ، «دولان قويى ياخشى» قاتارلىق ناخشا -

ئۇسسۇل؛ «سايرا قالۇنۇم»، «دولان بۇلبۇلى»، «پاختىزارلىقتا» قاتارلىق مۇزىكىلار؛ «باخشىنىڭ سىرى»، «قالايمىقان ۋە ۋىجدان»، «مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولايلى» قاتارلىق كومېدىيىلەر سەھنىلەشتۈرۈلۈپ، خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش، يېڭى دەۋردىكى جانلىق تەشۋىقاتچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مەكىت ناھىيىلىك «دولان ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى» زور تىرىشچانلىق بىلەن مەزمۇنى مول، سۈپىتى ياخشى سەنئەت نومۇرلىرىنى تىرىشىپ ئىجاد قىلماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مەكىت ناھىيىسىگە كىنونىڭ يېتىپ كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

1933 - يىلىدىكى «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، يېڭىچە پەن ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يول ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن يېڭى پىكىر ئېقىمى ۋە مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ تەلپىگە ئاساسەن، بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر ۋە مەرىپەتپەرۋەر زاتلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلقنى جاھالەتكە قارشى ئىلىم - مەرىپەت ۋە پەن - مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە چاقىردى.

30 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 40 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا شەرق مەدەنىيىتىنى ئۆگەنگەن بىر تۈركۈم ئىلغار زاتلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن كىنوچىلىقنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىشكە باشلىدى. جۈملىدىن قەشقەرلىك تەرەققىيپەرۋەر سودا - سانائەتچىلەردىن مەتنىياز مەخسۇم، ھۈسىينجان ھاجىم قاتارلىق كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئاۋازسىز كىنو ئاپپاراتى سېتىۋېلىپ كېلىپ قەشقەردە كىنو قويۇشقا باشلىدى. ئۇلار دەسلەپ 1 - دۇنيا ئۇرۇشى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشلار تەسۋىرلەنگەن «فرونتتىكى سولدات»، «چاپايوف» ۋە «بىز كرونشتاتتىن» دېگەن فىلىملەرنى قويىدى. ئاندىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەنئەندىكى پائالىيەتلىرى سۈرەتكە ئېلىنغان «جۇڭگودا» قاتارلىق فىلىملەرنى ئېلىپ كېلىپ قەشقەر، ئاقسۇ، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ

قويدى.

مەكىت ناھىيىسى چەت - ياقىغا جايلاشقان، قاتنىشى قولايسىز ناھىيە بولغاچقا، قەشقەردە تەرەققىي قىلغان كىنوچىلىق مەكىتكە 30 - يىللارنىڭ ئاخىرى (38 -، 39 - يىللىرى) ئاران يېتىپ كېلەلىدى. مەكىتتە تۇنجى بولۇپ قەشقەردىن ھارۋا بىلەن ئېلىپ كېلىنگەن «چاپايوف»، «جۇڭگودا» قاتارلىق بىر قانچە فىلىملەر قويۇلدى. ئۇ چاغدا، كىنو ئاپپاراتى قول بىلەن ئايلاندۇرۇپ توك چىقىرىدىغان دىۋىگاتىل بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلەتتى. قاتناش قولايسىزلىقى تۈپەيلىدىن سىرتقى جايلار بىلەن كەمدىن - كەم ئالاقە قىلىدىغان مەكىتتە قۇرۇلغىنىغا ئۇزاق بولمىغان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى فېئودال - مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ھەر خىل باھانە - سەۋەبلەر بىلەن توسقۇنلۇق قىلىشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، بۇ توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى تېز راۋاجلاندۇرۇشقا يۈزلەنگەنىدى. لېكىن، ساندىكى مەدەنىيەت ئېڭى تۆۋەن كىشلەر مەدەنىيەت سىمۋولى بولغان كىنوغا بىر تەرەپتىن ھەيران قالسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى «دىنسىزلىق»، «شەيتان سۈرىتى» دەپ يەكلىدى.

مەكىت ناھىيىسىنىڭ كىنوچىلىق ئىشلىرى 40 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىمۇ ئانچە تەرەققىي قىلالماي، پەقەت قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردىن ئارىلاپ - ئارىلاپ كىنو فىلىمى ئەكېلىپ قويۇپ تۇرغانىدى. 1947 - يىلىغا كەلگەندە، يەكەندە كىنو تېخنىكى ئابدۇسېلىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «تاجىك ئوغلى» ناملىق فىلىمىنى مەكىتكە ئەكېلىپ ئۈچ مەيدان قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەكىتكە يەكەندىن كىنو ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئازادلىقتىن كېيىن، مەكتەپ خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، مەدەنىي تۇرمۇشى جانلىنىشقا باشلىدى. 1951 ـ يىلى، شىنجاڭ كىنو فىلىمى تارقىتىش شىركىتى يەكەنگە 6 ـ كىنو قويۇش ئەترىتىنى ئەۋەتكەنىدى، ئۇلار يەكەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق پوسكام، قاغىلىق، مەكىت ناھىيىلىرىگىمۇ بېرىپ كىنو قويدى. 1952 ـ يىلى، مۇشۇ ئەترەتتىن ھاشىم ئىبراھىم (ھازىر مەكىت ناھىيىلىك كىنو فىلىم تارقىتىش ـ قويۇش شىركىتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان) مەكىتكە كېلىپ كىنو قويغان چاغدا، بۇ ئەترەت ناھىيىلەرگە پەسىل بويىچە بېرىپ كىنو قويۇپ تۇرغانىدى، ئۇلار مەكىت ناھىيىسىگە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن يىلىغا ئىككى قېتىم كەلگەن. شۇ ۋاقىتتا، ئۇلار «ئاق چاچلىق قىز»، «جاۋيىمەن»، «ليۇ خۇلەن»، «پولاتتەك جەڭچى» قاتارلىق ئازادلىق ئۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى تەسۋىرلەنگەن فىلىملەرنى قويغان.

1954 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىسىدە يەكەن خەلق كىنوخانىسىنىڭ شۆبىسى سۈپىتىدە بىر كىنو قويۇش ئەترىتى قۇرۇلۇپ، بۇ ئەترەتكە يەكەندىن مەسئۇل بولغان زۇنۇن زىيا ئۆزى بىللە بىلەن تۇراپ داۋۇت (مەكىت ناھىيىلىك كىنو فىلىم تارقىتىش ـ قويۇش شىركىتىنىڭ سابىق دىرېكتورى)، ئابدۇكېرىم يۈسۈپ قاتارلىق كىشىلەرنى ئېلىپ كەلگەن. ئارىدىن يېرىم يىلچە ئۆتكەندىن كېيىن، 1955 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، زۇنۇن زىيا يەكەنگە قايتىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىسھاققان تۆرە (ئۆزبېك) مەسئۇل بولۇپ كەلدى. ئۇ چاغلاردا مەخسۇس كىنو كۇلۇبى بولمىغاچقا، كىنونى ناھىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ ئوغۇللار مەكتىپى (ھازىرقى يىمەكلىكلەر شىركىتى) دە قويغانىدى. ئۇلارنىڭ كىنو قويۇش ئۈسكۈنىلىرى ۋە تېخنىك خادىملىرىنى يەكەن خەلق كىنوخانىسى باشقۇراتتى. شۇ چاغدا، ئۇلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن 35 م م لىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(K112) بىر كىنو ئاپپاراتى ۋە بىر دانە دىنامىكا بار ئىدى. ئۇلار «تاھىر - زۆھرە»، «چىلانلىك سالاھىددىن» ناملىق كىنو فىلىملىرىنى قويۇپ، خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

1956 - يىلى 9 - ئايغا كەلگەندە، مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى ئىبراھىم سايىمنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن يەكەندىن بىر يۈرۈش كىنو ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىنىپ، مەكىت ناھىيىسىدە مۇستەقىل كىنو ئەترىتى قۇرۇلدى. لېكىن، كىنو قويىدىغان مەخسۇس كىنوخانا يوق ئىدى. شۇڭا، 1957 - يىلى مەخسۇس كىنوخانا قۇرۇش باشلاندى. كىنوخانا پۈتكىچە، كونا جۇۋا (ئاشلىق تۆت ئەتراپى خام كېسەك بىلەن توسالغان «يازلىق كۇلۇب» بازىرى، ھازىرقى سوت مەھكىمىسى بىلەن گۆش بازىرى) ئورنىدا تا كىنو قوقۇپ تۇرۇلدى. ئۇ يەردە دەسلەپ ئورۇندۇقمۇ يوق ئىدى، كېيىنچە ياغاچتىن قاقما ئورۇندۇق ئورنىتىلدى. بۇ چاغدا «لېنىن ئۆكتەبىردە»، «سوخا باتۇر»، «ئاق چاچلىق قىز» قاتارلىق كىنولار قويۇلدى.

1958 - يىلى، ناھىيىلىك كىنو - تىياتىرخانا ئۈچۈن قىشلىق ۋە يازلىق كۇلۇبلار (ھازىرقى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئورنى) سېلىنىپ، قىشلىق كۇلۇبقا 1200 كىشىلىك، يازلىق كۇلۇبقا 1400 كىشىلىك ئورۇندۇق ئورنىتىلدى ۋە شۇ يىلى 1 - ئۆكتەبىردە رەسمىي كىنو قويۇش باشلاندى. بۇ، مەكىت ناھىيىسىدە تۇنجى مۇكەممەل كىنو - تىياتىر كۇلۇبىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىدى. ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى كىنوچىلىقنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىر يۈرۈش يېڭى كىنو ئاپپاراتى، چىراغ ۋە ئاۋاز ئۈسكۈنىلىرى، سەھنە ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىپ، كىنو قويۇش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. 1960 - يىلىغا كەلگەندە، قويۇلغان كىنو 450 مەيدانغا، كىنو كۆرگۈچىلەرنىڭ سانى 190 مىڭ كىشىگە،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىقتىسادىي كىرىم 39 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

مەكىت ناھىيىسىدە يازلىق ۋە قىشلىق كۇلۇبلار سېلىنغاندىن باشقا، 1958 - يىلى قۇرۇلغان 16 م م لىق ئاپپاراتقا ئىگە ئىككى كىنو ئەترىتى (بىرى دۆلەت ئىگىلىكىدە بولۇپ، باشلىقى پەتتار زۇنۇن ئىدى؛ يەنە بىرى قىزىل ئاۋات يېزىسى مەبلەغ سالغان كىنو ئەترىتىبولۇپ، قوش رەھبەرلىككە ئىگە، باشلىقى روزى ھېكىم ئىدى) مۇ تېز تەرەققىي قىلدى، ئۇلار ھارۋا بىلەن يەكەن ۋە قەشقەرلەرگە بېرىپ ئۆز ئالدىغا كىنو فىلمى ئالماشتۇراتتى ۋە يېزىلارغا بېرىپ سەييارە كىنو قوياتتى. بۇ چاغلاردا «لېنىن ئۆكتەبىردە»، «چىلانبىك سالاھىددىن»، «سوخا باتۇر»، «ئەزىمەت»، «تراكتورىسكى»، «قەسەن - جەمىلە»، «تاھىر - زۆھرە»، «ۋاسلىسا»، «لىيۇ خۇلەن»، «ئاق چاچلىق قىز» قاتارلىق كىنو فىلىملىرى قويۇلدى.

1966 - يىلىغا كەلگەندە، يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە 8.75 م م لىق كىنو ئاپپاراتى كۆپەيتىلىپ، ناھىيە بويىچە ھەرمىللەت ياشلىرىدىن ئون نەچچە كىشى تەربىيىلىنىپ، 3 م م لىق ۋە 8.75 م م لىق كىنو قويۇش ئاپپاراتى ۋە ئۇسكۇنىلىرىنى بىمالال باشقۇرالايدىغان سەۋىيىگە يەتكۈزۈلدى. 1970 - يىلى، قەشقەر ۋىلايەتلىك كىنو فىلمى تارقىتىش شىركىتى مەكىت ناھىيىسىنىڭ ساقلاپ ئىشلىتىشىگە 8.75 م م لىق فىلىم كۆپىيىلىرىدىن «قەھرىمان ئوغۇل - قىزلار»، «تۆمۈر يول ساقچىلىرى»، «جاي - جايلاردا ئورۇش قىلىش»، «سەپداش» قاتارلىق ھېكايە فىلىملەرنى بەردى.

1972 - يىلىغا كەلگەندە، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ كىنو - تىياتىر كۆرۈشكە بولغان ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، يازلىق كۇلۇبنى قايتا رەتلەپ، ئەسلىدىكى 1400 كىشىلىك ئورۇندۇقنى 1600 كىشىلىك ئورۇندۇققا يەتكۈزدى. 1973 - يىلى 6 - ئايدا، كىنو قويۇش ۋە فىلىم تارقىتىشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆچەيتىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك كىنو فىلىمى تارقىتىشنى باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلۇپ، تۇراپ داۋۇت پونكىت باشلىقى بولدى. بۇ پونكىتنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن كىنو فىلىملىرىنى ناھىيىدىكى كىنو - تىياتىرخانا ۋە ھەر قايسى كىنو ئەترەتلىرى ئۆزى مەسئۇل بولۇپ يەكەن، قەشقەرلەردىن ئېلىپ كەلدى، كىنو فىلىمىنى ئىجارىگە ئېلىش ۋاقتى 20 كۈندىن 30 كۈنگىچە بولۇپ، ئامما يېڭى فىلىملەرنى ۋاقتىدا كۆرەلمەيدىغان ئەھۋاللارغا خاتىمە بېرىلىپ، كىنو فىلىمى تارقىتىش ۋە قويۇش بىر تۇتاش باشقۇرۇلدى. 1977 - يىلى يەنە، ئەسلىدىكى 8.75 م م لىق يېڭى تىپتىكى كىنو ئاپپاراتىنى سېتىۋالدى. شۇنىڭدەك قەشقەر ۋىلايەتلىك فىلىم تارقىتىش شىركىتى مەكىت ناھىيىسىنىڭ ساقلاپ ئىشلىتىشكە 16 م م لىق فىلىم كۆپپىيىلىرىدىن «مىنا ئۇرۇشى»، «تۆزلەڭلىكتىكى پارتىزانلار»، «قەھرىمان ئوغۇل - قىزلار»، «مەخپىي خەرىتە»، «گۈل ساتقۇچى قىز» قاتارلىق 17 كىنو فىلىمىنى بەردى. 1980 - يىلى، ناھىيىلىك كىنو فىلىمى تارقىتىش ۋە باشقۇرۇش پونكىتى «ناھىيىلىك كىنو فىلىمى تارقىتىش شىركىتى» گە ئۆزگەرتىلىپ، فىلىم تارقىتىش، قويۇش، رېمونت قىلىش ۋە كىنو ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەمىنلەش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى ھەمدە ناھىيە بويىچە يەتتە كىنوخانىنى ھەر ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 41 دىن 45 كىچە فىلىم بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى. 1981 - يىلى، ناھىيە مالىيىسىدىن 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، زامانىۋى قىشلىق كىنو - تىياتىرخانا سېلىندى ۋە زامانىۋى كىنو ئاپپاراتى، ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىندى.

دېمەك، مەكىت ناھىيىسىنىڭ كىنوچىلىق ئىشلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، تەرەققىي قىلغۇچە ناھايىتى ئۇزۇن جەريانىنى بېشىدىن كەچۈردى. يېقىنقى 10 يىللىق (1980 - 1990 - يىللار) تەرەققىيات جەريانىدا، ناھىيە بازىرىدىلا ئەمەس،

يېزىلاردىمۇ كىنوخانىلار قۇرۇلدى. يەنە ناھىيە بويىچە 16 سەييارە كىنو قويۇش ئەترىتى قۇرۇلۇپ، ھەرمۇ يېزا - كەنت كىنوسىز قالمىدى. ناھىيە بويىچە كىنو قويۇش قېتىم سانى 70 مىڭ 598 مەيدانغا، كىنو كۆرگۈچىلەرنىڭ سانى 53 مىليون 604 مىڭ 387 ئادەم قېتىمغا، كىنو قويۇش كىرىمى 2 مىليون 398 مىڭ 930 يۈەنگە، كىنو فىلىمى تارقىتىش كىرىمى 939 مىڭ 694 يۈەنگە يەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىنىڭ قەدىمىيلىكى توغرىسىدا

دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى يەكەن دەرياسىنى بويلاپ جەنۇپتىن شىمالغا قارىتا مەكىت ناھىيىسى، يەكەن ناھىيىسىنىڭ مەكىتكە قوشنا بولغان يېزىلىرى، مارالبېشى ناھىيىسى، ئاندىن غەربتىن شەرققە قاراپ تارىم دەرياسىنى بويلاپ ئاقسۇنىڭ ئاۋات، ئاقسۇ قارا تال، شايار، كۇچا، ھەتتا بۈگۈرگىچە بولغان جايلارغا تارقالغان، ئۆزلىرىنى «دولان» دەپ ئاتايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللۇق قەدىمكى ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئىتى بولۇپ، ئۇ «نەغمىلىرىنىڭ قەدىمىيلىكى، بىر قەدەر ئىپتىدائىي يېزا - يايلاق تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ كۈچلۈكلىكى، ئۇسسۇللىرىنىڭ سالماقلىقى، مىللىي ئۇسلۇبىنىڭ قويۇقلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى»① بىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا مەنبەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ ھەمدە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئىپتىدائىي مەنبەلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باي ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا غەزىنىسىدىكى قىممەتلىك مىراسلاردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دولان مەشرىپىنىڭ ئاساسلىق نەغمىسى دولان مۇقامىدۇر. دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ناخشا - سەنئىتىگە ئىنتايىن ماس كەلگەن ئاۋاز سىستېمىسى ئۆزگىچە بولغان دولان راۋابى، دولان قىل غىجىكى، دولان قالۇنى، دولان نەغمە دېيى قاتارلىق مەخسۇس چالغۇلارنىڭ ئۆز ئارا تەڭكەش قىلىشى بىلەن شوخ ئورۇندىلىدۇ. ئۇنىڭغا سېلىنغان تېكىستلەر خەلق قوشاقلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇسسۇل ئوينىلىۋاتقان سورۇننىڭ ۋەزىيىتى ئەلنەغمىچىلەرنىڭ كەيپىياتى ۋە باشقا ئەھۋاللارغا قاراپ، مۇقام تېكىستلىرى دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

دولان مۇقاملىرى ئەنە شۇنداق بەدىئىي ماھارەت [illegible]
بارلىققا كېلىپ، بىرا - بىرا ئىپتىدائىي مىللىي [illegible]
تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇسسۇللۇق مەشرەپ مۇقاملىرى ئاساسىدا
ۋە مۇزىكىلىق مۇقام مەشرىپىنىڭ ئەسلىدىكى، [illegible]
شەكىللەندۈرگەن. بىرا - بىرا مەشرەپ شەكلى [illegible]
مۇكەممەل سىستېمىغا ئايلاندۇرۇلۇپ كېيىنچە، مۇقام مەشرىپى
پەيتەكچىسى سۈپىتىدە مەشرىپىنىڭ مۇقەددىمىسىدىن ئورۇن ئېلىپ
②، دولان مەشرەپ مۇقاملىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىلماس بىر
پۈتۈنلۈكىنى شەكىللەندۈرگەن. مەشرەپ دولان مۇقاملىرىنىڭ
مۇقەددىمىسى بىلەن باشلىنىدىغان بولغان.

«ھەممىگە ئايانكى، ھەر قانداق مىللەت ۋە قەبىلىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي مەدەنىيىتى بولىدۇ. بۇنداق مەدەنىيەت كۆرەش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ. دولان مەشرەپ - مۇقامى، دولان ئۇسسۇلى مانا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي كۆرەش نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن.»③ دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىنىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانىغا نەزەر سالساق، ئۇ ئۆزىنىڭ تولىمۇ قەدىمىيلىكى بىلەن بىزنى قەدىمكى ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيىتى، ئۇسسۇل شەكلى، پسىخولوگىيىسى، تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىق تەرەپلەردىن يېڭى ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. دولان مەشرىپى (ئۇسسۇلى) نىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى دولاندىكى پېشقەدەم خەلق ئەلنەغمىچىلىرىنىڭ رىۋايىتى ۋە ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئوۋ ئوۋلاش جەريانىدۇر. بۇ جەريان ھازىر دولان مەشرەپلىرىدە سىمۋوللۇق خاراكتېردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن: دولان مەشرىپىنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا ئاۋازى ئوبدان چىقىدىغان بىر نەغمىچى يۇقىرى ئاۋازدا داپقا تەڭكەش قىلىپ «ۋاي ئاللا، ۋاي ئاللا!...» دەپ توۋلاشلىرى قەدىمكى زاماندا كىشىلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىرتقۇچ هايۋاننىڭ هۇجۇمىغا ئۇچراپ، چۇقان - سۈرەن سېلىپ ئادەم توپلاش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرسە، ئارقىدىنلا باشلانغان «چېكىتمە» باسقۇچى ئەرلەرنىڭ يىرتقۇچ هايۋانلار بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن ئۇياق - بۇياقنى ئاختۇرۇپ، تاياق - توقماق ئىزلەۋاتقان، يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ زەڭ سېلىۋاتقان هالىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئىككىنچى رەتتىكى «سەنەم» باسقۇچىدىكى ئۇقىيا تارتىش، كالتەك بىلەن دۇمبالاش، نەيزە سانجىش ھەرىكەتلىرى ئۇۋ جەريانىدىكى كۆرەشنى، باتۇرلۇقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۈچىنچى رەتتىكى «سەلىقە» باسقۇچىدا، كىشىلەرنىڭ بىر يەرگە توپلىشىپ، يىرتقۇچ هايۋانلارنى يوقىتىش ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. تۆتىنچى رەتتىكى «سىرىلما» باسقۇچى ئۇۋدىن كېيىنكى تەنتەنە، غەلىبە شادلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. دېمەك، «قەدىمكى زاماندا كىشىلەر مەيلى ئۇرۇش قىلسۇن، مەيلى ئۇۋ قىلسۇن، ئۇۋ غەنىمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقاندا، ئۆز خۇشاللىقلىرىنى قانداقتۇر بىر ئۇسسۇل خاراكتېرىگە ئىگە ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئىپادە قىلىشقان. زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ھەرىكەتلەر ھەر قېتىملىق غەلىبىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئوينايدىغان بىر خىل رىتىملىق، سىستېملىق ئۇسسۇلغا قاراپ تەرەققىي قىلغان»④ ھەمدە كېيىنكى چاغلاردا بۇ خىل ھەرىكەتلەر ئۇسسۇللارنىڭ تۆرلۈك باسقۇچلىرىدا تۆرلۈك ھەرىكەت شەكلى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان.

«مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىيا تاشلارغا ئويۇلغان زور تۈركۈمدىكى رەسىملەرگە قارايدىغان بولساق، بەزى نەرسىلەرنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. بۇ رەسىملەر ئىچىدە كىشىنى ئۆزىگە بەكرەك جەلپ قىلىدىغىنى ئۇسسۇلچىلار قىياپەتلىرىدىكى سۈرەتلەر بولۇپ، بۇلار يالغۇز ئۇسسۇل، ئۈچ كىشىلىك ئۇسسۇل ۋە نىقابلىق ئۇسسۇللاردىن ئىبارەت.

يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇلدا، ئۇسسۇلچى ئۇزۇن كۆينەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىيگەن بولۇپ، ئىككى قولنى مۈرىسىدىن يۇقىرى كۆتىرىپ چۆرگىلەۋاتقان، ئۇنىڭ ئىتەكلىرى چۆرگىلەشتىن كۆپۈپ كەتكەن بىر خىل ھەرىكەت تەسۋىرلەنگەن. (رەسىم 1 - گە قاراڭ) مانا بۇ ھەرىكەتنىڭ كۆرۈنىشى، گويا ھازىرقى دولان ئۇسسۇلىنىڭ تۆتىنچى ھەركىتى بولغان «سىرىلما» غا بەكمۇ ئوخشايدۇ. يەنەبىر ئۇسسۇلچى رەسىمى (رەسىم 2 - گە قاراڭ) دە بىر كىشى ئىككى قولنى لاچىن قانات كەرگەن شەكىلدە تۇتۇپ، قەدەم تاشلاۋاتقان، ئۇچىسىدىكى ئۇزۇن كۆڭلىكىنىڭ ئىتىكى سەل ئېچىلغان بولۇپ، بۇ ھەرىكەتنىڭ شەكلى ھازىر دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئىككىنچى ھەرىكىتى بولغان «سەنەم» ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىش قىسمىغا ئوخشايدۇ. ئۈچ كىشىلىك ئۇسسۇلچىلارنىڭ قوللىرى ئوخشاشلا لاچىن قانات كەرگەن شەكىلدە بولۇپ، قەدىمىنى چوڭ ئېلىپ، ئۈچىلىسى بىر خىل رىتىمدا ھەرىكەت قىلىپ كېتىۋاتقان. ئۇسسۇلدىكى قىياپەت ناھايىتى جىددىي ھەم چاققان بولۇپ (رەسىم 3 - گە قاراڭ)، بۇلارنىڭ كېيىنىشىدىن قارىغاندا 1 -، 2 - رەسىمدىن سەل بۇرۇنراق سىزىلغانلىقى مەلۇم. ئەمما ھەرىكەت شەكلى ھازىرقى دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئۈچىنچى ھەرىكىتى بولغان «سەلىقە» ھەرىكىتىگە ناھايىتى ئوخشاپ تۇرىدۇ»⑤. بىز قارا قۇرۇمدىكى مۆلچەر دەرياسى بويىدىن تېپىلغان بۇ قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ئوبرازلارنى دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئەڭ قەدىمىي شەكلى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايمىز.

ھازىر دولان ئۇيغۇرلىرى بىر قەدەر مەركەزلىك توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، دولان مەشرەپ مۇقاملىرى ۋە دولان چالغۇلىرى ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان مەكىت ناھىيىسىنى ئالساق، بۇ ناھىيىنى شىمال، غەرب، غەربىي جەنۇبىي تەرەپلەردىكى ناھىيە، شەھەرلەردىن يەكەن دەرياسى ئايرىپ تۇرىدۇ. شەرقىي تەرىپى بولسا چەكسىز كەتكەن تەكلىماكان

www.uyghurkitap.com



رەسىم 3



رەسىم 2



رەسىم 1

قارا قۇرۇمنىڭ مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىيا
تاشلارغا ئويۇلغان ئۇسسۇلچىلار سۈرىتى

قۇملىقى بىلەن تۇتىشىدۇ. قاتتىق قولايسىزلىقى تۇپەيلىدىن بۇ رايون تارىختىن بۇيان ئەتراپتىكى قوشنا جايلار بىلەن كەمدىن - كەم ئالاقە قىلىپ تۇرغان بولغاچقا، ئەتراپتىكى شەھەر مەدەنىيىتى ۋە قوشنا جايلارنىڭ تەسىرىگە ئاز ئۇچراپ كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن، بۇ يەردىكى خەلق ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ئۆز ئەينى ساقلاپ قالغان ھەم كەڭرى كەتكەن توغراقلىقلاردا، جاڭگاللاردا ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ خىل قەدىمكى كەسىپنىڭ ئىزنالىرى ھېلىمۇ بۇ يەردىكى دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: مېھمانخانىغا قوينىڭ ئۇچىسىنى پۈتۈن پېتى ئېلىپ چىقىش، قۇش - قارچۇغا، ئىت - تايغانلار بىلەن ئوۋ-ئوۋلاش، ئوغلاق تارتىش قاتارلىقلار.

دولان رايونىدا قەدىمكى ھەر خىل دىنلارنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن تەسىرى ئانچە چوڭقۇر ئەمەس. بولۇپمۇ، ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ھوقۇقى جەھەتتىن باشقا جايلاردىن پەرق قىلىدۇ. تارىختىن بۇيان، بۇ يەردىكى ئاياللار ئەرلەر بىلەن بىرلىكتە ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ كەلگەن.ئاياللارنىڭ يۈزىنى يېپىش ئادىتى بولمىغان. شۇنداقلا، تەكلىماكاننىڭ بويىدىكى دولاننىڭ مەركىزىي رايونلىرىدا ئىسلامىيەتتىن كېيىن باشقا جايلاردا بولغىنىدەك مۇزىكا، ناخشا - ئۇسسۇل چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان. شۇڭا، بۇ رايوندا دولان مەشرەپ مۇقاملىرىدا ئەر - ئايال بىرلىكتە ئۇسسۇل ئوينايدىغان، ئەر - ئايال بىرلىكتە ساز چېلىپ مۇقام توۋلايدىغان ئادەت ساقلىنىپ قالغان. بۇ «مىلادى 5- 6 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولغان قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 11 -، 82 - غارىدىكى؛تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ 25 - غارىدىكى؛ كۇچا قۇمتۇرا مىڭئۆيىنىڭ 30 - غارىدىكى تام رەسىملەردە ئەر - ئايال بىرلىكتە ساز چېلىپ، نەغمە - ناۋا قىلىپ، مۇراسىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن»⑥ ھالەت بىلەن تامامەن ئوخشاش. شۇنداق ئىكەن، دولان - مەشرەپ مۇقاملىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك مۇزىكا، ناخشا - ئۇسۇللىرى تۈركۈمىدە خېلى قەدىمكى زاماندىلا بارلىققا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا ھەقلىقمىز. چۈنكى، ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىگە يات بولغان بۇ ئىشلارنىڭ ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئىنكار قىلىنماي، يەنىلا داۋاملىشىپ كېلىشى ئۇنىڭ تارىخي ، مىللىي ئاساسىنىڭ چوڭقۇر ۋە مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىنىڭ قەدىمىلىكى توغرىسىدا ئىلىمىزنىڭ مەخسۇس مۇزىكا، ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەردىن بىر قىسىم مەلۇماتلارنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. تەتقىقاتچى گۇباۋ ئەپەندى «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە قەدىمكى جەمئىيىتى» دېگەن ئەسىرىدە «سۇڭ سۇلالىسى. تارىخ، مۇزىكا تەزكىرىسى» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «سۇڭ سۇلالىسى (مىلادى 960 - 1379 - يىللار) نىڭ 16 ئۇسسۇل ئۆمىكى ئىچىدە 醉胡腾队 ئۆمىكى (بۇلار قىزىل تاۋاردىن قىسقا كىيىم كىيىدۇ، كۈمۈش كەمەر باغلايدۇ، كىگىز قالپاق كىيىدۇ)، 玉兔浑脱队 (بۇلار رەڭدار تاۋاردىن قىسقا كىيىم كىيىدۇ، كۈمۈش كەمەر باغلايدۇ، ئاق توشقان تېرىسىدىن تەلپەك كىيىدۇ) ئۆمىكى، 射雕回鹘队 ( بۈركۈت ئاتار ئۇيغۇر ئۆمىكى (بۇلار تاۋاردىن قىسقا كىيىم كىيىدۇ، كۈمۈش كەمەر باغلايدۇ، بۈركۈت ئېتىۋاتقان قىياپەتتە تۇرىدۇ) قاتارلىق ئۈچ ئۆمەك بولۇپ، بۇ ئۆمەكلەر ئورۇندىغان ئۇسسۇللارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى شىنجاڭ ئۇسسۇللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ھازىرقى شىنجاڭ مەكىت ناھىيىسى ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئوينىلىپ كېلىۋاتقان دولان ئۇسسۇلىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەرىكىتى ئاددىي ۋە سالماق بولۇپ، يەنىلا بۈركۈت ئېتىۋاتقان قىياپەتنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ.»⑦

ئا. مۇھەممەت ئىمىننىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە: «تاڭ سۇلالىسى دەۋرى (مىلادى 618 ـ 907 ـ يىللار) دە شىنجاڭدىكى ئىچكىرىدە تارقالغان ‹چوڭ نەغمە› ئىچىدە ‹ئىۋىرغول مۇزىكىسى›، ‹ئەتلەس كۆينەك›، ‹ئۇيغۇر راھىبىنىڭ ساماسى›، ‹ئوقيا ئېتىش›، ‹كۇچا نەغمىسى›.... قاتارلىق ئۇسسۇللار، مەشرەپلەر بار ئىدى» دەپ يازىدۇ ھەم بۇ ئۇسسۇللار ئىچىدىكى «ئوقيا ئېتىش ئۇسسۇلى» نى دولانلارنىڭ قەدىمكى ئوقيا ئېتىش ئۇسسۇلى دەپ قارايدۇ⑧. مۇزىكا تەتقىقاتچىسى جۇچېڭباۋ ئەپەندى بولسا «دولانلارنىڭ ‹ئوقيا ئېتىش ئۇسسۇلى› ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈش (مىلادى 840 ـ يىلى) تىن ئىلگىرى بار ئىدى» دەيدۇ.⑨

دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ قەدىمىيلىكىنى دولان چالغۇ ئەسۋابلىرىمۇ دەلىللەپ بېرىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللاردىكى مەلۇماتلاردا، ئۇيغۇرلار ھازىر ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان راۋابلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكلى دولان راۋابى بولۇپ، دولان راۋابىنىڭ قەدىمكى چاغدا تارىم ۋادىسىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابى ئىكەنلىكى، ئۇ مىلادى IV ئەسىرلەردىن ئىلگىرىلا خېلى كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن ⑩. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلارمۇ بۇ نۇقتىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. كۇچا قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 44 ـ غارى (مىلادى 281 ـ 419 ـ يىللارغا تەۋە) ۋە 98 ـ غار (مىلادى 420 ـ 581 ـ يىللارغا تەۋە) لىرىدا بىر مۇزىكانتنىڭ ھازىرقى دولان راۋابىغا ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدىغان بىر چالغۇنى چېلىپ تۇرغان كۆرۈنۈشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چۇشۇرۇلگەن. ئىلىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرى بۇ چالغۇنى ھازىرقى دولان راۋابىنىڭ دەل ئۆزى دەپ قارىماقتا.»⑪

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق مۇزىكىشۇناسى بېلىيايېۋ ئۆزىنىڭ «ئۆزبېكىستان چالغۇلىرى» (1933 - يىلى موسكۋا نەشرى) ناملىق ئەسرىدە، دولان راۋابىنى راۋابنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكلى دەپ تونىغان. ئۇ يەنە ھازىرقى ئۇيغۇر راۋابىنى، ھەتتا ھىندى راۋابىنىمۇ دولان راۋابىدىن ئۆزگەرگەن، دەپ ھېسابلىغان. داڭلىق ئۆزبېك مۇزىكىشۇناسى پروفېسسور ف. كارامەتوۋ ئۆزىنىڭ «ئېسترومېنتاللىق مۇزىكىلار» دېگەن ئەسىرىدە «ئۇيغۇر راۋابىنىڭ پەيدا بولۇش ئۇچىقى دولان ۋادىسىدۇر» دەپ يازغان.⑫

ئىلىمىزنىڭ مۇزىكا تەتقىقاتچىسى جۇچېڭباۋ ئەپەندىمۇ بۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ «يىپەك يولىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى» دېگەن ئەسىرىدە «ئۇيغۇرلار ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان راۋابلار ئىچىدىكى دولان راۋابى راۋابنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكلى بولۇپ، دولان راۋابىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ....قەشقەر راۋابىمۇ دولان راۋابىدىن ئۆزگەرگەن» دەيدۇ.⑬

موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى «تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن» دېگەن ئەسىرىدە، مەۋلانە شەيخ ئەبۇ نەسىر فارابى (مىلادى 870 - 950 - يىللار) نىڭ قالۇننى ئۆز قولى بىلەن ياساپ، سىم سالغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.⑭ سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن سەيياھ ۋاڭ يەندې مىلادى 981 - يىلى ئىدىقۇتقا كەلگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى، چالغۇ ئەسۋاب خىللىرىنىڭ كۆپلۈكى، ھەتتا بارىبىت ۋە قالۇن قاتارلىق سازلارنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان.⑮ ھالبۇكى شىنجاڭ، جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا قالۇننىڭ مەۋجۇتلۇقى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ملادى 9 ـ 10 ـ ئەسىرلەردىكى ئىش بولماستىن، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ملادىدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللاردىن ئىلگىرى مىسسوپوتامىيىگە كۆچۈپ بارغان سۇمېرلار قەبرىگاھلىقىدىن ساندۇق شەكىلدىكى قالۇن تېپىلغان⑯ ئىدى. قالۇن بولسا، دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ ئاساسلىق چالغۇلىرىدىن بىرىدۇر. نۆۋەتتە، دولان قىل غىجىكىنىڭ ئۇيغۇر غىجىكىنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكلى ۋە مەنبەسى ئىكەنلىكى، ھازىرقى ئۇيغۇر غىجىكىنىڭ قەدىمكى دولان قىل غىجىكىدىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەنلىكى، دولان غىجىكىنىڭ پارسلارنىڭ «كامانچا» دەپ ئاتىلىدىغان چالغۇسىدىن پەرقلىق ھالدا، ئۇيغۇر غىجىكىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقى ئېتىراپ قىلىنماقتا.

دولان راۋابىنىڭ ياسىلىشى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئۈجمە ياغىچىدىن تېرە بىلەن كېرىپ ياسىلىدۇ. ئادەتتە دولان راۋابىنىڭ دەستىسىگە پەدە باغلانمايدۇ. بۇ جەھەتتىن ئۇ باشقا تارلىق چالغۇلارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، راۋاب چالغۇچىدىن ئالاھىدە ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدا بەزى مىللىي پۇراقلارنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ. دولان راۋابىنىڭ 11 تالدىن 17 تالغىچە تارىسى بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۈچ تالدىن بەش تالغىچە تارىسى ئاساسلىق سىم، قالغانلىرى قوشۇمچە ئاۋاز تەڭشىگۈچى سىملاردىن ئىبارەت. دولان راۋابىنىڭ تارىسى ئىلگىرى ئۈچەيدىن ياسىلاتتى، ھازىر ھەممىسىگە پولات سىم ئىشلىتىلىدۇ. راۋابنىڭ ئاساسلىق تارلىرى راۋاب دەستىسىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى قولاقا ئاستى قىسمىدىكى قورساقتىن ئۆلىنىدۇ. قالغان قوشۇمچە تارلىرى راۋاب دەستىسىنىڭ سول تەرىپىگە، قورساق قىسمىغا يېقىن بېكىتىلىپ، قوشۇمچە ئەكس سادا قايتۇرغۇچى، ئاۋاز تەڭشىگۈچلۈك رولىنى ئوينايدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك دولان مۇقاملىرىنىڭ كۈي شەكلىگە ماسلاشتۇرۇلغان. راۋابنىڭ باش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(قورساق) قىسمىدىن سەل يۇقىرى قىسمىغا قىسقا ئىككى نەقىشلەنگەن مۈڭگۈز بېكىتىلىدۇ.

دولان راۋابى ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ ئىپتىدائىي مەنبەسى ۋە گەۋدىسى بولغان «دولان توققۇز مۇقامى»نى ئورۇندايدىغان ئاساسلىق چالغۇ بولغاچقا، دولان ئۇيغۇرلىرى مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات (ئاقسۇنىڭ)، قۇمۇل (قۇمۇل راۋابىنىڭ شەكلى دولان راۋابىنىڭكىدىن ئانچە كۆپ پەرقلەنمەيدۇ) قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي چالغۇسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مۇزىكىسىنى ئۇسلۇبى ۋە قۇرۇلمىلىرى بويىچە ئايرىغاندا، ئىككى چوڭ غولغا بۆلۈنىدۇ: بىرى، باياۋان - ئورمان مۇزىكىسى، يەنە بىرى باغۋاران - بوستان مۇزىكىسى. ئەمما بۇ ئىككى غول بىر - بىرىدىن مۇتلەق چېگرىلانغان ئەمەس. باياۋان - ئورمان مۇزىكىسى ناھايىتى يىراق ئۆتمۈشتىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆچمەنلىك باسقۇچىدا ياشاۋاتقان دەۋرىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ھالەتلىرىگە ماس كېلىدىغان سەنئەت شەكىل ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. باياۋان - ئورمان مۇزىكىسى ئاساسەن دولان ئاھاڭلىرىدىن تەركىب تاپقان.⑰ دولان مۇقاملىرىدىكى كۆپ قىسىم مۇقامناملىرىنىڭ «باياۋان» سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ كېلىشى بۇ نۇقتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ ھەمدە «باياۋان» سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەن دولان مۇقاملىرىدىكى مۇقام نامىنىڭ تارىخىي قاتلىمى دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىنىڭ قەدىمىيلىكىنى ئىسپاتلايدىغان يەنە بىر مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دولان مۇقاملىرىنىڭ ئىچىدە «باش باياۋان»، «بوم باياۋان»، «چۆل باياۋان»، «زىل باياۋان»، «رەسىم باياۋان»، «ماموق باياۋان»، «خودەك باياۋان» دېگەن مۇقام ناملىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ يەردىكى «باياۋان» سۆزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دولان مۇقاملىرى سىستېمىسىدىكى ھەر بىر مۇقامنىڭ نامىغا قوشۇلۇپ كەلگەن. خەلق ئىچىدە «باياۋان» سۆزى دولان مۇقاملىرىنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە «دولان مۇقامى» دېگەن نامنىڭ ئورنىدا قوللىنىلىپ كەلمەكتە. ھازىر بەزى دولان ئەلنەغمىچىلىرى «مۇقام ئېيتىش» دېمەي «باياۋان تولاش» دېگەننى كۆپرەك ئىشلىتىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، «باياۋان» دېگەن سۆز ئەرەبچىدىكى «مۇقام» دېگەن سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ چاغاتاي باسقۇچى دەۋرىدە «مەقام» نامى بىلەن كلاسسىك كۈيلەرنىڭ نامى سۈپىتىدە ئۆزلەشكەن ھەمدە مەنىسى مۇقۇملىشىپ بولغان ھالەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغان دەۋرىدىن ئىلگىرىكى چاغلاردا، دولان مۇقاملىرىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ كەلگەنلىكى مەلۇم.

«باياۋان» دېگەن سۆز چۆل - جەزىرە، جاڭگال، بىپايان كەڭرى كەتكەن دالا دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى ئەجدادلىرىمىز ئوۋ ئوۋلاش، بېلىق تۇتۇش، ئورمان كېسىش، بوز يەر ئېچىش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش شەكىللىرى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى، ھەسرەت - نادامەتلىرىنى بېيىت - قوشاق قىلىپ توقۇغان. ئۇلار سەپەر قىلغاندا، يايلاقلاردا ياكى چۆل - باياۋانلاردا يۈرۈپ يالغۇزلۇق، غېرىپلىق ھېس قىلغان چاغلىرىدا، ئىچ - پۇشقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئاشۇ تەسىرلىك قوشاقلارنى ئاھاڭغا سېلىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن مۇڭلۇق توۋلىغان، غەزەل قىلىپ ئوقۇغان. بۇ غەزەللەر ئۆزىنىڭ مىللىيلىكى ۋە ھېسسىياتچانلىقى بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئېستېتىك زوقىنى قوزغاپ، ئۇلارنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلغان. نەتىجىدە بۇ خىل مۇڭلۇق غەزەللەر ئەمگەك جەريانىدا چۆل - باياۋانلاردا يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇلغىنىغا ئاساسەن «باياۋاندا توۋلانغان غەزەل، غېرىپلىق ناخشىسى» ياكى «باياۋان غەزىلى» دېگەن مەزمۇنلاردا «باياۋان» دەپ ئاتالغان

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

⑱ بولۇشى مۇمكىن.

دولان مۇقاملىرى نامىنىڭ تارىخىي قاتلىمى ھەر بىر مۇقامغا سىڭىنغان مۇقام تېكىستلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

دەشتىدە ئەرۋاھ،
ئۇنىڭ ھالىنى كۆردۈم.
يېتىپتۇ داق سۆڭەك بولۇپ،
ئۇنىڭ مازارىنى كۆردۈم.

يايرىمنىڭ قارا قويى،
ئوتلايدۇ تېرىقلىقتا.
يايرىم كېتىپ مەن قالدىم،
بۇ يۇرتتا غېرىپلىقتا.

بۇ ئىككى پارچە قوشاق دولان باش باياۋان مۇقامىنىڭ تېكىستلىرى بولۇپ، ئالدىنقى قوشاقتا قەدىمكى زاماندا ھەر خىل دىنىي ئېتىقاد (توتېم) لارنىڭ تەسىرىدە ئادەم ئۆلسە كۆممەي ئوچۇق قالدۇرۇشتەك ئادەتلەرنىڭ بولغانلىقى تەسۋىرلەنگەن بولسا، كېيىنكى قوشاقتا قەدىمكى زامانىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنىڭ مۇھەببىتى تەسۋىرلەنگەن. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، بۇ ئىككى قوشاقتىكى قەدىمكى زاماندا ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق تۇرمۇشى بىلەن شۇغۇللانغان، ھەر خىل دىنىي ئېتىقاد (توتېم) نىڭ تەسىرى ئاستىدا تۇرغان، ئۆزگىچە بولغان دەپنە قىلىش ئادىتى ۋە ئىنسانىي سۆيگۈ مۇھەببىتى ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇڭىمۇ بۇ مۇقام ئۆزىدىكى ئىپتىدائىي ئامىللارنىڭ موللۇقى بىلەن، ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان مۇقام سۈپىتىدە «باش باياۋان»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەپ ئاتالغان.

دولان مۇقاملىرىنىڭ باش باياۋاندىن كېيىنكىلىرى «زىل باياۋان»، «بوم باياۋان»، «سىم باياۋان» قاتارلىق مۇقاملار بولۇپ، بۇ مۇقاملارنىڭ نامى ئاساسەن مۇقام چالغۇلىرىنىڭ، جۈملىدىن دولان راۋابىنىڭ قايسى سىمدىن باشلانغانلىقىغا قاراپ قويۇلغان. بىراق، خەلق ئىچىدە بۇ مۇقاملارنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت ساقلانغان: قەدىمكى زاماندا نۇر بېيت ئىسىملىك بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈچ ئوغلىنى ھەر قايسى يۇرتلارغا ئەۋەتىپ، شۇ يۇرتنىڭ ناخشىلىرىنى ئۆگەتكەن ئىكەن. بۇ ئوغۇللار ھەر قېتىم ئوۋغا چىققاندا ياكى يايلاق قوغلاپ يادا بېقىپ قايتىپ كېلىشىدە، ئۆزلىرىنىڭ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ھەر قايسىسى ئۆزلىرى ئۆگەنگەن ناخشىلىرىنى ئېيتىدىكەن. چوڭ ئوغلىنىڭ ئاۋازى بوم چىقىدىغان بولغاچقا، ئۇ قايتىپ كەلگەندە ئۆيدە ئولتۇرغان بوۋاي مومايغا «ھازىر بوم باياۋان قايتىپ كەلدى» دەيدىكەن. كىچىك ئوغلىنىڭ ئاۋازى زىل چىقىدىغان بولغاچقا، ئۇ قايتىپ كەلگەندە «مانا زىل باياۋان قايتىپ كەلدى» دەيدىكەن. ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭ ئاۋازى ئېگىز - پەس، ئالا - تاغىل چىقىدىغان بولغاچقا، ئۇ قايتىپ كەلگەندە «مانا ئەمدى خودەك باياۋان قايتىپ كەلدى» دەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ سۆزلەر زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ناخشىلارنىڭ ئىسمى بولۇپ قالغانىكەن. بۇ ناخشىلار كېيىن تەرەققىي قىلىپ، ھازىرقى مۇقام شەكلىگە كەلگەنىكەن. بۇ مۇقاملارمۇ ئاشۇ ناخشىلارنىڭ نامى بويىچە «بوم باياۋان»، «زىل باياۋان»، «خودەك باياۋان» دەپ ئاتالغانىكەن. بۇ رىۋايەتكە قارىغاندا، دولان مۇقاملىرىنىڭ بۇ ئۈچ مۇقامى دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەدىمكى ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ جاينى چۆل دېگەن،
چۆل ئەمەس بازار ئىكەن.
توغرىقى ئالمىغا ئوخشاش،
يۇلغۇنى مازار ئىكەن.

ئۇيان باقسام، بۇيان باقسام،
ئاكام كەلمەيدۇ.
يايرىم بىلەن چۆلدە ياتسام،
قورققۇم كەلمەيدۇ.

بۇ قوشاقلار دولان چۆل باياۋان مۇقامىغا سىڭدۈرۈلۈپ تېكىستلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇن دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئولتۇراقلاشقان رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتىنى، يەنى چەكسىز كەتكەن شىمالىي يايلاق چۆللىكى بىلەن تارىم بوستانلىقىنىڭ ئىپتىدائىي ھالىتىنى ناھايىتى ئوبرازلىق ھەم ئۆزىنىڭ قايناق مۇھەببەت ھېسسىياتى بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن. مۇقام نامىمۇ مۇشۇنىڭغا ماس ھالدا «چۆل باياۋان» دەپ ئاتالغان.

دولان مۇقاملىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكىلىرى «ئۆزھال باياۋان»، «سامۇق باياۋان» قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالغان بولۇپ، بۇ يەردىكى «ئۆزھال»، «سامۇق» سۆزلىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

دېمەك، دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى ئۆزىنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى، مەشرەپ - مۇقام قۇرۇلمىلىرىدىكى ئىپتىدائىي ئاملىلار، يىزا - يايلاق تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ كۈچلۈكلىكى، قەدىمكى ئەجداتلار قالدۇرۇپ كەتكەن قىيا تاش رەسىملەر ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى تەسۋىرلەر، چالغۇ ئەسۋابلىرىدىكى ساقلىنىپ قالغان قەدىمىي شەكىل، مۇقام ناملىرىنىڭ ئېتمولوگىيىسى ۋە تارىخىي قاتلىمى، يازما مەنبەلەردە قالدۇرۇلغان بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار قاتارلىق ئامىللارنىڭ ھەر تەرەپلىمە يورۇتۇپ بېرىشى بىلەن، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكا، ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ ئوبرازلىق، ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ قەدىمكى ھالىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان بىر تۈر ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىپ تۇرماقتا. ئەمەلىيەتتىمۇ، دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامنىڭ نەغمىلىرىنىڭ ۋە ئۇسسۇللىرىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي شەكلى، ئۇلى ۋە مەنبەسى ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنىپ كەلمەكتە.

**ئىزاھلار:**

① ئۆمەرجان ئىمىن: «دولان ۋە دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، 1989 ـ يىل 3 ـ سان، 70 ـ بەت.

② ⑱ مۇھەممەت ئوسمان «دولان مۇقام ناملىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تارىخىي ئۆزگىرىشى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە»، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى»، 1992 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 368 ـ 370 ـ بەتلەر.

③⑥ ئەمەتجان ئەخمىدى «ئۇيغۇر مۇقاملىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 61 ـ، 59 ـ بەت.

④⑤ ھىمىت مېھرۇللا، لەتىپە قۇربان «ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 95 ـ، 96 ـ بەتلەر، 126 ـ بەت.

⑦ گۇباۋ: «شىنجاڭنىڭ قەدىمىي ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە قەدىمكى جەمئىيىتى»، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى»، 1986 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 32 ـ، 33 ـ بەتلەر.

⑧ ئا. مۇھەممەت ئىمىن «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇقام ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى، 53 - بەت.

⑨⑬ جۇچىڭباۋ «يىپەك يولىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 285 - بەت، 411 - بەت.

⑩ «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇرچە سانى، 1993 - يىل 7 - سىنتەبر.

⑪⑫ ئۆمەرجان ئىمىن: «دولان ۋە دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، ئۇيغۇرچە، 1989 - يىل 4 - سان، 46 - بەت.

⑭ مۆجىزى: «تەۋارىخىي مۇسقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 53 - بەت.

⑮ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئون ئىككى مۇقامنىڭ تارىخىي مەنبەسى توغرىسىدا بەزى مۇلاھىزىلەر»، «شىنجاڭ پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى خەۋىرى»، 1989 - يىل 3 - سان، 37 - بەت.

⑯ ئا. مۇھەممەت ئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە - ئېقىملىرى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، 167 - بەت.

⑰ ئىمىن تۇرسۇن: «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە»، 34 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەكتىپنىڭ 50 - يىللاردىن ئىلگىرىكى مائارىپىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

ئەينى ۋاقىتتا، مەكتىتىكى دىنىي مەكتەپلەردىن بازار ئىچىدە ئابدۇكېرەم داموللام ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان بىر مەكتەپ، پوسكام كەنتىدە مۇھەممەت ئەلەم ھاجىم ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان بىر مەكتەپ، پاختىلىقتا ھەزىز ھاجىم، يانتاقتا خالىق ئىمام، تاۋاكېسكتە ئابدۇراخمان موللام، ھاڭغىتلىقتا تۇردى قارىم، ئۆتەڭدە ھالىم موللام قاتارلىقلار ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان دىنىي مەكتەپلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ 25 تىن 30 غىچە ئوقۇغۇچىسى بولغان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئابدۇكېرەم داموللام مۇدەررىسلىكىدە قۇم مەسچىتتە بىر مەدرىس ئېچىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ 15 كە يېقىن تالىپى بولغان. بۇلار ئاساسەن ئىمام - مەزىنلەرنى يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغانىدى.

شۇ زامان شارائىتىدا، مەكىت خەلقىنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغاچقا، پەرزەنتلىرى يەتتە ياشقا توشقان ھامان دىنىي مەكتەپكە بېرىپ مەلۇم ساۋاتقا ئىگە قىلاتتى. بۇنى ئاتا - ئانىلار ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلەتتى. دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسلىق دەرسى ئىسلام ئەقىدىلىرىدىن باشلانغۇچ ساۋات بېرىش، ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىتىش، قۇرئان سۈرىلىرىنى يادلىتىشتىن ئىبارەت بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ياغاچ تاختىغا ئېلىپبە ھەرپلىرىنى يېزىپ ئۆگىتىپ ھەپتىيەك، قۇرئان يېزىقىنى مەنىسىنى بىلمىسمۇ تونىيالايدىغان ھالغا كەلتۈرگەن. خەت ساۋاتى ياخشى بولغانلارغا سەرپ تۈركى (گراماتىكا)، ئەدەبىي لۇغەت، ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنى ئۆگەتكەنىدى.

دىنىي مەكتەپ خەلپىتىنىڭ تەمىناتى ئاساسەن باللارنىڭ ئاتا - ئانىسى دۇئا قىلدۇرغان ئازراق پۇل - پۈچەك، كىيىم -

بىز يېڭىدىن ئېچىلغان ۋەتەنىنىڭ گۈلى.
ئوقۇتىمىز ئەۋلادنى يېڭى پەن بىلەن،
پۇختا بولسۇن مەكتەپنىڭ سېلىنغان ئۇلى.

مانا بۇ سادا ئەسىرلەردىن بېرى نادانلىق ۋە جاھالەت تۇمانلىرى ئىلكىدە تېڭىرقاپ، ئىلىم - مەرىپەت ۋە يېڭىلىققا تەشنا بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ يېڭى مائارىپ سىگنالى بولۇپ، خەلقىمىزنى ئويغىتىش، ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە ۋە مۇتەئەسسىپ جاھىل كۈچلەرگە قارشى كۆرەش قىلىشقا ئۈندىدى. بۇ چاغدا، جەمئىيەت كەيپىياتىدا ۋە كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. بىر قىسىم خەلقپەرۋەر ئىلغار زاتلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يېڭى مەكتەپلەر قۇرۇلغاندىن باشقا، يەنە بىر قىسىم دىنىي مەكتەپلەردىكى تەرەققىيپەرۋەر خەلپەتلەرمۇ ئويغىنىپ، ئۆز تالىپلىرى بىلەن يېڭى مەكتەپ ئېچىش يولىغا ماڭدى. بۇلاردىن ئابلائاخۇن خەلپىتىم تۇنجى بولۇپ 1934 - يىلى يېڭى مەكتەپ ئاچتى (بۇرۇنقى كونا دىنىي مەكتەپنى يېڭى مەكتەپكە ئۆزگەرتتى). ئۇنىڭ 36 ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. بۇ كىشى قەشقەردە قۇرۇلغان «مەھمۇدىيە» مەكتىپىدە ئالتە ئاي تەربىيە ئالغان بولۇپ، خېلى يۇقىرى مەلۇماتلىق ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر قىسىم مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، مەكتەپ يېڭى مائارىپنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى تىكلىگەنىدى.

1935 - يىلى 2 - ئايدا، ھەبىبۇللا بەگ (كورلا لوپنۇرلۇق) ناھىيىگە ھاكىم بولۇپ كەلدى. ئۇ كىشى تەرەققىيپەرۋەر زات بولغاچقا، مەكتەپ مائارىپىدا ئوقۇتقۇچى كەم بولۇۋاتقان ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، تۇردى بەگ، ئوبۇلقاسىم ئەپەندى، قادىر بەگ، ھېسامىدىن بەگ، ئابدۇۋەلى ئەپەندى، ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى، ساۋۇت ئەپەندى، ھەسەن بارات قاتارلىق سەككىز كىشىنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئاچقان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئەۋەتىپ ئالتە ئاي تەربىيىلەپ كەلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مەكتەپتىكى بىر قەدەر سەۋىيىلىك 36 تالىپنى كۇرستا تەربىيىلەپ، ئۇلاردىن 16 نەپەرنى ھەر قايسى يېزىلاردىكى مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى قىلىپ ئەۋەتكەنىدى.

ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ كېڭىيىشى، كەڭ خەلقنىڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇسىنىڭ ئېشىپ بېرىشى مەكتەپلەرنىڭ كۆپلەپ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن پاختىلىق، قاقشال، تومەنتال، يۇقىرى ئاۋات، چوڭقۇرچاق، تۆۋەن ئاۋات (بۇ ئىككىسى ھازىر مارالبېشى ناھىيىسىگە قارايدۇ) قاتارلىق جايلاردا يېڭىدىن مەكتەپلەر قۇرۇلدى. ناھىيە ئىچىدىمۇ ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى ئىككى سىنىپلىق مەكتەپ قۇرۇلۇپ، پىك بولىك مۇدىر بىلغانىدى. ئۇنىڭ 72 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، مەكتەپنىڭ بارلىق خىراجىتىنى ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيۇشما قارمىقىدا ھاڭغىتلىقتا بەش سىنىپ، چامغۇرلۇقتا ئىككى سىنىپ قۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچى سانى ئىككى يۈزگە يەتكەنىدى.

1935 - يىلىدىن باشلاپ، ناھىيىمىزدە يېڭى پەننىي مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولۇپ، ئاساسلىق يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە يېڭى مەكتەپلەر قۇرۇلدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىچىدە مائارىپ بۆلۈم، ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدا مەدەنىيەت بۆلۈم تەشكىل قىلىنغانىدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ جاپالىق خىزمەت ئىشلىشى ۋە زور كۈچ چىقىرىشى بىلەن بازار ئىچىدە 1935 - يىلى قۇرۇلغان ئۈچ مەكتەپ، تولۇقسىز سىنىپ تەرەققىي قىلىپ، 1936 - يىلى يەتتە سىنىپلىق بىر شەنلى مەكتەپ، ئۈچ سىنىپلىق بىر قىزلار مەكتىپى قۇرۇلدى. بۇ ئىككى مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئۈچ يۈزدىن ئېشىپ كەتتى. يېزىلاردا ئەسلىدىكى دىنىي مەكتەپلەر ئۇيغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇيۇشما قارمىقىدا ئۆتكۈزۈۋېلىندى. يەنى بۇلاردىن ھاڭغىتلىق، چامغۇرلۇق، يانتاق، پوسكام، قۇمۇش مەھەللە، پاختىلىق، تۇمەنتال، قارا ئۆي، تۆمۈرەك، تاۋاكېسەك، تۆگىدۆڭ قاتارلىق 11 ئورۇندا ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدىكى يېڭى مەكتەپ قۇرۇلدى. دېمەك، 1936 - يىلى ناھىيە بويىچە 24 سىنىپتىن تەشكىل تاپقان 13 مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 730 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى سانى 40 نەپەرگە يەتتى.

پەن - مەدەنىيەت تەرەققىي قىلىۋاتقان، ھەممە جايدا گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا، ئۇشتۇمتۇت شىنجاڭ ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ، ئەمدىلا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان پەننىي مائارىپ گۈل - چېچەكلىرى نابۇت بولۇشقا باشلىدى. 1937 - يىلى، شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىدە خوجىنىياز ھاجى قاتارلىق كىشىلەرنى قولغا ئالدى. قەشقەردە تۇرۇشلۇق مەخمۇت مۇھىتى چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى. ئارقىدىنلا شېڭ شىسەي دەھشەتلىك تېرورلۇق يۈرگۈزۈپ، كۆزگە كۆرۈنگەن مىللەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر ئىلغار زىيالىيلارنى تۇتقۇن قىلدى. بۇنىڭ بىلەن، يېڭىچە پەننىي مائارىپ ئۆزىنىڭ قوللىغۇچىلىرى ۋە نۇرغۇن ئاساسچىلىرىدىن ئايرىلىپ، قىسمەن تۇرغۇنلۇق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. بۇ ھال مەكتىكىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەچكە، بەزى مەكتەپلەر تاقىلىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى.

1941 - يىلى ۋە 1942 - يىللىرى، ناھىيىمىزدە مەكتەپ مائارىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا ئومۇمىي خەلق ساۋات چىقىرىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە بىردەك سەپەرۋەر قىلىندى. نەتىجىدە شۇ يىللىرى 1700 دىن ئارتۇق كىشى ساۋاتلىق بولۇپ قالدى. بۇ ۋاقىتتىكى ناھىيىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 34 مىڭ 855 بولۇپ، ساۋاتسىزلارنىڭ سانى 28 مىڭ 534 نەپەر (بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 13 مىڭ 569 نەپەر، ئايال 14

مىڭ 965 نەپەر) ئىدى.

ئومۇمەن ئالغاندا، 1935 ـ يىلىدىن 1942 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مىللىي بىرلىكسەپ دەۋرىدە، ناھىيىمىزدىكى ھەر تەبىقە ئىلغار كۈچلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، مائارىپ ئىشلىرى خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى. بۇ ۋاقىتتا، بارلىق مائارىپ تارماقلىرى بىر تۇتاش رەھبەرلىك ئاستىغا مەركەزلەشتى، يەنى ئۆلكىدىن تارتىپ ۋىلايەت، ناھىيىلەرگىچە ھەر دەرىجىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ۋە مائارىپ تارماقلىرى قۇرۇلۇپ، مائارىپ ئىشلىرى بىر تۇتاش رەھبەرلىك ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى. دىنىي ئوقۇتۇش بىلەن يېڭى مەكتەپ مائارىپى ئايرىۋېتىلدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەشۋىق ئېلىپ بېرىشى ۋە كونا ئۆرپ ـ ئادەت كۈچلىرىگە دادىل قارشى تۇرۇپ يېڭى تۇرمۇش ئىستىلىنى تەرغىب قىلىشى بىلەن، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى زور دەرىجىدە ئاشتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى كۆنسايىن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش ئىشلىرى بىر تۇتاش، پىلانلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان، كۆپلەپ قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلار ئېچىلىپ، ئۇلارنىڭ سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلۈپ تۇرىدىغان بولدى.

1944 ـ يىلى پارتلىغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە ساداسى چاقماق تېزلىكىدە جەنۇبىي شىنجاڭغا يېتىپ كەلدى. 1946 ـ يىلى، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى جاڭ جىجوڭ ئەپەندى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتى ۋەكىللىرى بىلەن 11 ماددىلىق تىنچلىق بېتىمىنى ئىمزالىدى. شۇنىدىن كېيىن، قەشقەر قاتارلىق جايلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرى يېڭىباشتىن ئەسلىگە كېلىشكە باشلاپ، ناھىيىمىزدىمۇ قايتا جانلىنىش بارلىققا كەلدى.

1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، شىنجاڭ تىنچ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يول بىلەن ئازاد بولدى. شۇ يىلى مەكتەپتە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدا بەش مەكتەپ (شەنلى مەكتەپ، قىزلار مەكتىپى، چامغۇرلۇق مەكتەپ، ھاڭغىتلىق مەكتەپ، پاختىلىق مەكتەپ بولۇپ بۇلار 1942 - يىلىدىن كېيىن ھۆكۈمەت قارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنغان)، ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدا سەككىز مەكتەپ (تۈمەنتال، قارا ئۆي، يانتاق، قۇمۇش مەھەللە، تۆمۈرەك، شېھىتدۆڭ، قىزىلئاۋات، غازكۆل) قۇرۇلۇپ، جەمئىي 13 مەركىزىي مەكتەپ بار بولدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ سىنىپ سانى 119 غا، ئوقۇغۇچىسى 3939 نەپەرگە (ئوغۇللار 2267 نەپەر، قىزلار 1672 نەپەر)، ئوقۇتقۇچىلىرى 183 نەپەرگە (ئەرلەر 136نەپەر، ئاياللار 47 نەپەر)، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 24 نەپەرگە يەتكەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# مەكىتنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى توغرىسىدا

مەكىت ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غەربىي جەنۇبىي، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي چېتىگە، يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرقى ئېقىنى (بۇ يەردىكى دەريانى يەرلىك كىشىلەر «دولان دەرياسى» دەپمۇ ئاتايدۇ) ۋە تىزناپ دەرياسى (بۇ دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىنى يەرلىك كىشىلەر «خالاستان دەرياسى» دەپ ئاتايدۇ) نىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان. مەكىت ناھىيىسى چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرى، ئېپتىدائىي توغراق ئورمانلار، ئىككى دەريا بىلەن ئورالغان، گىرەلەشكەن بىر بەلۋاغقا جايلاشقان بولغاچقا، بۇ خىل تەبىئىي شارائىت ناھايىتى قەدىمدىن تارتىپ مەكىت تەۋەسىدە ئىنسانلارنىڭ ھايات كەچۈرۈشى، پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن قولاي شارائىت ھازىرلىغان.

بىر قىسىم ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ۋە تېپىلمىلاردىن قارىغاندا، مەكىتتە يېڭى تاش قورال دەۋرى (بۇندىن 6-7 مىڭ يىل ئىلگىرى)گە مەنسۇپ بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايقالغان بولۇپ، بۇ دەۋر (يېڭى تاش قورال دەۋرى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىپا، ئىنچىكە، قورال دەۋرى) دىكى سىپتا تاش قوراللار، ئىش قوشۇش تېخنىكىسى بىلەن ياسالغان قوراللار (ئۇرۇپ - سوقۇپ ياسالغان ئىنچىكە پىچاق شەكلىدىكى تاش پارچىلىرى ۋە يونۇش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان كىچىك تىپتىكى تاش قوراللار)، بىۋاسىتە ياسالغان ئۆتكۈر قوراللار (ئوق بېشى، نەيزە ئۇچى، پىچاق، پالتا قاتارلىقلار) دىن ئىبارەت بولۇپ ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ① ئىدى. 1913 - يىلى ئارخېئولوگ ئاۋرېل ستەين شىنجاڭغا قىلغان 3 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىنى باشلاپ 9 - ئايدا قەشقەردىن مەكىتكە كەلگەن ۋە مارالبېشى ئارقىلىق مازارتاغ (مەكىت ناھىيىسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شەرقىي شىمالىي تەرىپىدە بولۇپ، پىشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە ئىلگىرى مەكىت تەۋەسىدە بولغان ئىكەن. بىر قىسىم تارىخىي مەنبەلەر ۋە ئەمەلىي تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، مەكىت خەلقى ئەسلىي تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمكى شەھەر - قەلئەلەردە ياشىغان بولۇپ، كېيىنكى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ تەدرىجىي غەربكە كۆچۈپ هازىرقى يەكەن، تىزناپ دەريا بويلىرىدىكى سۈيى ئەلۋەك، تەبىئىي شارائىتى ياخشى جايلارغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. هازىر مەكىت بىلەن مازارتاغ ئارىلىقىدا «كەندىرلىك» دېگەن بىر قەدىمىي شەھەر خارابىسى بايقالدى. گەرچە هازىر تېخى بۇ قەدىمكى خارابە ئىزى تولۇق تەكشۈرۈلۈپ ئېنىق بىر يەكۈن چىقىرىلمىغان بولسىمۇ، بىراق بىزنىڭ دەسلەپكى ئىگىلىگەن ئەھۋاللار ۋە بىر قىسىم سېلىشتۇرما ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، مەكىت خەلقىنىڭ شەرقتىن غەربكە سۈرۈلگەنلىكى ۋە قەدىمكى چاغدا تەكلىماكان مەركىزىي رايونلىرى، مازار تاغ ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان، هايات كەچۈرگەنلىكىنى جەزىم قىلىشقا بولىدۇ. بۇ نۇقتا بۇندىن كېيىنكى تەتقىقاتتا تېخىمۇ ئېنىق ئېچىپ بېرىلگۈسى) ئەتراپىغا كېلىپ، بۇ جايدىن نۇرغۇن كىچىك خارەبە ئىز، شەھەرخارابىلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقان ② ۋە يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ ئوقيا ئۇچىنى بايقىغان. يېقىندا، ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق بىر ئەرباپنىڭ «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلىنىڭ 1965 - يىلى 3 - سانىدا ئېلان قىلغان «شىنجاڭ مەكىتتىن قەدىمكى ئوقيا تېپىلدى (بايقالدى)» دېگەن تېمىدىكى ماقالىنىڭ ئۇچۇرىغا ئىگە بولدۇم ③ (ئەپسۇسكى شۇنچە ئىزلەپمۇ هازىرغىچە بۇ ماتېرىيالنىڭ ئەينى نۇسخىسىنى تاپالمىدىم).

مەلۇمكى، ئىنسانلار جەمئىيىتى يېڭى تاش قورالغا ئىگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولغان ياكى ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەقىل پاراستى بىلەن تاش قورال ياساپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ مەقسەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان دەۋر ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە «يېڭى تاش قورال دەۋرى» دەپ ئاتالغان. ئىنسانلار كونا تاش قورال دەۋرىدە (بۇنىڭدىن ئون مىڭ يىللار ئىلگىرى) تەبىئىي تاشلاردىن پايدىلانغان ياكى تەبىئىي تاشلارنى ئازراق ئۇرۇپ - سوقۇپ مەلۇم شەكىلگە كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامدىغان بولسا، يېڭى تاش قورال دەۋرىگە كەلگەندە ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن ھالقىپ، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش مەقسىتىدە ھەرىكەت قىلغان ھەم ئىنچىكە، سىپتا بولغان، مۇقىم شەكىلگە ئىگە تاش قوراللارنى ياسىغان. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن «ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى» مانا شۇ يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئاساسلىق تاش قوراللاردۇر. ئوقيانىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ئىنسانلارنىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئۇلۇغ كەشپىياتى بولۇپ، ئوقيا ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش ياسىدى. يەنى، ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئىنسانلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىپ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى.

قەدىمكى چاغدا، تەكلىماكان ناھايىتى ئاۋات بىر جاي بولغان. نۇرغۇن بەگلىك، خانلىقلار قۇرۇلۇپ، ئۆز ھاكىمىيەتلىرىنى تىكلىشكەن. خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا شەھەرلەردىكىلەر دېھقانچىلىق، سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، دەريا بويىدىكى، تاغ باغرىدىكى خەلقلەر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق قاتارلىق ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. مەكىتكە ئوخشاش دەريا بويى، توغراق ئارىسىدىكى خەلقلەر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق تۇرمۇشى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇغۇللانغان. مەكتەپتىن تاش ئۇقيا ئۇچىنىڭ تېپىلىشى، مەكتەپ خەلقىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنى ئاساس قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھازىرمۇ مەكتەپتە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇس كەسىپىي ئاھالىلار بار. خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرىدە ئوۋچىلىققا ئائىت بولغان ئېتىقات ئادەتلىرىمۇ كەڭ ساقلانغان.

مەكتەپ ناھىيىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ - تەكشۈرۈش خىزمىتى تېخى مۇنتىزىم ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. پەقەت 1990 - يىلى ئۆكتەبىردە، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى 2 - قېتىملىق ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئۆمىكى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنى دەسلەپكى قەدەمدە پۈتۈن ناھىيىگە (بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش پەقەت ناھىيە ئىچى ۋە ناھىيىگە يېقىن جايلار بىلەن چەكلىنىپ، ناھىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى قۇملۇق، توغراقلىق بەلبېغى چالا قالغان) قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ناھىيە بويىچە بەش ئورۇندا نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇننى بېكىتكەن. بۇ ئورۇنلار ئىچىدىكى يانتاق يېزىسىدىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەرنىڭ مەدەنىيەت خاراكتېرى ئالاھىدىرەك بولۇپ، ئۇنى نوقۇل ھالدا مەلۇم بىر مەدەنىيەت تىپىگە مەنسۇپ قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ خىلدىكى ياغاچ ۋە ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر ئىلگىرى باشقا جايلاردىنمۇ تېپىلغان. بىراق ئۇلار بىلەن مەكتەپ يانتاق يېزىسىدىكى ياغاچ ۋە ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەرنىڭ ياسىلىش، دەپنە قىلىش ئادەتلىرىدە مەلۇم پەرق بار. بىز كۆرگەن باشقا جايلار (كۆنچى دەريا ۋادىسىدىكى قەبرىلەر، چەرچەن زاغۇنلۇقتىكى قەدىمكى قەبرىلەر، نىيا ۋە خوتەن ئىمام مۇساكازىم قەبرىستانلىقىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر) دىكى قەبرىلەردە مەيلى دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يەرلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن بولسۇن ئېنىق بىر خاراكتېر ئىپادە قىلىنغان. لېكىن، مەكتىتىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەردە قەبرىلەرنىڭ ياسىلىشى باشقا جايلارغا ئازراق يېقىن كەلسىمۇ، دەپنە قىلىش ئۇسۇلى بەك ئاددىي بولۇپ، ئېنىق بىر ئالاھىدىلىكنى بىلگىلى بولمايدۇ. قەبرىلەرنىڭ ياسىلىش شەكلى ۋە ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، ئۇنىڭ يىل دەۋرىنى بۇددا دىنى مەدەنىيەت دەۋرىگە مەنسۇپ، دەپ قاراشقا بولسىمۇ، بىراق دەپنە قىلىش ئۇسۇلى ھەم دەپنە بۇيۇملىرىغا قاراپ، ئۇنى ئىسلامىيەت دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەن، بۇ مەسىلىنى مەكىتنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ تۇرۇپ مۇھاكىمە قىلساق دېگەن ئويدا. چۈنكى، مەكىت جۇغراپىيىلىك مۇھىت جەھەتتىن ھەم قۇرغاق ھەم زەي. قۇرغاق بولغاندا، قۇملۇق ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان قۇملۇق رايونلاردىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدە (يۇقىرىدا بىز ئىسمىنى ئاتىغان جايلار) قەبرىلەرنىڭ قېزىلىشى ھەم ياسىلىشى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، قەبرە قېزىلغاندىن كېيىن ياغاچ بىلەن مۇداپىئە كۆرۈش ياكى ياغاچ ۋە ياغاچ تاختىلار بىلەن گىرۋەك ياساش ئومۇمىي ئەھۋالدۇر. ئۇنىڭ يىل دەۋرىمۇ خېلى بالدۇر بولۇپ، ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ 1500 يىلدىن كەم ئەمەس. مەكىتتىكى يانتاق قۇم مازار قەبرىستانلىقى مۇشۇ خىلغا كىرىدۇ (بىراق دەپنە قىلىشى ئاددىي). نەم (زەي) رايونلاردىكى قەبرىلەرنىڭ قېزىلىشى ھەم ياسىلىشى بىردەك ئەمەس. يەنى مەكىتتىكى كۆك تاللىق ئاتام مازىرى جايلاشقان ئورۇن بىر قەدەر نەم (زەي) بولۇپ، قەدىمكى قەبرىلەردىكى جەسەتلەر توغراق كاۋىكى (يوغان توغراقنىڭ غولى) ئىچىگە قويۇلغان. دەپنە قىلىنىشىمۇ نىسبەتەن ئاددىي بولۇپ، جەسەت يېنىدا ھېچقانداق ئالاھىدە ھەمدەپنە بۇيۇملىرى يوق. بۇ خىل ھالەت خوتەن ئىمام مۇسا كازىم قەبرىستانلىقىدىمۇ بولۇپ، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يەردە كىچىك باللار مۇشۇ خىل قەبرىگە دەپنە قىلىنغان. دەپنە قىلىنىش ئۇسۇلىمۇ نىسبەتەن مۇرەككەپ بولۇپ، قەبرىگە دەپنە بۇيۇملىرى بىللە كۆمۈلگەن (بۇ خىل جەسەت، ھەم دەپنە بۇيۇملاردىن بىرسى ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېيدا كۆرگەزمە قىلىنىۋاتىدۇ) . مارالبېشى شاقۇدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتا يۇقىرىدىكى قۇرغاق ھەم زەي يەرگە ياسالغان قەبرىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇچرايدۇ. دەپنە قىلىنىشى بولسا ئوخشاشلا ئاددىي دېمەك، بۇ قەبرىلەردىن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ:

1. مەكىتتىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر ياسىلىش شەكلى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتىن ئەجدادلارنىڭ قەدىمكى قەبرە ياساش ئادىتىگە ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە قەبرىلەر مۇھىتقا ماسلاشتۇرۇپ قويۇلغان. قەبرىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى قەبرە ياساش ئادىتىگە ماس بولۇپ، مەكىتتىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەرنى ياسىلىش شەكلى جەھەتتىن يىل دەۋرى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ④

2. قەبرىلەرنىڭ دەپنە قىلىش ئادىتى بەك ئاددىي بولۇپ، ھېچقانداق ئالاھىدە بىر ھەمدەپنە بۇيۇم ئۇچرىمايدۇ. قەبرىلەرنىڭ دەپنە قىلىنىشىدا ئىسلام دىنىنىڭ دەپنە قىلىش ئادىتى كۈچلۈك، بۇنىڭدىن قارىغاندا، مەكىت رايونىدىكى خەلق ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ، ئەجدادلارنىڭ ئىلگىرىكى قەبرە ياساش ئادىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ (بۇنىڭغا ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىت سەۋەب بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن) ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەرگە ئىسلام دىنى ئادىتى بويىچە دەپنە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولۇشى مۇمكىن.

مەكىت ناھىيىسىنىڭ قىزىلئاۋات يېزىسىدا «قىزىلجى خېنىم مازىرى» دېگەن بىر قەدىمىي مازار بار. مازارنىڭ تەزكىرىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاغزاكى بىلدىغان كىشىلەرنىڭ بايانلىرىدىن قارىغاندا، بۇ مازارلىقتا قاراخانىيلار خانلىقى (مىلادى 850 ـ 1212 - يىللار) خان جەمەتىدىكى بىر مەلىكە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى دەپنە قىلىنغان ئىكەن. ئەينى چاغدا، ئۇلار مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كۇپارلار (دىنسىزلار) تەرىپىدىن قەتلە قىلىنغان. مازارلىق شۇ خېنىمنىڭ نامى بىلەن «قىزىلجى خېنىم مازىرى» دەپ ئاتالغان. يەنە بىر رىۋايەتتە، مەلىكە ئۆز مۇرتلىرى بىلەن ئىسلام دىنى تارقىتىپ يۈرۈپ، مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ۋاپات بولغان ئىكەن. ئۇزۇندىن بېرى يىراق - يېقىندىكى كىشىلەر كېلىپ بۇ مازارنى تاۋاپ قىلىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنى خاتىرىلەپ كەلمەكتە. ⑤

قىزىلجى خېنىم نامى بىلەن ئاتىلىدىغان مازارلىق پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە 7ـ8 دىن ئاشىدۇ. لېكىن، قىزىلجى خېنىم نامىدىكى مازارلارنىڭ كۆپ بولغىنى بىلەن، بۇ مازارنىڭ يازما تەزكىرىسى ھەققىدە ھازىرغىچە بىرەر مەلۇماتلارغا ئىگە بولغىنىمىز يوق.

تەخمىنەن مىلادى 1898 - يىلى ئىبرايىم خان (依不拉罕) دېگەن كىشى ھازىرقى قىزىل ئاۋات يېزىسى قىزىلجى كەنتىدىن بىر تۈركۈم ھۆججەت ماتېرىيال تاپقان. كېيىن بۇ يازما يادىكارلىق ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ماكارتنېيىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ يىل دەۋرى قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇپ، يازما يادىكارلىق جەمئىي 19 پارچە. فرانسىيىلىك ئالىم فۇئارت ۋە ئەنگلىيىلىك ئالىم گرونكى سىلىشتۇرۇپ بېكىتكەن ئەرەب يېزىقىدىكى سەككىز پارچە يادىكارلىق؛ ئەنگلىيە ئالىمى ئىردال سېلىشتۇرۇپ بېكىتكەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تۈرك تىلىدا خاتىرىلەنگەن بەش پارچە يادىكارلىق ۋە ئەرەب يېزىقى بىلەن تۈرك تىلىدا خاتىرىلەنگەن بىر پارچە يادىكارلىق ھازىر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىشىلەرگە مەلۇم بولدى. قالغان بىر قانچە پارچىسى ئەرەب يېزىقى بىلەن تۈرك تىلىدا خاتىرىلەنگەن ھەم ئەرەب يېزىقىدىكى يادىكارلىق بولۇپ، تېخى رەتلەنمىگەن. بۇ ماتېرىياللار تېپىلغان جاي — مەكىت قىزىلئاۋات يېزا قىزىلچى كەنتى ئىلگىرى يەكەن خانلىقى تەۋەسىدىكى زېمىنلار بولغاچقا، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بۇ يازما ماتېرىياللارنى «يەكەن يازما يادىكارلىقلىرى» دەپ ئاتاشقان. ⑥ بۇ ماتېرىياللار تېپىلغاندىن كېيىن، دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت ئالىملىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى تارتقان بولۇپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ھازىرغىچە نۇرغۇن ئالىملار بۇ يازما يادىكارلىقلار ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى. مىلادى 1898 - يىلى، ئەنگلىيىلىك سانسكرىتشۇناس خوئېرنلىي تۇنجى بولۇپ «ئەنگلىيە قولغا چۈشۈرگەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يادىكارلىقلىرى ھەققىدە دوكلات» تا مەلۇمات بېرىپ، شىنجاڭدىن تېپىلغان قاراخانىيلار خانلىقىغا ئائىت يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. بىراق، بۇ نۆۋەت ئۇ ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلى ماكارتنېي خوتەندىن يىغىۋالغان يازما يادىكارلىقلارنى تونۇشتۇرۇش بىلەن چەكلەندى.

1914 - يىلى، فرانسىيىلىك ئالىم فۇئارت «يەكەندىن تېپىلغان ئەرەب يېزىقىدىكى ئۈچ پارچە توختامنامە» ناملىق ماقالىسىدە پېللىئوت ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرگەن مەزگىل (1906 - 1908 - يىللار)دە قولغا چۈشۈرگەن ئەرەب يېزىقىدىكى ئۈچ پارچە يازما يادىكارلىقلارغا سېلىشتۇرۇپ دەلىللىدى. بۇ يازما يادىكارلىقتىكى ھىجرىيە يىلىغا ئاساسەن ھېسابلىغاندا، ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1106 - يىلى، 1112 - يىلى ۋە 1114 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، قاراخانىيلار خانلىقى يەكەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە تەئەللۇق يازما يادىكارلىقلار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىككىسى يەكەننىڭ مەلۇم كەنتىدىكى ئۈزۈمزارلىق ۋە يەرلەرنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دائىر توختامنامە بولۇپ، فۇئارت بۇ نۇقتىغا ئاساسەن ئۇلارنى «يەكەندىن تېپىلغان ئەرەب يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىق» دەپ ئاتىغان. ⑦ كېيىن يەنە پېللىئوت يىغقان ئۇچ پارچە يازما يادىكارلىق يەكەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار خانلىقىغا ئائىت يازما يادىكارلىقلارنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ماكارتنېينىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئايان بولدى. ئەنگلىيىلىك ئالىم روسىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، 1911 ـ يىلى يەكەن شەھىرى ئەتراپىدىكى بىر باغدىكى دەرەخ تۈۋىدىن ئەرەب يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قانۇنغا ئائىت بىر تۈركۈم يازما يادىكارلىقلار تېپىلغان. بۇلار ئۇزاق ئۆتمەي ماكارتنېيغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. ⑧

1981 ـ يىلى، ئەنگلىيىلىك ئالىم ئېردال «يەكەندىن تېپىلغان تۈركچە يازما يادىكارلىقلار» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچە، تۈركچە يازما يادىكارلىق ۋە ئەرەب يېزىقى بىلەن تۈرك تىلىدا خاتىرىلەنگەن يازما يادىكارلىقلارنى سېلىشتۇرۇپ دەلىللىگەن. 1986 ـ يىلى، ئەنگلىيىلىك ئالىم كرونكى «يەكەندىن تېپىلغان ئەرەبچە يازما يادىكارلىق ھەققىدە مۇھاكىمە» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ماكارتنېي توپلىغان يازما يادىكارلىقلار ئىچىدىكى ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان يادىكارلىقلارنى قايتىدىن رەتلەپ چىقتى. ⑨ شۇنداق قىلىپ، ئاتالمىش يەكەندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار ھەققىدىكى تەتقىقاتلار ئاساسىي جەھەتتىن تامام بولۇپ، بۇ يازما يادىكارلىقلار ھەققىدە ئومۇمىي بىر چۈشەنچە ھاسىل بولدى. بىراق، ئىلگىرى بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ تېپىلغان ۋاقتى ۋە تېپىلغان ئورنى ھەققىدە بىر قىسىم مۇجمەللىكلەر بولۇپ، پىكىر بىرلىككە كەلمىگەنىدى. يېقىندا بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ، ئېنىق بىر جاۋابقا ئىگە بولدۇق. ئەسلىي ئەھۋال مۇنداق ئىكەن:

1908 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، روس ھىندىستانىنىڭ جاكارتادا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ستەينگە ماكارتنېي يىغىۋالغان يەكەن يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى كۆرسەتكەن. روسىنىڭ تەمىنلىگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، ستەيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان 3 ـ قېتىملىق ئېكىسپېدىتسىيىسى ئارىلىقىدا يەكەن يازما يادىكارلىقلىرى تېپىلغان جاينى تەكشۈرگەن. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، 1913 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ئۇ بۇ يازما يادىكارلىقلارنى بايقىغان ئىبراھىمنىڭ باشلىشى بىلەن يادىكارلىق چىققان ئورۇنغا بارغان. ئۇ يەكەننىڭ شەرقىدىكى تىزناپ دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقى (شەرقىي قىرغىقى)دىكى باغجىگدە (ھازىرقى باياۋات بازىرى) كەنتىدىكى ئىبراھىم دېگەن دېھقان بىلەن تىزناپ دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي چېتى ئارىلىقىدا شىمالغا قاراپ تەخمىنەن 9 ئىنگلىز مىلى (13 كىلومېتىر ئەتراپىدا) مېڭىپ، قىزىل مازار (ھازىرقى قىزىلجى كەنتىدىكى قىزىلجى خېنىم مازىرى)غا كەلگەن. يەكەن يازما يادىكارلىقلىرى مۇشۇ كەنتنىڭ غەربىي شىمالىدىن يېرىم ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان تەكلىماكاننىڭ چېتىدىكى بىر قۇم بارخاننىڭ يېنىدىكى قەدىمىي دەرەخ ئاستىدىن چىققان. ئەمما، ستەيىن بۇ يەردىن ھېچقانداق قەدىمكى ئىزنى بايقىمىغان. پەقەت بۇ يەرنىڭ شىمالىدىن تەخمىنەن ئىككى ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايدا قەدىمكى ئولتۇراق جاي ئىزى، تېرىلغۇ يەر ۋە سۇغۇرۇش سىستېمىسىنى بايقىغان. بۇ بىر قەدىمكى كەنت بولۇشى مۇمكىن. ⑩

بىز مەكىت قىزىلئاۋات يېزىسى قىزىلجى كەنتىنىڭ غەربىي شىمالىدىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار بىلەن 1976 ـ يىلى يەنە شۇ قىزىلئاۋات يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى قازانكۆل جاڭگىلىدىن تېپىلغان يىل دەۋرى قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرى (دەسلەپكى قەدەمدە شۇنداق بېكىتىلدى)گە تەئەللۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم باغلىنىشلىق بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يەكەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار خانلىقىغا ئائىت بولغان يازما يادىكارلىقلاردا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىلىرى ياغمىلار، قارلۇقلار ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە شۇنداقلا ئۇلاردىن باشقا خەنزۇلار، تەزىكلەر (تاجىكلار)، يەھۇدىيلار ۋە باشقا مىللەتلەر جۈملىدىن سوغدىلار، سامانىيلار ھەققىدە بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇلاردىن باشقا يەكەندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلاردا يەنە ئىككى مەسچىتنىڭ نامى خاتىرىلەنگەن. بىرسى يەكەن رابۇل كەنتىدە بولۇپ، ئىساق جارۇپ مەسچىتى دەپ ئاتالغان. يەنە بىرسى يەكەننىڭ سىمناس كەنتىدە بولۇپ، «يەھيا ئىنار ئەر ھاجىپ مەسچىتى» دەپ ئاتالغان. ئالدىنقى مەسچىتنىڭ يىل دەۋرى ھىجرىيە 474 ـ يىلى ياكى 494 ـ يىلى (مىلادى 1082 ـ 1101 ـ يىللار)غا، كېيىنكىسى ھىجرىيە 525 ـ يىلى ياكى 515 ـ يىلى (مىلادى 1121 ـ 1136 ـ يىللار)غا توغرا كېلىدۇ (بۇ مەسچىتلەرنىڭ يىل دەۋرىنى مىلادى 1005 ـ 1008 ـ يىللار بولۇشى مۇمكىن، دەيدىغان پەرەزمۇ بار). يازما يادىكارلىقلاردا يەنە، مەككىگە ھەج قىلىشقا بارغان بىر نەچچە مۇسۇلماننىڭ ئىسمى خاتىرىلەنگەن. ئۇلار ھۇسيىن ھاجى، ھەسەن ئەمىر ھاجى، ھەسەن ھاجى ۋە ھاجى ئىنال قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسمى خاتىرىلەنگەن بۇ يادىكارلىقلارنىڭ يىل دەۋرى 1082 ـ 1121 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ. (11) دېمەك، يەكەندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار بىزنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپ تارقالغان چاغلاردىكى پۈتكۈل شىنجاڭ، جۈملىدىن قەشقەر، يەكەن ۋە مەكىت قاتارلىق جايلار، شۇنداقلا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى ئەھۋاللار بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىمىزغا ھەم بىر قىسىم مەسىلىلەر — بۇ يۇرتلارنىڭ تىل ـ يېزىق، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت، ئىقتىساد، يەر نامى، كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ ھەم تۈرتكە بولىدۇ.
1976 ـ يىلى يانۋاردا، مەكىت ناھىيىسى غازكۆل يېزىسىدىكى بىر دېھقان قازانكۆل جاڭگىلى (مەكىت قىزىلئاۋات يېزىسىنىڭ شىمالى، غازكۆل، قۇمقىسار يېزىلىرىنىڭ شەرقى، بازار جەمئىي يېزىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان جاڭگاللىق) دىكى بىر توغراق كۆتىكى كاۋىكىدىن بىر خىل خورجۇن تېپىۋالغان بولۇپ، خورجۇن ئىچىدىن تۆت شاھانە تون، ئىككى يىپەك كۆينەك، بىر كىگىز جەينىماز، بەش دانە مىس تەڭگە پۇل (كېيىن ئېنىقلىنىشىچە، بۇ پۇللارنىڭ سانى 30غا يېتىدىكەن)، بىر دانە ئاتقا بوغۇز بېرىدىغان توغۇر چىققان. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىلگىرى دەسلەپكى قەدەمدە تەپسىلىي تەكشۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى بايان قىلىنغان ئىدى. ⑫ ئەينى چاغدا، بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنىڭ يىل دەۋرىنى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاغزاكى بايانى ھەم بەزىبىر رىۋايەت، تارىخىي ۋەقەلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشى بىلەن يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرى (مىلادى 1514 ـ يىللار)گە تەۋە دەپ قارىغان ئىدۇق. ⑬ كېيىنكى تەتقىقاتلار، بولۇپمۇ خورجۇن ئىچىدىكى مىس تەڭگە پۇللار ھەققىدىكى تەكشۈرۈش ھەم سېلىشتۇرما تەتقىقات ئارقىلىق، بۇ پۇللارنىڭ قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرى (مىلادى 850 ـ 1212 ـ يىللار) دىكى پۇللار ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى (بىراق، پۇللار بەك پۇچۇلۇپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى خەتلەر ئۆچۈپ كەتكەن. تونۇش قىيىن بولۇپ، ھازىرچە بۇ پۇللارنىڭ قاراخانىيلار خانلىقىدىكى قايسى خان قۇيدۇرغان پۇل ئىكەنلىكى ھەم ئېنىق يىل دەۋرى ھەققىدە مۇتلەق ھۆكۈمنى چىقارغىلى بولمىدى. پۇل ھەم باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ). خورجۇندىن چىققان تون ۋە يىپەك كۆينەك 1996 ـ يىلى مەملىكەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى

باھالاش كومىتېتى تەرىپىدىن باھالىنىپ «دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى» دەپ دەرىجىسى بېكىتىلدى ھەم «تونىنىڭ تىكىلىشى ئۆزگىچە، ياقا، يەڭلىرىدىكى گۈل نۇسخىلىرى نەپىس، ئىشلىتىلگەن رەخ ۋە يىپەك بۇيۇملارنىڭ سۈپىتى بەك سىپتا بولۇپ، ئېلىمىز بويىچە يېگانە ئېسىل بۇيۇم ئىكەن» دەپ يۇقىرى باھا بېرىلدى. بۇ بۇيۇملار يۇرتىمىزدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل پاراستى ھەم ئۇستا قول - ھۈنەر سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ.

1978 ـ يىلى، مەكىت بازار جەمئىي يېزا ئۇۋكا كەنتى «ئاقبىنام» (بۇ جاي قازانكۆل جاڭگىلىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان) دېگەن يەردىن دېھقانلار 27 تال يا ئوقى قاچىلانغان بىر دانە ساداق (ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان) تېپىلغان، بۇ يا ئوقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىلگىرى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان ئىدى. [14] بىر قىسىم كىشىلەر ئىلگىرى قازانكۆل جاڭگىلىدىن تېپىلغان قىل خورجۇن ئىچىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن بۇ ئوقيالارنى ئۆزئارا باغلاپ، بۇنى تەخمىنەن مىلادى 1548 ـ يىلى يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇرېشىتخان بۇ يەرگە ئوۋغا چىققاندا قېپ قالغان نەرسىلىرى بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراشتا بولماقتا. [15] مەن بۇنى ئاشۇ قازانكۆل جاڭگىلىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن مەلۇم مۇناسىۋىتى بار دەپ قارايمەن. شۇنداق بولغاندا، بۇ يا ئوقلىرىنىڭ يىل دەۋرىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئالدىغا سۈرۈلىدۇ ھەم قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىگە تەۋە بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى يۇرتىمىز مەكىت خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

مەكىت خەلقىنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىدە ساقلانغان يادىكارلىقلار ئىنتايىن مول بولۇپ، ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خەلقنىڭ قولىدا تارقاق ساقلانغان. يىغىۋېلىنغان ئاز بىر

قىسمى (ھازىر مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ـ باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم بۇيۇملار) دىن قارىغاندا، مەكىت خەلقى مەيلى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى ۋە بىر قىسىم ئۆرپ ـ ئادەتلەر، ئۆرپ ـ ئادەتكە ئائىت بۇيۇملاردا بولسۇن ۋە ياكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئېتىقات ئادەتلىرىدە بولسۇن قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئەنئەنىسىنى ساقلاپ كەلگەن.

مەكىتنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىدە خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇش ئادەتلىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەكىت خەلقىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىدا ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئەڭ دەسلەپكى ئىگىلىك چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بولۇپ، مەكىت خەلقى كۆچۈپ كەلگەن يەكەن، تىزناپ دەريا بويلىرى چەكسىز كەتكەن ئىپتىدائىي توغراق ئورمان ۋە يايلاق بولغان. خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشى ئۇلارنىڭ ئىگىلىك شەكلىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلغان بولغاچ، مەكىت خەلقى خوشنا جايلار ۋە ئەجدادلىرىنىڭ دېھقانچىلىق ئەنئەنىسىنى دوراپ دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى تەدرىجى ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى قىلغان. بولۇپمۇ بۇ ۋاقىتتا ئولتۇراق قۇرۇلۇشىدا زور دەرىجىدە يېڭىلىنىش بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئىلگىرىكى تەبىئىي شارائىت ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئولتۇراق جايلار مانا ئەمدى يېڭى بىر تۇرمۇش شارائىتقا ماس ھالدا ئۆزگەرگەن. ئىلگىرى ئۇلار توغراق ياغاچلارنى ئۆزئارا باغلاپ «لاڭقا ياساپ، تۇرالغۇ جاي قىلغان بولسا، كېيىن «قوشام» ئۆيلەر (بۇ ئۆيلەر مەكىتتە «تۆيۈزە»، «توقۇلما» تام ياكى «تويۈزە تاملىق ئۆي»، «توقۇلما تاملىق ئۆي» دېيمۇ ئاتىلىدۇ) بارلىققا كەلگەن. بۇ ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، تام ئۇلىغا زەگوندە (تام ئۇلىغا قويۇلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياغاچ ئىلمىدىن ئىبارەت بولۇپ، قوشام ئۆيلەردە ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆۋرۈك، ئايرىش تۆۋرۈكلەر قويۇلىدۇ. توپا تاملىق ئۆيلەردە ئۆينىڭ قۇرۇلمىسىنى پۇختىلايدۇ. ئۆي تېمىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ھەمدە يەر تەۋرەشكە قارشى تاقابىلچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ) قويۇلىدۇ. زەگۈندىنىڭ ئۈستىگە تۆۋرۈك، تۆۋرۈك ئارىلىقىغا ئاراش تۆۋرۈك، ئاراش تۆۋرۈك ئارىلىقىغا چېتىق (تۆۋرۈكلەرنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تامنىڭ مۇقىملىقىنى ئاشۇرىدۇ)، قىيپاش چېتىق ئورنىتىلىدۇ. چېتىق بىلەن تۆۋرۈكلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى بوشلۇق تام چېتىقلار بىلەن توقۇپ، باغلاپ چېتىلغان. ئاندىن ئىككى تەرىپى كاكىل لاي بىلەن سۇۋالغان. قېلىنلىقى ئادەتتە ئون سانتىمېتىر (بەزىدە 15 - 20 سانتىمېتىر) كېلىدۇ. لىم بىلەن تۆۋرۈكلەر ئۆزئارا تۇرۇملانغان. ئۆگزىسى ۋاسا، ۋاسا ئۈستىگە بورا ياكى تال چىۋىقتىن توقۇلغان چىتلاق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سامان، سامان ئۈستىگە لاي، توپا، سامانلىق لاي بىلەن سۇۋاش ئارقىلىق يېپىلغان بولۇپ، بۇ نىيا قەدىمكى شەھىرىدە ساقلىنىپ قالغان «قوشام» ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ⑯ بىلەن ئوخشاش ئىدى. «كىروران قەدىمكى شەھىرىدىكى ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى تېخىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، تۆۋرۈك بىلەن سوقۇما، زەگۈندە، چېتىق، لىم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تۇرۇملاش ئۇسۇلى بىلەن ياكى ئەركەك - چىشى قىلىپ چېتىش ئۇسۇلى بىلەن قۇراشتۇرۇلغان» ⑰ بولۇپ، بۇ خىل قۇرۇلما يەنى «قوشام» ئۆي ياساش ئۇسۇلى مەكىتتىكى «قوشام» (توقۇلما) ئۆي ياساش ئۇسۇلىغا تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ. بۇ خىل ئۆي پەقەت تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبى ۋە غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان سىنا، كىروران ۋە مەكىت قاتارلىق جايلارنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك مۇھىتىغا ماس كېلىدىغان بىناكارلىق شەكلىدۇر. «ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى، ھۈنەر - سەنئىتى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىشلىتىلىشچانلىقى مۇشۇ جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتىغا ئاساسەن تاللانغان ھەمدە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى كۆركەم ۋە ھەشەمەتلىك ھالىتىگە يەتكەن. ⑱ دېمەك، بۇ يەردە نىيا، كىرروران قاتارلىق قەدىمكى شەھەرلەردىكى بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىلەن مەكىتنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا ئوخشاشلىق ھەم بىر خىل ئىزچىللىق ساقلانغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ، مۇشۇ جايلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېتنىك باغلىنىشنى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى ئورتاقلىقنى، قەدىمكى چاغدا تەكلىماكان ئىچىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلاردىكى خەلقلەرنىڭ يىلتىزداشلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مەكىت خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا قەدىمكى دىنلارنىڭ تۈرلۈك ئېتىقاد ـ ئادەتلىرىنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. لېكىن، بۇ قالدۇق تەسىرلەرنىڭ كۆپ قىسمى مەنىۋىيەتكە مەنسۇپ بولۇپ، ئەمەلىي تۇرمۇشتا ماددىي شەكىلدە ساقلانغان ئەمەس ۋە ياكى ساقلانغان بىر قىسىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئانچە روشەن ئەمەس. ھالبۇكى، مەكىتتە ھازىر ساقلىنىۋاتقان «چىراق» ئادەتلىرى بولسا، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە سەۋەپلىرى، تەسىرچانلىقى ۋە شەكىللىرى بىلەن كىشلەرنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭگەن ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ تەسىرىنى ساقلاپ كەلگەن.

ھازىر مەكىت رايونىدىكى ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدا «چىراق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئەنئەنىۋى ئادەت بولۇپ، بۇ ئادەت مەكىت ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇر دولانلىرى مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان جايلارغا يەنى يانتاق، غازكۆل، قۇمقسار ۋە تۇمەنتال، قورما يېزىسىدىكى كىشلەر ئارىسىدا كۆپرەك ساقلانغان. بۇ خىل ئادەت بويىچە بولغاندا، چىرىقى بارلار يەنى بىر خىل چىراقتىكىلەر يەنە بىر خىل چىراقتىكىلەرگە ئاق بەرمەيدۇ (پاختا، ئۇن، تۇز، سۈت ـ قېتىق قاتارلىق). بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىم تورى

ئاقكۆڭۈل، مېھماندوست دولان خەلقىنىڭ بېخىللىقىدىن ئەمەس، بەلكى چىراق ئارىلىشىپ كەتسە بالا - قازا كېلىدۇ دەپ قارىغانلىقىدىن بولۇپ، ئۇنداق چىراقلاردىن قالپاق چىراق، ئاقساق چىراق، ئىشتان سالدى چىراق، چولاق چىراق دېگەنگە ئوخشاش 4 - 5 خىل چىراق بار.⑲ بۇ چىراقلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئىشلىتىلىش ئادىتى ۋە قائىدىسى بولۇپ، ئۇلار چىراقلار ئارىلاشسا يەڭگىل بولسا كۆزگە ئاق چۈشىدۇ، ئېغىر بولسا ئۆلۈم - يېتىم بولۇپ، ئۇرۇق - جەمەت قۇرۇپ تۈگەيدۇ، دەپ قارايدۇ. كۆزىگە ئاق چۈشسە «چاچراتقۇ سېلىش» (چىراق ئارىلاشقان ئۆيلەردىن ئۈن تىلەپ چىقىپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ ۋە ئوچاقتىكى قوقاس ئوتقا كۆمۈلىدۇ. موللام ياكى داخان ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئوقۇپ ھۈرۈيدۇ. خېمىرغا قىزىق ئۆتۈپ بىر مەزگىلدىن كېيىن «پاق» قىلىپ ئېتىلىپ چېچىلىپ كېتىدۇ. داخان بۇنى ئايەتنىڭ كۈچىدىن بولدى دەيدۇ) ئارقىلىق داۋالايدۇ. چىراق ئادىتى ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ يىراق قەدىمكى زاماندىن قالغان، ئۆرپ - ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئېتىقاد - ئادەتلىرىنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىغا باغلاشقا بولىدۇ.

مىللىي ئۆرپ - ئادەت بىر مىللەت، بىر خەلقنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئۆزىگە خاس ياشاش ئىسخىكىسى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا، ئىدىئولوگىيىسىگە چوڭقۇر سىڭگەن ھالدا، كۈندىلىك تۇرمۇشتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەكىت خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تۇرمۇش ئادەتلىرى بىر قەدەر روشەن ساقلىنىپ قالغان. ئۇلار كىيىم - كېچەك، يېرىش - كېلىش جەھەتتىكى قەدىمكى ئەنئەنىدىن باشقا، يېمەك - ئىچمەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جەھەتتىمۇ روشەن خاسلىقىنى ساقلاپ قالغان. مەكىتتە ئۇن پىيمەكلىكلىرى ئاز ئىستىمال قىلىنىدۇ (ئىلگىرى تېخىمۇ شۇنداق ئىدى) ، گۆش پىيمەكلىكلىرى كۆپرەك ئىستىمال قىلىنىدۇ. بۇ ھال ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ قەدىمكى چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ ئەكس ئېتىشى بولۇپ، مېھمانلارنى ياۋا توشقان، قىرغاۋۇل، ياۋا كەپتەر، جەرەن، قىرقىمىغان ئوغلاق، پاقلان گۆشلىرى بىلەن مېھمان قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بولۇپمۇ، ئېزىز مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قوينى پۈتۈن پېتى پىشۇرۇپ «ئۇچا» قىلىپ ئېلىپ چىقىش كۈچلۈك بولغان يايلاق چارۋىچىلىق تۇرمۇش پۇرىقىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ خىل تۇرمۇش ئادەتلىرى مەكىتتىكى ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى بىلەن بىرلەشسە، ئۇ شۇنداق بىر دەۋرنى — ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ بىر قانچە مىڭ يىل ئىلگىرىكى تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

**ئىزاھلار:**

① «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل 6 - ئاي، خەنزۇچە نەشرى، 182 - بەت؛ ۋۇچېن «شىنجاڭنىڭ تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» دېگەن ماقالىسىغا قاراڭ.

② جېننېتتى مېرىسكىي «ستەين ئارخېئولوگىيىسى ۋە ئېكسپېدىتسىيىسى» شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى، 1992 - يىل 1 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 4 - بۆلۈم، 329 - بەتلەر.

③ «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى» 793 - بەت.

④ ئادىل مۇھەممەت تۇران «يانتاق يېزىسىدىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1994 - يىلى 1 — 2 - سان، 31 - بەت.

⑤ ئادىل مۇھەممەت تۇران «مەكىت ناھىيىسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1995 - يىلى 4 - سان، 95 - 96 - بەتلەر.

⑥ «مەكتت ناھييسىنىڭ تەزكىرىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 - يىلى 5 - ئاي، خەنزۇچە نەشرى، 490 - بەت.

⑦⑧⑨⑩⑪ لىن مېيسۇن «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى، 1995 - يىل 12 - ئاي، خەنزۇچە نەشرى، 474 -، 475 -، 476 -، 477 -، 481، 488 - بەتلەر.

⑫⑭ ئادىل مۇھەممەت تۇران «قازانكۆل جاڭگىلىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1994 - يىلى 1 — 2 - سان، 29 - 30 - 31 - بەتلەر.

⑬ «مەكتت ناھييسىنىڭ تەزكىرىسى»، 491 - بەت؛ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1994 - يىلى 1 - 2 - سان، 31 - بەت.

⑮ «مەكتت ناھييسىنىڭ تەزكىرىسى» 491 - بەت.

⑯⑰⑱ ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى 12 - ئاي نەشرى. 138 - 139 - بەتلەر، 138 - 143 - بەتلەر.

⑲ ئۆمەرجان ئىمىن «(دولان) ئاتالغۇسى (داۋلا) سۆزىدىن كەلگەنمۇ؟»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، 1989 - يىلى 1 - سان، 66 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مەكىت ناھىيىسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى

مەكىت ناھىيىسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى 2 - قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئاسراش - باشقۇرۇش ئورنى ۋە مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى قاتارلىق ئورۇنلاردىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن 1990 - يىلى 10 - ئايدا تەكشۈرۈلگەن ۋە دەسلەپكى قەدەمدە «قۇم مازار قەبرىستانلىقى»، «كۆك تونلۇق ئاتام مازىرى»، «قىزىلجى مازىرى»، «شېھىتدۆڭ ئىزى» ۋە «ئەھمەد قازىئاخۇنۇم مازىرى» دىن ئىبارەت بەش ئورۇننى «نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ بېكىتكەن. 1996 - يىلى، مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ ئورۇنلارنى «ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلدى. تۆۋەندە مەن، بۇ ئورۇنلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

## 1. قۇم مازار قەبرىستانلىقى

بۇ قەبرىستانلىق مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 13 كىلومېتىر كېلىدىغان ئوييۇغداي كەنتىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇق ئۈستىگە جايلاشقان. قۇم مازار قەبرىستانلىقى جايلاشقان قۇملۇقنىڭ شەرقىي تەرىپىدە زەي كۆل ھەم يېكەنلىك - ساسلىق بار. جەنۇبى چىغىر يول، يولنىڭ ئۈستى تەرىپى ساسلىققا تۇتاش، شىمال تەرىپى كەڭ كەتكەن قۇملۇق ئارقىلىق جىرىڭلىما سۇ ئامبىرىغا ياندىش، غەربىي تەرىپى يېزا يولى ئارقىلىق تېرىلغۇ يەر ۋە كەنت مەھەللىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. قەبرىستانلىق ئاساسەن توغراق، يۇلغۇن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يانتاق، قۇمۇش قاتارلىقلار بىلەن ئورالغان.

قەبرىستانلىق جايلاشقان ئورۇننىڭ شەرقىي تەرىپى ئېگىز قۇملۇق بولۇپ، غەربكە سۇرۇلگەنسېرى پەسلەپ بارىدۇ. يەر تۈزۈلۈشىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، بۇ قەبرىستانلىقنى شەرقىي قىسىم ۋە غەربىي قىسىم دەپ ئىككى بۆلەككە بۆلۈشكە بولىدۇ.

قەبرىستانلىق ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر ۋە يېقىنقى زامان كىشىلىرىنىڭ خام كېسەكتىن قىلىنغان قەبرىلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئىسلامىيەتنىڭ ئالدىنقى دەۋرىگە توغرا كېلىشى مۇمكىن.

## 2. كۆك تونلۇق ئاتام مازىرى

بۇ مازار مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن 11 كىلومېتىر كېلىدىغان يانتاق يېزىسىنىڭ ئويۇلۇق (بۇرۇنقى ئىسمى بۆلمە) كەنتىنىڭ يانتاق كەنتى بىلەن چېگرىلىنىدىغان جايغا، ئويۇلۇق كەنتىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 77°39′03″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 39°0′52″ قا توغرا كېلىدۇ.

كۆك تونلۇق ئاتام مازىرى جايلاشقان ئورۇن يەر يۈزىدىن تەخمىنەن ئىككى مېتىرچە ئېگىز سېغىز توپىلىق بولۇپ، ئەتراپى تېرىلغۇ يەر ۋە مەھەللە يولى بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ. بۇ جايدا توغراق، يۇلغۇن، يانتاق، قۇمۇش، بۇيا قاتارلىقلار ئۆسىدۇ.

مازارلىق ھازىرقى زامان كىشىلەرنىڭ قەبرىلىرى بىلەن ئورالغان بولۇپ، خام كېسەك قەبرىلەرنىڭ ئارىسىدا يەتتە دانە ئۇچى كاۋاك توغراق ياغىچى ئۇچىغا سېلىنغان يەتتە كىشىنىڭ قەبرىسى بار. بۇ قەبرىلەرنىڭ يىل دەۋرى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتقا توغرا كېلىشى مۇمكىن، دەپ قارالماقتا.

## 3. قىزىلچى مازىرى

قىزىلچى مازىرى مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىن 36

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قىزىل ئاۋات يېزىسى قىزىلجى كەنتىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا توغرا كېلىدىغان دۆڭلۈك ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 5000 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. مازارلىقنىڭ شەرقىي تەرىپى جاڭگاللىققا، قالغان تەرىپى، كەنت مەھەللىسى ۋە تېرىلغۇ يەرلەر بىلەن تۇتىشىدۇ. مازارلىقتا چوڭ ـ چوڭ توغراقلار بار، يەنە يۇلغۇن، قومۇش، يانتاق قاتارلىقلار ئۆسىدۇ.

مازارلىق ئىككى چوڭ بۆلەككە بۆلۈنگەن. غەربىي جەنۇب بۆلىكى بىر قەدەر چوڭ كۆلەمدە بولۇپ، ھەممىسى يېقىنقى زامان كىشىلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىن ئىبارەت.

مازارلىقنىڭ شەرقىي شىمال بۆلىكى كىچىكرەك كۆلەمدە بولۇپ، مەركىزىي قىسمىدا چوڭ بىر قەبرە بار. بۇ قەبرە چوڭلۇقى 4.5 × 4 مېتىر كېلىدىغان قەبرە سۇپىسى ئۈستىگە خام كېسەك بىلەن سېلىنغان، قەبرىنىڭ باش تەرىپى (شىمال تەرىپى)دە بىر تۈپ قېرى توغراق بار.

قەبرە بېشىدىكى توغراقنىڭ بۇرۇنقى چوڭ غوللىرى قۇرۇپ كېتىپ، يېڭىدىن چىققان نوتا شاخلىرى قالغان بولۇپ، تەخمىنەن ئېگىزلىكى 10 ـ 13 مېتىر، ئاستىنقى قىسمىنىڭ ئايلانمىسى 7.20 مېتىر كېلىدۇ. كىشىلەر توغراق شاخلىرىغا ھەرخىل ئەلەملەرنى ئېسىپ قويغان.

قىزىلجى مازىرىنى كىشىلەر «قىزىلجى خېنىم مازىرى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. مازار ھەققىدە مۇنداق ئىككى رىۋايەت بار: بىرى، بۇ مازارلىقتا قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان بىر مەلىكىسى ۋە ئۇنىڭ بىر قانچە ھەمراھى دەپنە قىلىنغان. ئەينى چاغدا، ئۇلار مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كۇپپارلار (دىنسىزلار) تەرىپىدىن قەتلە قىلىنغان. مازارلىق شۇ خېنىمنىڭ نامى بىلەن «قىزىلجى خېنىم مازىرى» دەپ ئاتالغان. يەنە بىرى، مەلىكە ئۆز مۇرتلىرى بىلەن ئىسلام دىنى تارقىتىپ يۈرۈپ، مۇشۇ يەردە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋاپات بولغان. قىزىلجى مازىرىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدىغان، قىزىل ئاۋات يېزىسىنىڭ ھوقۇش دۆڭ كەنتىدىكى قارا ساقاللىق ئاتام مازىرى، شىمال تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان قىزىل ئاۋات يېزىسىنىڭ قازانكۆل كەنتىدىكى قويلۇق ئاتام مازىرى ئەشۇ قىزىلجى خېنىمنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ مازارلىرى ئىكەن.

## 4. شېھىتدۆڭ ئىزى

بۇ ئىز مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىن 10 كىلومېتىر كېلىدىغان شېھىتدۆڭ يېزىسى شېھىتدۆڭ كەنتىنىڭ 2 - مەھەللىسىدىكى قەبرىستانلىققا جايلاشقان.

قەبرىستانلىقنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى توغراقلىققا تۇتاشقان دۆڭ ئۈستىگە خام كېسەك بىلەن بىر ئۆي (بىر قىسمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەنلىكى ئۈچۈن، پۈتۈن بىر ئۆي ياكى گۈمبەز ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئىلگىرى ئۆي بولۇپ، تەقۋادار بىر سوپى بىر مەزگىل ئىبادەت قىلىپ تۇرغان ئىكەن) ۋە بىر قانچە قەبرە سېلىنغان بولۇپ، قەبرىلەرنىڭ باش (شىمال) تەرىپىدە بىر تۈپ توغراق بار. مانا بۇ، كىشىلەر ئۇلۇغلاپ، يىراق - يېقىندىن كېلىپ تاۋاپ قىلىدىغان «شېھىتدۆڭ ئىزى» دۇر. تارىخىي ماتېرىياللاردىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بۇ ئىز ھەم مازارلىقنىڭ يىل دەۋرى XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا توغرا كېلىدۇ.

## 5. ئەھمەت قازىئاخۇنۇم مازىرى

بۇ مازار مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 20 كىلومېتىر كېلىدىغان غازكۆل يېزىسى لايلىق پاختىلىق كەنتىنىڭ چېكىلىك مەھەللىسىگە جايلاشقان. مازارلىققا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شائىرى، ئۇستا خەتتات، 30 - يىللاردىكى مەكىت مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىنىڭ باشچىسى، تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زات ئەھمەت قازىئاخۇنۇم دەپنە قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قازانكۆل جاڭگىلىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

قازانكۆل جاڭگىلى مەكىت ناھىيىسىنىڭ شەرق، شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، جاڭگاللىقنىڭ شىمالىي چېتى مەكىت ناھىيىسىنىڭ بازار جەمئىي يېزىسىغا، جەنۇبىي چېتى قىزىلئاۋات يېزىسىغا، غەربىي چېتى غازكۆل، قۇمقىسار يېزىلىرىغا تۇتىشىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي پاراللېل '57°38 — '25°38 بىلەن شەرقىي مېرىدىئان '42°77 — '15°78 قا توغرا كېلىدۇ.

1976 ـ، 1978 ـ يىللىرى قازانكۆل جاڭگىلىدىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان بولۇپ، بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە شاھانە تون، كۆينەك، قىل خورجۇن، مىس پۇل ۋە ساداق، ئوقيا ئوقلىرى ئۆزىنىڭ ياسىلىشىدىكى سىپتىلىقى، كۆرۈنۈشىنىڭ كۆركەملىكى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

1976 ـ يىلى يانۋاردا، مەكىت ناھىيە غازكۆل يېزىسى 18 ـ كەنتتىكى دېھقان نامان مۆمىن قازانكۆل جاڭگىلىغا ئوتۇنغا بېرىپ، بىر قۇم دۆڭنىڭ يېنىدىن يوغان بىر توغراق كۆتىكىنى كولاپ چىقارغاندا، بۇ توغراق كۆتىكى كاۋىكىدىن بىر قىل خورجۇننى تېپىۋالغان. خورجۇن ئىچىدىن تۆت شاھانە تون، ئىككى كۆينەك، بىر كىگىز، بەش دانە مىس تەڭگە، بىر دانە ئاتقا بوغۇز بېرىدىغان توغۇر چىققان. خورجۇندىكى بۇيۇملار ئىچىدىكى شاھانە تونلار نەشرەڭ دارايى (يوللۇق بەقسەمنىڭ يەنە بىر تۈرى، يىپەكتىن قىلىنغان) دىن كېسىلىپ، يىڭنە بىلەن قولدا تىكىلگەن، ئەستىرىگە سېرىق مەللە كېۋەز (سېرىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېچىلىدىغان كېۋەز) دىن قىلىنغان چوتا خېمى (تاشتا سوۋاش ئارقىلىق ئاقارتىپ ئىشلەنگەن خام) ئىشلىتىلگەن، ياقىلىرىغا ئىراقىي (كانىۋاي) تۇتۇلغان. بۇ تونلار ئۇزۇن ھەم كەڭ بولۇپ، ئالاھىدە ئۇزۇن بولغان يەڭلىرىنىڭ ئۇچلىرى بوغما قىلىنغان. ئۇلارنىڭ ياقىلىرىغا تۇتۇلغان كانىۋاي تاكى تونىنىڭ ئاياق تەرىپىگىچە سوزۇلغان، تونىنىڭ ئاياق پېشىگىمۇ كانىۋاي ئىشلەنگەن، تونلار قول بىلەن سىيلىق تىكىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى تىككۇچىلىك تېخنىكىسى سىڭدۈرۈلگەن. بىر تونىنىڭ ياقىسىغا قارا سىيادا «كىس ماھ» دېگەن خەت ئەرەبچە بىلەن يېزىلغان بولۇپ، خەت ئۆڭتۈپ كەتكەن. يەرلىك دىنىي ئۆلىمالار «كىس» دېگەننى «كىشى، ئادەم» مەنىسىدە، «ماھ» دېگەننى «ماھ رەجەپ» بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ «ئاي» مەنىسىدە، بۇ ئىككىسى قوشۇلغاندا «ئايدەك ئادەم» يەنى «ئۇلۇغ ئادەم» دېگەن مەنىدە بولىدۇ، دەپ تەبىر بېرىشىدۇ.

ئىككى كۆينەك يىپەك رەختتىن تىكىلگەن بولۇپ، ياقىسىغا كانىۋاي ئىشلەنگەن. بۇ ئىككى كۆينەكنىڭ تىكىلىشى سىيلىق ھەم كۆركەم بولۇپ، بىرسى ئاق رەڭلىك، يەنە بىرسى نىل رەڭلىك.

كىگىزنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ئادەمنىڭ سۈرىتىگە ئوخشايدىغان بىر شەكىل چۈشۈرۈلگەن. يەنى ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا ئادەمنىڭ باش شەكلى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، باشنىڭ ئىككى تەرىپىگە چۈشۈرۈلگەن بەش بارماق شەكلى ۋە گەۋدە، پۇت قاتارلىقلار ئاق رەڭ بىلەن چۈشۈرۈلگەن.

بەش دانە مىس تەڭگە (كېيىملەر بىلەن تېپىلغىنى مۇشۇ بەش تەڭگە بولسىمۇ، كېيىن بايلىق تاماسىدا بىر قىسىم كىشىلەر شۇ جايىنى كولاپ يەنە ئون دانە مىس تەڭگە تاپقان) قېلىن مىستىن ياسالغان بولۇپ، ئەسلىدە دۈگىلەك بولسىمۇ ھازىر چۆرىسى پۇچۇلۇپ كەتكەنىدەك قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ چۆرىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دېگەندەك سېلىق، تەكشى ئەمەس. مىس تەڭگىلەرنىڭ ھەر ئىككى يۈزىگە خەت ئويۇلغان (قاپارتما قىلىنغان). ئىككى يۈزىدىكى خەت (بەلگە) لەر ئوخشاشمايدۇ. دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ كۆرۈشىمىزچە، بۇ پۇللار قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پۇللىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېنىق يىل دەۋرى ۋە قايسى خاننىڭ نامىدا قۇيۇلغانلىقى داۋاملىق تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ.

1978 - يىلى، مەكىت ناھىيە بازار جەمئىي يېزا ئوۋكا كەنتى تەۋەسىدىكى قازانكۆل جاڭگىلىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان «ئاقبىنام» دېگەن يەردە دېھقانلار بوز يەر ئېچىۋاتقاندا، بىر دانە ساداق (ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان) ئىچىگە سېلىنغان 27 تال ئوقيا ئوقى، بىر دانە قوشنىڭ تۇمشۇقىنى تاپقان.

ئوقيا ئوقلىرىنىڭ ئوق باشلىرى دەستىسىگە چىڭ ئورنىتىلغان بولۇپ، ياغاچ دەستىنىڭ ئىچىگە تۆشۈك ئېچىلىپ، سىغداپ كىرگۈزۈلگەن. ئوق باشلىرى تۆمۈردىن ياسالغان، ئوق دەستىسى ياغاچتىن تەكشى ھەم تومىلىقى ئوخشاش قىلىپ قىرىلغان. قۇيرۇقلىرىغا پەي قىستۇرۇلغان (بۇ پەيلەر قىزغۇچ كەلگەن بىر خىل شىلىمدەك نەرسە بىلەن يېپىشتۇرۇلغان بولۇپ، پەينىڭ ئاستىدىكى كۆتۈكى قالغان، ئۇچى تۇزۇپ كەتكەن). ئەمما، بۇ ئوقلارنىڭ ئوق بېشى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ ئوقلارنى ئوق بېشىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئومۇمىي جەھەتتىن مۇنداق ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ: (1) رومبا (نەيزە بېشى) شەكىللىك ئوق بېشى. بۇ خىل ئوقنىڭ ئۇچى نەيزىنىڭ ئۇچىدەك تۆت قىرلىق بولۇپ، بىر قەدەر ئۇزۇن. (2) قارلىغاچ قۇيرۇق شەكىللىك ئوق. بۇ خىل ئوقنىڭ ئۇچى قارلىغاچ قۇيرۇقىغا ئوخشاش ئاچىماق چىقىرىپ ياسالغان بولۇپ، ناھايىتى ئۆتكۈر. بۇ ئىككى خىل ئوقتىن باشقا، يەنە ئىككى خىل ئوق بېشى بار. ئۇنىڭ بىرى، توپچە شەكىللىك ئوق. بۇ

خىل ئۇقنىڭ ئۇچى ئۆتكۈر بىسلىق بولماستىن، بەلكى مەشق ئۇقىغا ئوخشاش توپچە شەكىللىك. يەنە بىرى، نەشتە شەكىللىك ئوق. بۇ خىل ئۇقنىڭ ئۇچى تىۋىپلارنىڭ نەشتىسىگە ئوخشاش يانتۇ. لېكىن، كېيىنكى بۇ ئىككى خىل ئوق بېشىنىڭ ئالامەتلىرى بەك روشەن ئەمەس، بۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇ ئالدىنقى ئىككى خىل ئوق بېشىنىڭ چىرىپ، پۇچۇلۇپ شەكىل ئۆزگىرىشىدىن بارلىققا كەلگەن بولىشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن.

بۇ ئوقلارنىڭ ئەڭ چوڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئوق دەستىلىرى ناھايىتى سىپتا، تۈز قىلىپ ياسالغان. قارىماققا يىكەندىن ياسالغاندەك كۆرۈنىسمۇ، لېكىن ياغاچتىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن قىرىپ ياسالغان. ئوق دەستىسىنىڭ ئىككى تەرىپى ئىنچىكە، ئوتتۇرا قىسمى تومراق، ئۇنىڭدا بىر خىل ئالاھىدە ماھارەت كەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ئوقلار ئۇزۇن - قىسقا بولۇپ 83 سانتىمېتىر، 80.5 سانتىمېتىر، 79 سانتىمېتىرلىق ئۈچ خىل ئۆلچەم بويىچە ياسالغان. سادانىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر، كەڭلىكى 12 ـ 15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان، ئىككى تەرەپتىكى گىرۋەكلىرىگە تۆشۈك ئېچىلغان.

قازانكۆل جاڭگىلىدىن تېپىلغان بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ئىچىدىكى تون، كۆينەك، قىل خورجۇن، مىس تەڭگە قاتارلىق بۇيۇملار ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش - باشقۇرۇش ئورنىدا تەتقىقات ئۈستىدە، يىل دەۋرى تېخى ئېنىق بولمىغان بۇ بۇيۇملارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە بۇ يەردىكى خەلق ئارىسىدا ساقلانغان رىۋايەتلەر ئاساسىدا، بىر قىسىم كىشىلەر بۇ بۇيۇملار يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇرىشىتخان دولان دەرياسى ۋادىسىدىكى بۇ جايلارغا ئوۋغا چىققاندا يوقۇتۇپ قويغان نەرسىلەر بولۇشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلىشماقتا.

ئومۇمەن، قازانكۆل جاڭگىلىدىن تېپىلغان بۇ مەدەنىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يادىكارلىقلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش بۇ يەردە ياشىغان قەدىمكى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەت، مىللىي تەركىۋى ۋە مەكىت ناھىيىسىنىڭ يۇرت بولۇش تارىخى قاتارلىقلارنى ئېنىقلاپ چىقىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يانتاق يېزىسىدىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر

يانتاق يېزىسىدىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن 10 كىلومېتىر كېلىدىغان يانتاق يېزىسىنىڭ ئۇيىغۇداي ۋە ئويۇلۇق (بۇرۇنقى ئىسمى بۆلمە) كەنتلىرىگە جايلاشقان. بۇ قەدىمكى قەبرىلەرنى 1990 - يىلى ئۆكتەبىردە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى 2 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش - باشقۇرۇش ئورنى ۋە مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىشىپ تەكشۈرگەن ھەمدە بۇ ئىككى كەنتكە جايلاشقان قەبرىستانلىق ئىچىدىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر توغرىسىدا قىسقىچە خاتىرە قالدۇرغانىدى. 1993 - يىلى مايدا، مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى مەخسۇس كەسپىي خادىملاردىن تەركىپ تاپقان تەكشۈرۈش سۈرەتكە ئېلىش، ئارخىپ تۇرغۇزۇش خىزمىتىنى ئىشلىدى ھەمدە بۇ ئىككى قەبرىستانلىقتىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەرنى ئالاھىدىلىكى بويىچە ئايرىم - ئايرىم تۈرگە ئايرىپ چىقتى. تۆۋەندە، ھەر ئىككى قېتىملىق تەكشۈرۈش ئاساسىدا، بۇ قەبرىلەر توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## 1. قۇم مازار قەبرىستانلىقىدىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر

قۇم مازار قەبرىستانلىقى مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 13 كىلومېتىر كېلىدىغان يانتاق يېزىسىنىڭ ئۇيىغۇداي كەنتىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇق ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″13 ′12°77 بىلەن شىمالىي پاراللېل ″29 ′0°39 قا توغرا كېلىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 400 مېتىر، شىمالدىن جەنۇبقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەڭلىكى تەخمىنەن 60 ـ 70 مېتىر كېلىدىغان بۇ قەبرىستانلىقنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1169 مېتىر كېلىدۇ.

قەبرىستانلىق قۇم ئۈستىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن «قۇم مازار» دەپ ئاتالغان. قەبرىستانلىقنىڭ شەرقىي تەرىپىدە زەي كۆل ھەم تىكەنلىك ساسلىق بار. جەنۇبىي تەرىپى چىغىر يول، يولنىڭ ئۈستى تەرىپى ساسلىقتا تۇتاش، شىمال تەرىپى كەڭ كەتكەن قومۇشلۇق ئارقىلىق جىرىڭلىما سۇ ئامبىرىغا ياندىشى. جەنۇبىي تەرىپى يېزا چوڭ يولى ئارقىلىق تېرىلغۇ يەر ۋە كەنت مەھەللىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. قەبرىستانلىق ئاساسەن توغراق، يۇلغۇن، قومۇش، يانتاق قاتارلىقلار بىلەن ئورالغان.

قەبرىستانلىق جايلاشقان ئورۇننىڭ شەرقىي تەرىپى قۇملۇق بولۇپ، غەربكە سۇرۇلگەنسېرى پەسلەپ بارىدۇ. يەر تۈزۈلىشىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، بۇ قەبرىستانلىقنى شەرقىي قىسىم ۋە غەربىي قىسىم دەپ ئىككى بۆلەككە بۆلۈشكە بولىدۇ.

غەربىي قىسىم ئېگىز تەكشىلىك ئۈستىگە جايلاشقان قەبرىلەر قۇم دۆۋىلىرىگە ياندىشىپ بولۇپ، چوڭ ـ چوڭ توغراقلار بىلەن ئانچە ئېگىز بولمىغان تەكشىرەك كەتكەن قۇم دۆڭلىرى بىلەن ئورالغان. بۇلار ئاساسەن يېقىنقى زامان كىشىلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىن ئىبارەت.

شەرقىي قىسىم ئېگىز قۇم دۆڭى ئۈستىگە جايلاشقان قەبرىلەر ئانچە زىچ بولمىغان ھالدا يايىسمان جايلاشقان بولۇپ، يەر يۈزىدىكى ۋە يېرىمى ئېچىلىپ قالغان ئونغا يېقىن قەبرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، كۆلىمى تەخمىنەن 800 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

قەبرىلەر شەكلى ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن ياغاچ تاختا (چاسلانغان ياغاچلارمۇ بار) بىلەن ياسالغان، بىر قەدەر قەدىمىيلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. قەبرىلەر قۇم دۆڭلىرى ئۈستىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

قويۇلغانلىقتىن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بوران - چاپقۇنلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، توغراق كۆتىكى، توغراق يىلتىزلىرى بىلەن بىرگە ئېچىلىپ قالغان.

قەبرىلەر شەكىل ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن بىر - بىرىدىن پەرق قىلىدۇ، چوڭ - كىچىكلىكىمۇ ئوخشاش ئەمەس. ئىشلەتكەن ياغاچ ماتېرىياللىرىمۇ، ياسىلىش ئۇسلۇبىمۇ ئوخشىمايدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، بۇ ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەرنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) چوڭ تىپتىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرە: بۇ قەبرە باشقا قەبرىلەرگە نىسبەتەن چوڭراق بولۇپ، ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەرنىڭ شەرقىي چېتىگە جايلاشقان. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1.10 1.90 مېتىردىن 2.10 مېتىرگىچە، كەڭلىكى تەخمىنەن 4 مېتىردىن 1.30 مېتىرگىچە، ياغاچ تاختىلارنىڭ قېلىنلىقى سانتىمېتىردىن 6 سانتىمېتىرگىچە كېلىدۇ. كەڭلىكى ئوخشاش ئەمەس. ئۈستى چاسىلانغان، چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ياغاچلار بىلەن توغرىسىغا يېپىلغان بولۇپ، ياغاچ تاختىلار ئۆز ئارا كىرەلەشتۈرۈلگەن.

2) ئوتتۇرا تىپتىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر: بۇنداق قەبرىدىن جەمئىي ئۇچى بولۇپ، چوڭ - كىچىكلىكى ئاساسەن ئوخشىسىمۇ، لېكىن ياسىلىش ئۇسۇلى ۋە ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللىرى، شەكلى ئوخشىمايدۇ.

(1) ياغاچ تاختا بىلەن ئۇقۇر شەكلىدە ياسالغان قەبرە: بۇ قەبرىنىڭ يان تەرەپلىرى ۋە ئاستى تەرىپى سىيلىقلانغان ياغاچ تاختىنى قىناق چىقىرىش ئارقىلىق ئۇقۇر شەكلىدە ياسالغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1.80 مېتىردىن 2 مېتىرگىچە، كەڭلىكى تەخمىنەن 80 سانتىمېتىردىن بىر مېتىرگىچە، ياغاچ تاختىلارنىڭ قېلىنلىقى 3 سانتىمېتىردىن 5 سانتىمېتىرگىچە

كىلىدۇ. ئۇقۇر ئۇچۇن ئىشلىتىلگەن ياغاچ تاختىلارنىڭ يان تەرىپىگە ئىشلىتىلگەنلىرى ئۇزۇن ھەم كەڭرەك، توغرا تەرىپىگە ئىشلىتىلگەنلىرى قىسقا ھەم تارراق، ئۈستى كالتە - كالتە توغراق ياغاچلىرى بىلەن توغرىسىغا يېپىلغان.

(2) چاسلانغان تاختا بىلەن ياسالغان قەبرە: بۇ قەبرىنىڭ يان تەرەپلىرى چاسلانغان ياغاچ تاختىلار بىلەن قىناق چىقىرىلىپ ياسالغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1.90 مېتىردىن 2 مېتىرگىچە، كەڭلىكى تەخمىنەن 90 سانتىمېتىردىن بىر مېتىرگىچە، قېلىنلىقى 6 سانتىمېتىردىن 8 سانتىمېتىرگىچە كېلىدۇ. ئىشلىتىلگەن ياغاچلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشىمايدۇ. ئۈستى تەرىپى توغراق ياغاچلىرى بىلەن يېپىلغان.

(3) تولۇق ئېچىلمىغان، چاسلانغان ياغاچ تاختا بىلەن ياسالغان قەبرە: بۇ قەبرە تولۇق ئېچىلىپ كەتمىگەن بولۇپ، ئۇڭ تەرىپى (ئاياق تەرىپى) قۇمغا كۆمۈكلۈك، سول تەرەپتىكى (باش قىسمى) ئېچىلىپ قالغان قىسمىدىن بۇ قەبرىنىڭمۇ چاسلانغان ياغاچ تاختا بىلەن قىناق چىقىرىلىپ ياسالغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1.80 مېتىردىن 2 مېتىرگىچە بولغان قەبرىنىڭ يان قىسمى قۇم ئاستىدا قالغاچقا، كەڭلىكىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. قەبرىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە ئېچىلىپ قالغان بىر - ئىككى تال توغراق ياغىچىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن شاخ - شۇمبا، ئوت - خەشەك بىلەن يېپىلغاندەك قىلىدۇ.

3) كىچىك تىپتىكى ئۇقۇر شەكىللىك ياغاچ بىلەن ياسالغان قەبرە: بۇ قەبرە يېرىم دائىرىلىك ئويۇلغان ياغاچ بىلەن ياسالغان بولۇپ، پۈتۈنلەي قۇم ئۈستىگە چىقىپ قالغان. ئۇقۇر شەكىللىك ياغاچ دۈم كۆمتۈرۈلگەن بۇ قەبرە كىچىك بالىنىڭ قەبرىسى بولۇپ، ئۈستىگە كۆمتۈرۈلگىنى سوغا (ياغاچ چىلەك) نىڭ بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

50 — 60 سانتىمېتىرگىچە، ياي ئايلانمىسى تەخمىنەن 80 سانتىمېتىر، ياغاچنىڭ قېلىنلىقى 2 سانتىمېتىردىن 3 سانتىمېتىرگىچە كېلىدۇ.

4) گۈمبەز شەكىللىك كېسەك بىلەن ياغاچتىن ياسالغان قەبرە: بۇ قەبرىنىڭ قۇمنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالغان قىسمى خام كېسەك بىلەن تام قوپۇرۇلۇپ، ياغاچ، شاخ - شۇمبىلار بىلەن يېپىلغان بولۇپ، قىسمەن گۈمبەز شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن. دائىرىسى تەخمىنەن تۆت كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. قەبرىنىڭ يان تەرەپلىرىدىكى ئويۇلغان قۇم ئازگاللىرىدىن قاتار قىلىپ تىزىلغان توغراق بادىرلىرىنىڭ ئۇچلىرى چىقىپ قالغان. ئاستى - ئۈستىدىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، بۇ قەبرىنىڭ ئۈستى قىسمى يەنى گۈمبەز قىسمى كېيىن ياسالغان دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

**2. كۆك تونلۇق ئاتام مازىرىدىكى ياغاچ تاختا شەكىللىك قەبرىلەر**

كۆك تونلۇق ئاتام مازىرى مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن 11 كىلومېتىر كېلىدىغان ياتاق يېزىسىنىڭ ئويۇلۇق (بۇرۇنقى ئىسمى بۆلمە) كەنتىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ياتاق كەنتى بىلەن تۇتىشىدىغان ئورۇنغا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″03 ′39°77 بىلەن، شىمالىي پاراللېل ″53 ′0°39 قا توغرا كېلىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 400 مېتىر، شىمالدىن جەنۇبقا كەڭلىكى تەخمىنەن 100 مېتىر، مازارلىقنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1173 مېتىر كېلىدۇ.

كۆك تونلۇق ئاتام مازىرىنى كىشىلەر يەنە ئادەتتە «كۆك تاللىق ئاتام مازىرى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. مازارلىقتىكى كۆك تال (ياش توغراق كۆچەتلىرى) كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

www.uyghurkitap.com

كۆك تونلۇق ئاتام مازىرى جايلاشقان ئورۇن يەر يۈزىدىن تەخمىنەن ئىككى مېتىر ئېگىز سىغىز توپىلىق دۆڭلۈك بولۇپ، ئەتراپى تېرىلغۇ يەر ۋە مەھەللە يولى بىلەن ئورۇلۇپ تۇرىدۇ. بۇ جايدا توغراق، يۇلغۇن، يانتاق، قومۇش، بۇيا قاتارلىقلار ئۆسىدۇ.

بۇ مازارلىقنىڭ نامى ئەسلىدە بۇ جايغا دەپنە قىلىنغان يەتتە كىشىنىڭ قەبرىسىگە قويۇلغان بولۇپ، هازىر بۇ قەبرىلەر يېقىنقى زامان كىشىلىرىنىڭ جامائەت قەبرىستانلىقى ئىچىدە قالغان.

مازارلىقتىكى يەتتە كىشىنىڭ جەستى ئەسلى يەتتە دانە ئىچى كاۋاك توغراق ياغىچى كۆمتۈرۈلۈپ دەپنە قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە بەش كىشىنىڭ جەستى بىر جايغا (قەبرىستانلىقنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە) دەپنە قىلىنغان بولۇپ، هازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ قەبرىلىرىنىڭ قالايمىقان قويۇلۇشى سەۋەبلىك بۇ قەبرىلەر بىلىنمەي قالغان (مازارنىڭ شەيخلىرى كۆرسەتمىسە، بىلگىلى بولمايدۇ). قالغان ئىككى كىشىنىڭ قەبرىسى 50 مېتىرچە غەرب تەرەپكە دەپنە قىلىنغان.

ئايرىم دەپنە قىلىنغان بۇ ئىككى قەبرە شىمال - جەنۇب يۆنىلىشى بويىچە قويۇلغان بولۇپ، ئۈستى تەرىپى ئېچىلىپ قالغان، قەبرىنىڭ ئۈستىگە دۈم كۆمتۈرۈلگەن كاۋاك توغراق ياغىچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2.20 مېتىردىن 2 مېتىرگىچە كېلىدۇ. كەڭلىكى تەخمىنەن 60 سانتىمېتىردىن 70 سانتىمېتىرگىچە كېلىدۇ.

يەرلىك كىشىلەر بۇ قەبرىلەرنىڭ كىم، قاچان، قانداق سەۋەب بىلەن بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بىراق، ناهايىتى ئۇلۇغ زاتلارنىڭ مازىرى، دەپ قاراپ تاۋاپ قىلىشىدۇ.

ئومۇمەن، يانتاق يېزىسىدىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر دەپنە قىلىنىش ئالاھىدىلىكى، قەبرىلەرنىڭ شەكلى، قۇرۇلمىسى جەھەتتىن، ئەتراپتىكى يېقىنقى، هازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ

قەبرىلىرىدىن روشەن پەرق قىلىدۇ. بۇ قەبرىلەرنىڭ يىل دەۋرى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارالماقتا. بۇ قەبرىلەرنى تەتقىق قىلىش مەكىت ناھىيىسىنىڭ يۇرت بولۇش تارىخىنى ئېنىقلاپ چىقىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.



ياغاچ تاختىلىق قەبرە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇقامشۇناس، شائىرە ئامانىنساخانىڭ باللىق چاغلىرىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا

ئامانىنساخان (مىلادى 1525 ـ 1559 ـ يىللار) يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرى (مىلادى 1514 ـ 1678 ـ يىللار) دە ياشاپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىشى، رەتلىنىشى ئۈچۈن ئاجايىپ ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان مۇتەپەككۇر، شائىرە، ئۇستا خەتتات. ئۇ تارىختىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدە ئەڭ شۆھرەت قازانغان ئايال، ئالىم ۋە مۇقام ئۇستازى.

ئامانىنساخانىڭ نامى، ھايات پائالىيىتى ھەققىدە خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان بىر قىسىم رىۋايەتلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىشەنچلىك تۇنجى مەلۇماتنى خوتەنلىك مۇزىكانت ۋە شائىر موللا ئىسمەتۇللا بىننى نىمەتۇللا مۆجىزىنىڭ ھىجرىيىنىڭ 1271 ـ يىلى (مىلادى 1854 ـ 1855 ـ يىللار) دا دۇنياغا كەلگەن ئەسىرى «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دا ئۇچرىتىمىز. موللا ئىسمەتۇللا بىننى نىمەتۇللا مۆجىزىنىڭ بۇ مەلۇماتى ئارقىلىق، فېئوداللىق دىنىي چەكلىمىلىك تۈپەيلىدىن نەچچە ئەسىردىن بۇيان كۆمۈلۈپ قالغان مۇقامشۇناس ۋە شائىرە ئامانىنساخانىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى رەتلەپ چىقىش جەريانىدا ئوينىغان ۋولى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇق، خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتتىكى ئامانىنساخان ھەققىدە ئېيتىلغان ھېكايىنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دىكى مەلۇماتلار بىلەن ئاساسەن ئوخشايدىغانلىقى، بۇلارنىڭ بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ كېتەلەيدىغانلىقى مەلۇم بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دا بايان قىلىنغان تارىخى ماتېرىياللىرىدىن ۋە خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلەردىن بىزگە مەلۇم بولغان پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئامانىساخان توغرىسىدا مۇنداق تونۇشقا كېلىشكە بولىدۇ:

ئامانىساخان مىلادى 1525 - يىلى دولان (مەكىت) نىڭ تىزناپ دەرياسى بويىدىكى قۇمۇش مەھەللىسىدە (شاھ تاتار مەھەللىسى) مەھمۇت ئوتۇنچى دېگەن كەمبەغەل مۇزىكانت ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ سەككىز ياشقا كىرگەندە ئانىسى ئۆلۈپ يېتىم قالىدۇ. مەھمۇت ئاكا ئۆزىنىڭ بۇ يېگانە ئامراق قىزىنىڭ سۇنۇق كۆڭلىگە تەسەللىي بېرىپ، ئۇنىڭ غېرىپ - دىشۋارچىلىقىنى تەرك ئېتىش ئۈچۈن ئاخشاملىرى ئۇنىڭغا ساتار چېلىپ، مۇقام ئېيتىپ بېرىدۇ ۋە قىزىغا زېرىكمەستىن ساتار چېلىشنى ئۆگىتىدۇ. ئامانىسا كۈندۈزى ئۆز مەھەللىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇسا، كەچقۇرۇن ئۆيىدە مۇزىكا ئۆگىنىدۇ.

ئامانىسا توققۇز ياشقا كىرگەندە، قۇمۇش مەھەللىسىدە قاتتىق ۋەيرانچىلىق يۈز بېرىدۇ. شۇ يىلى تىزناپ دەرياسىغا سۇ كەلمەي قۇرغاقچىلىق بولىدۇ. دېھقانلارنىڭ زىرائەتلىرى قۇرۇپ كېتىدۇ. ئاشلىق ۋە يېمەكلىك قىس بولۇپ، دېھقانلار قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئامانىسا ئوقۇۋاتقان دىنىي مەكتەپمۇ تاقىلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەگلەرنىڭ زۇلۇم - زەخمىتى ھەددىدىن ئېشىپ، ئالۋاڭ - ياساقلار كۆپىيىپ كېتىدۇ. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن سوپى ئىشانلار بۇ يېزىغا چاپسانلا يېتىپ كېلىدۇ - دە، ئۇلار خۇداغا سېغىنىشنى باھانە قىلىپ، دېھقانلارنى ھەلقە - سۆھبەت قىلىش ۋە نەزىر - چىراغ بېرىشكە، يەرلەرنى خانىقالارغا ۋەخپە قىلىشقا زورلايدۇ. ئۇلار «مۇزىكا بىلەن مۇقام دوزاقتىن چىققان، ئۇ شەيتاننىڭ ئۈنى، كىشىلەرنى دىنىدىن ئېزىقتۇرىدىغان شەيتان ۋەسۋەسىسى. شۇڭا، خۇدا بۇ يېزىغا قەھەتچىلىك بالاسى ئەۋەتتى» دەپ ۋەز ئېيتىپ، مۇزىكا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چېلىپ، مۇقام ئېيتىشنى چەكلەيدۇ ۋە مەھمۇت ئاكا ئائىلىسىنى ئۆز يۇرتىدىن مەجبۇرىي باشقا جايغا قوغلىۋېتىدۇ. مەھمۇت ئاكا ئۆزىنىڭ بىردىن - بىر بايلىقى بولغان ئامانىنسانى ۋە ساتار، تەمبۇرلىرىنى كۆتۈرۈپ ئامالسىزلىقتىن تەكلىماكاننىڭ بىر بۇرجىكى بولغان قازانكۆل جاڭگاللىقىغا بېرىپ ماكانلىشىدۇ. بۇ پىنھان ماكان ئامانىنسانىڭ مۇزىكا سەنئىتىدە كامال تېپىشىغا ئاساس بولىدۇ.

ئامانىنسا دادىسىنىڭ زېرىكمەي ئۆگىتىشى ۋە ئۇلارنى دائىم يوقلاپ كېلىپ تۇرىدىغان مۇقامچى يارۇ - دوستلىرىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ئارقىسىدا، مۇقامچى ۋە شائىرە بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 2 - خانى سۇلتان ئابدۇرىشتخان (مىلادى 1533 - 1559 - يىللار ھۆكۈم سۈرگەن) ئۆز ۋەزىر - ئەمىرلىرى ۋە لەشكەرلىرى بىلەن خانلىقنىڭ پايتەختى يەكەن شەھىرىدىن ئاتلىنىپ چىقىپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ تەكلىماكان دەشتىگە شىكارغا يۈزلىنىدۇ ۋە نەچچە كۈن شۇ ئەتراپتا بولىدۇ. سۇلتان ئابدۇرىشتخاننىڭ كېچىلىرى پۇقراچە كىيىنىپ، قونۇپچى مۇساپىر سۈپىتىدە سەھرا ياقىلىرىدىكى ئۆيلەردە غېرىبانە قونۇدىغان ۋە شۇ يول بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ پۇقرالارغا زۇلۇم سەتەم قىلىدىغان - قىلمايدىغانلىقىنى تەكشۈرىدىغان ئادىتى بار ئىدى. بىر كۈنى سۇلتان ئابدۇرىشتخان شۇ يوسۇندا ئەكرەم ئاتلىق بىر مەھرىمى بىلەن مەھمۇت ئوتۇنچىنىڭ خارابە ئۆيىگە قونۇپچى سۈپىتىدە كىرىدۇ. سۇلتان ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇرغان تەمبۇرنى كۆرۈپ، مەھمۇت ئاكىدىن تەمبۇر چېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەھمۇت ئاكا «مەن تەمبۇر چېلىشنى بىلمەيمەن، مۇشۇ قىزىمىز ماڭا تەمبۇر ئېلىپ بەر، دەپ خاپا قىلىپ ئالدۇرغان. قىزىم چالىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. سۇلتان: «ئەمىسە قىزىڭىز چېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەرسۇن» دەيدۇ. مەھمۇت ئاكا قىزىغا ئەمىر قىلىدۇ. ئامانىنىسا تەمبۇرنى ئېلىپ، ئەدەپ بىلەن «بىزنىڭ يۇرتىمىز چەترەك بىر ماكان، بىلگىنىمىز ئاز، بىز ھەم ناتاۋان» دەپ قوشاق بىلەن ئۆزرىخالىق ئوقۇپ، ئارقىدىنلا پەنجگاھ مۇقامىغا شۇنداق چالدۇكى، سۇلتان ھەيران قالىدۇ. بولۇپمۇ ئامانىنىسا ئۆزى يازغان بىر شېئىرنى مۇقامغا سېلىپ ئوقۇغاندا، سۇلتاندا ئامانىنساغا نىسبەتەن ئاجايىپ بىر خىل ھېسسىيات پەيدا بولىدۇ. شېئىرنىڭ باشلانما بېيىتى مۇنداق:

يۈز شۇكۇر يارەب بىزگە ئادىل پادىشاھ قىلدىڭ،
پەقىر مسكىنگە ئابدۇرىشتخاننى پاناھ قىلدىڭ.

(خۇدا ساڭا يۈز شۇكرى، بىزگە ئادىل پادىشاھ بەردىڭ،
پېقىر مىسكىنگە ئابدۇرىشتخاننى پاناھ قىلدىڭ)

بۇ شېئىرنىڭ ئاخىرقى چۇشۇرگە بېيىتى مۇنداق:

كېچە ـ كۈندۈز قىل دۇئا تەگرى ئەقىدىسىگە،
كى شاھىڭ ھەققىدە قىلماي دۇئا قاتتىق گۇناھ قىلدىڭ.

(ئەي نەفسى، ئۇلۇغ تەگرىگەھ كېچە ـ كۈندۈز دۇئا قىلغىن.
ئەگەر شاھ ھەققىدە دۇئا قىلمىساڭ قاتتىق گۇناھ قىلغان بولسەن.)

غەزەل تامام بولۇشىغا سۇلتان ئالدىراپ: «نەفسى دېگەن شائىر كىم؟ سىز بۇ غەزەلنى نەدىن ئۆگەنگەن؟» دەپ سورايدۇ. ئامانىنسا: «خەقنىڭ غەزىلىنىمۇ ياد ئېلىپ ئوقۇمدىكىن. مەن نەۋايى فۇزۇلى، زەلىلىلەرنىڭ شېئىرلىرىدىن باشقىنى ئوقۇمايمەن. بۇ غەزەل ئۆزەمنىڭ، نەفسى مېنىڭ تەخەللۇسۇم» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

سۇلتان ئامانىنسانىڭ نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سورىغاندا، مەھمۇت ئاكا: «13 ياشقا كىردى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. سۇلتان تېخىمۇ ھەيران بولىدۇ. ئاڭغىچە ئامانىىسا قوپۇپ ئۆزى يازغان بىر نەچچە پارچە شېئىرنى ئەكىلىپ سۇلتانغا كۆرسىتىدۇ. ئامانىىسانىڭ خېتىنىڭ ھۆسنى ئۆزىنىڭ ھۆسنى بىلەن بەسلىشەتتى. سۇلتانىنىڭ بۇ خەتنى شۇنچە كىچىك نارسىدىنىڭ يازغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەي: «قېنى ئەمىسە مەن قاراپ تۇراي، بىر شېئىر يېزىپ بېقىڭ» دەيدۇ. ئامانىىسا دەۋەت - قەلەم ۋە قەغەز ئېلىپ كېلىپ، تۆۋەندىكى بېيىتنى يازىدۇ:

بۇ بەندە قىلدى ئەجەپ سۇ ئىزەن ماڭا،
گويا بۇ ئۆيگە ئۇندى بۇ ئاخشام تىكەن ماڭا.

(خۇدا، بۇ بەندە ماڭا تولىمۇ گۇمانلىق كۆزىدە قارىدى،
گويا بۇ ئۆيدە بۈگۈن ئاخشام مەن ئۈچۈن بىر تىكەن ئۈندى.)

سۇلتان كۈلۈپ: «ئىشەندىم، مېنى مەسخىرە قىلماڭ» دەيدۇ ۋە مەھرىمىنى ئېلىپ تاشقىرىغا چىقىپ: «بىز ھېلى كېلىمىز» دەپ كېتىپ قالىدۇ. سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئۆز لەشكەر گاھىغا بېرىپ، ۋەزىر - ئەمىرلىرىگە بولغان ئەھۋالنى بايان قىلىپ، بېشىغا تاج كىيىپ، ئۈستىگە دەۋاج يېپىپ مەقسەت مۇددىئاسىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرھال 10 قوي ۋە شايى ئەتلەسلەر تەييارلىنىپ، تۈن يېرىم بولغاندا، قىرىق كىشى مەھمۇت ئاكىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، مەقسەتلىرىنى بايان قىلىشىدۇ. مەھمۇت ئاكا ۋە ئامانىىساخانىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، توي قىلىپ ئامانىىسانى ئۆز نىكاھىغا ئالىدۇ.①

موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دېگەن ئەسىرىدە ئامانىىسانىڭ يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئوردىسىغا كەلگەندىن كېيىنكى ئەھۋالى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ مەلىكە 20 يىل پادىشاھىنىڭ نىكاھىدا تۇردى. «دىۋان نەفسى» نى يازدى. خوتۇن - قىزلارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدا «ئەخلاقىي جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق بىر كىتابنى يازدى. «شورۇھۇلقۇلۇپ» (قەلبلەر شەرھى) ناملىق بىر رىسالە يازدى. شائىرلىق، نەغمىچىلىك ۋە خەتتاتلىق نوغرىسىدا بۇنىڭدەك مەنىكىك كىتاپ ئاز. «ئىشرەت ئەنگىز» (شاتلىق قوزغىغۇچى) ناملىق بىر مۇقامنىمۇ بۇ مەلىكە ئىجاد قىلغان ئىدى.... بۇ مەلىكە 34 يېشىدا ۋاپات بولغان.② دېمەك، يۇقىرىقىلار مۇزىكشۇناس، شائىرە ئامانىساخانىڭ باللىق چاغلىرى، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 2 - خانى بولغان سۇلتان ئابدۇرىشىتخانغا ياتلىق بولۇپ، يەكەنگە كەلگەن ھەم ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان پۈتكۈل ھايات كەچۈرمىشىنىڭ جانلىق تەسۋىرى بولۇپ، تارىخىي قىممەت جەھەتتىن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تەتقىقاتچى ئالىملارنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن بىردىنبىر مەلۇماتتۇر. ئەمما، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم ئەسەرلەر ئامانىساخانىڭ تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان يىل دەۋرى، دادىسى ۋە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى قاتارلىق مەسىلىلەردە بىر مۇنچىلىغان ئېنىقسىزلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. تۆۋەندە مەن بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە ئۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

بىرىنچى، ئامانىساخانىڭ تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان يىل دەۋرى.

بىزگە مۇقامشۇناس، شائىرە ئامانىساخانى بىلدۈرگەن ئاساسلىق ماتېرىيال «تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن» دا موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەمەتۇللا مۆجىزى مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى سۇلتان ئابدۇرىشىتخان مەھمۇت ئاكىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئامانىساخانى كۆرگەندە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئامانىسا 13 ياشتا ئىدى...

ئامانىسا ئابدۇرشىتخانغا ياتلىق بولۇپ، يەكەنگە كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ نىكاھىدا 20 يىل تۇردى...34 ياشقا كىرگەندە، تۇغۇتتا ۋاپات بولدى.» ئەمما، بۇ مەلۇماتتا ئامانىساخاننىڭ قايسى يىلى تۇغۇلۇپ، قايسى يىلى ۋاپات بولغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن «ئۇيغۇر خەلق كىلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› مەققىدە» دېگەن كىتابىدا: «ئامانىساخان مىلادى 1534 - يىلى تۇغۇلۇپ، مىلادى 1567 - يىلى ۋاپات بولغان» دەپ يازىدۇ.③ ئەمەتجان ئەخمىدى ئۆز ئەسىرىدە: «ئامانىساخان مىلادى 1533 - يىلى تۇغۇلغان. 1567 - يىلى ۋاپات بولغان» دەپ كۆرسىتىدۇ④. بۇلارنىڭ نېمىگە ئاساسەن شۇنداق يازغانلىقىنى بىلگىلى بولمىدى. مېنىڭچە ئامانىساخاننىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىل دەۋر مەسىلىسىدە بىرلىككە كەلگەن ئېنىق بىر مەلۇماتقا ئىگە بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، پەقەت مۆجىزىنىڭ مەلۇماتى بىلەن سۇلتان ئابدۇرشىتخاننىڭ يىل دەۋرىنى ئۆز - ئارا سېلىشتۇرۇپ، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشلا مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرەلەيدۇ.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، سۇلتان ئابدۇرشىتخان مىلادى 1533 - يىلى دادىسى سەئىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن يەكەن سەئىدىيە خانلىقىغا خان بولغان، مىلادى 1559 - يىلى (ھىجرىيىنىڭ 967 - يىلى) ئۆزىگە تەۋە جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە چىقىپ خوتەندە ۋاپات بولغان⑤. بىز بۇ يەردە مىلادى 1533 - يىلنى ئامانىساخاننىڭ تۇغۇلغان يىلى دەپ ئېيتالمايلا قالماستىن بەلكى ئۇنى ئابدۇرشىتخاننىڭ ئوۋغا چىقىپ، مەھمۇت ئاكىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئامانىساخان بىلەن كۆرۈشكەن ۋاقتى دەپمۇ ئېيتالمايمىز. چۈنكى، ئابدۇرشىتخان تەختكە چىقىشى بىلەنلا ئىچكى - تاشقى جەھەتتى ناھايىتى زور

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەۋپلەرگە دۇچ كەلگەن ئىدى. سەئىدخان هايات ۋاقتىدا دۆلەتنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي چوڭ هوقۇقىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرلىرى سەئىدخان ۋاپات بولۇشى بىلەن يېڭى خاننى قورچاق قىلىش، هەتتا خانلىق تەختنى تارتىۋېلىش ئويىدا بولدى؛ سەئىدخاننىڭ قېرىندىشى مەنسۇرخان تۇرپاندىن لەشكەر تارتىپ چىقىپ، ئاقسۇغا هۇجۇم قىلدى؛ سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى زېمىنلاردىكى خانلىقنىڭ تەسىرى ئاجىزلاپ، قازاقلار پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى. دېمەك، بۇنداق زىددىيەتلىك ئەهۋال ئاستىدا، ئەمدىلا تەختكە چىققان ئابدۇرىشىتخاننىڭ تەختكە چىقىپلا خاتىرجەم ئۇۋغا چىقىشى هەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆز هاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن هېچ بولمىغاندا ئىككى - ئۈچ يىل سەرپ قىلمىسا بولمايتتى.

ئۇنداقتا بىز، مۆجىزنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسەن، ئامانىسساخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شۇ يىلى ئابدۇرىشىتخانمۇ ۋاپات بولغان دەپ قارىساق، ئابدۇرىشىتخان، ئامانىسساخانلار مىلادى 1559 - يىلى ۋاپات بولغان بولۇپ، 34 ياشلىق ئامانىسساخان مىلادى 1525 - يىلى تۇغۇلغان بولىدۇ. ئابدۇرىشىتخان ئۇۋغا چىقىپ مەھمۇت ئۇتۇنچىنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ۋاقتى مىلادى 1538 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

ئىككىنچى، ئامانىسساخاننىڭ دادىسى.

«تەۋارىخىي مۇسقىيۇن» دىكى مەلۇماتلار ئاساسىدا، ئامانىسساخاننىڭ دادىسى مەھمۇت ئۇتۇنچى دېگەن قاراش قوبۇل قىلىنغانىدى. 1956 - 1959 - يىللىرى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر جەمئىيىتى ۋە ئامانىسساخاننىڭ تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن «ئامانىسسا بېگىم» نامىلىق بىر شائىر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

توغرىسىدا بەزى ھېكايە ـ رىۋايەتلەرنى توپلىغان بولۇپ، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدە ئامانىسا بېگىمنىڭ يەكەن خانلىقى زامانىسىدا ئۆتكەن قىدىرخان يەركەندىنىڭ قىزى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ سۇلتان ئابدۇرىشىتخانغا ياتلىق قىلىنغانلىقى، نۇرغۇن شېئىر ـ داستانلارنى يازغانلىقى، «ئىشرەت ئەنگىز» ناملىق بىر مۇقام ئىجاد قىلغانلىقى، كېيىن تۇغۇتتا ۋاپات بولغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. بۇ رىۋايەت مۆجىزىنىڭ مەلۇماتى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، « تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن» دا ئامانىساخانىنىڭ دادىسى «مەھمۇت ئوتۇنچى» دېيىلگەن بولسا، يېقىندا ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىدا⑥ بۇ نۇقتىنى ئاساس قىلىپ، ئامانىساخانىنىڭ دادىسى قىدىرخان يەركەندى ئىدى، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن ھەم مەھمۇت ئوتۇنچى بىلەن قىدىرخان يەركەندىنى بىر ئادەم قىلىپ قويغان. مەن بۇ خىل قاراشنى تارىخىي پاكىتقا ھۆرمەت قىلماي، ئارتۇقچە كۆچىگەنلىك دەپ قارايمەن.

1. ئامانىساخانىنىڭ دادىسىنىڭ مەھمۇت ئوتۇنچى ئىكەنلىكى «تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن» دا ئېنىق كۆرسىتىلگەن. گەرچە خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەر مۇئەييەن دەۋرنىڭ رېئال ئەھۋالىنى قىسمەن يورۇتۇپ بېرەلىسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىز يازما ماتېرىيالىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. مۇنداق رىۋايەتنىڭ تارقىلىشىغا، بىر تەرەپتىن، ئامانىساخانىنىڭمۇ خۇددى قىدىرخاندەكلا ئۇستا مۇزىكانت بولۇپ يېتىلگەنلىكى سەۋەب بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ قىدىرخان بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەمگەكلىرى سەۋەب بولغان.⑦ ئەگەر ئەھۋال راستىنلا شۇنداق بولغان بولسا، قىدىرخان يەركەندى ۋە ئامانىساخانلار ھەققىدە بىزگە خېلى تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن مۆجىزى بۇ توغرۇلۇق بىرەر نەرسە بىلمەي قېلىشى مۇمكىنمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

2. ئاپتورنىڭ «دېۋان قىدىر» دىن ئالغان «ئەمىنلىك ...»، «...نەزمە نەپىسلىرىنىڭ ...» دېگەن نەقىللىرى⑧ بۇ يەردە ھەرگىز ئامانىنىساخاننىڭ ئىسمى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى بولغان «نەفىسە» نىڭ مەنىسىدە بولماستىن، بەلكى يەنە ئاپتور ئېيتقاندەك، ئامانىنىساخاننىڭ مۇقام ۋە كىلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قانداق ئۆگەنگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ چىگىش مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ «يىپ ئۇچى» مۇ بولالمايدۇ. چۈنكى، ئامانىنىساخاننىڭ كىچىك ۋاقتىدا قانداق قىلىپ شۇنچە قابىلىيەت ئىگىسىگە ئايلانغانلىقى مەسىلىسىدىكى مۇنازىرىدە ئېنىق بىر مەلۇماتقا ئىگە بولماي تۇرۇپ، قىياس بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشقا بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئامانىنىساخان ئۆسۈپ چوڭ بولغان مۇھىت بىلەن پۇختا تونۇشۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، قەدىمكى دولان دەرياسى ۋادىسى ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ ئاپىرىدە بولغان جايلىرىدىن بىرى⑨. بۇ يەردە بارلىققا كەلگەن «دولان مۇقامى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئىپتىدائى مەنبەسى ۋە گەۋدىسى ئىدى» .⑩ بۇنداق ياخشى مۇھىت ۋە ئوبدان ئائىلە تەربىيىسى ئامانىنىساخاننىڭ مۇزىكا ساھەسىدە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. ئامانىنىساخان ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى، پەزىلىتى ھەم گۈزەللىكى بىلەن جەمئىيەتكە تونۇلغان. بولۇپمۇ، ئۇ دادىسى مەھمۇتنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشىدە شۇ يەردە ئومۇملاشقان چالغۇ ئەسۋاپلارنىڭ ھەممىسىنى چالالايدىغان بولغان .⑪ يۈسۈپ قىدىرخاننىڭ دادىسىمۇ شۇ چاغدا مەشھۇر سازەندە بولۇپ، ئامانىنىساخاننىڭ دادىسى مەھمۇت بىلەن قويۇق بېرىش - كېلىش قىلىپ يېقىن ئۆتكەن .⑫ مەھمۇت ئوتتۇنچىنىڭ ئابدۇرىشىتخانغا تەمبۇر چېلىشنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشى، ئېھتىمال كەمتەرلىك قىلغانلىقى ياكى ئامانىنىساخاندىن ماختانغانلىقى بولۇشى مۇمكىن. بىزدە مېھمانغا ئۆزىنى ئەمەس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىسىنى ماختاش ئادەتتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىغا نىسبەتەن ھەممىدىن ئاۋۋال تەسىرى چوڭ بولىدىغىنى ئائىلە مۇھىتىدۇر. دېمەك، مۇزىكانتلار ئارىسىدىكى بۇنداق قويۇق باردى - كەلدى ئامانىساخاننى تېخىمۇ كۆپ مۇزىكا بىلىمى ئۆگىنىش ۋە كىلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇشتا پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا شېئىر يازالايدىغان، ھەر خىل مۇقاملارنى ئورۇنلىيالايدىغان بولغان.

3. يۈسۈپ قىدىرخان (قىدىرخان يەركەندى) بىلەن مەھمۇت ئوتتۇنچىنى بىر ئادەم دەپ قاراش، خىيالىي پەرەزدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئاپتور قىدىرخاننى ئابدۇرىشتخان تەختكە چىققان دەسلەپكى چاغلاردا ئوردىدا يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىق تۈپەيلىدىن شاھ تاتارغا چىقىپ كەتكەن ۋە موللا مەھمۇت دەپ ئاتالغان، كېيىن «ئوتتۇنچى» دېگەن لەقەم قويۇلغان، دەيدۇ. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، «يۈسۈپ قىدىرخان 1533 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئابدۇرىشتخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئابدۇرىشتخاننى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى رەتلەشتەك مۇرات - مەقسىدىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى سىياسىي تايانچ ھېسابلاپ، ئابدۇرىشتخاننىڭ خاس مۇزىكانتلىرى قاتارىغا كىرگەن. ئابدۇرىشتخان ئۇنى باش مۇغەننىلىككە تەيىنلىگەن»⑬.

ئەجەبا، يۈسۈپ قىدىرخان ئابدۇرىشتخاننىڭ خىزمىتىدىن ئايرىلىپ شاھ تاتارغا بارغاندا «مەھمۇت ئوتتۇنچى» دەپ ئاتالغان بولسا، ئابدۇرىشتخان ئۇۋغا چىقىپ، مەھمۇت ئوتتۇنچىنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، ئۇنى تونۇيالماي قالارمىدى؟

ئۈچىنچى، ئامانىساخاننىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى.

ئامانىساخان دولاننىڭ (مەكىتنىڭ) تىزناپ دەرياسى بويىدىكى قۇمۇش مەھەللىسىدە تۇغۇلغان⑭. بۇ يەكۈن «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دا بېرىلگەن مەلۇمات ھەم خەلق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلەر، جۈملىدىن تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا «چىڭگىزنامە» ۋە «سەئىدنامە» قاتارلىق تارىخىي ماتېرىياللاردىكى مەلۇماتلار ئاساسىدا چىقىرىلغاندى.

موللا مىرسالىھ كاشغەرى ئۆزىنىڭ «چىڭگىزنامە» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «خان (ئابدۇرىشىتخان) ئاخىر ھالدا بىر زەئىن لولىنى ئالدىلەر. چۇچۇك خانىم سەرزەنىش قىلدى: سەن لولىنى ئالدىڭ - دېب، خان بۇ رابائىنى بەدىھىيە ئەيتتىلەر:

ئەگەر كۆڭۈل قەبۇلى بولسە،
شېرىن ھەرىكەت خۇش ئۇسسۇلى بولسە.
جان ئوتراسىرا ئانىڭكى يولى بولسە،
نې ئەيىب ئانىڭ ئەسلىسى لولى بولسە.»⑮

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «لولى» دېگەن سۆز دولانلارغا قويۇلغان لەقەم بولۇپ، بۇ ھەقتە ھازىرقى مەكىتتىكى دولانلار ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت ساقلانغان: «تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئارىسىدىكى بىر شەھەردە، ئاتام زامانىسىدىن باشلاپ ئەقىل پاراسەتلىك بىر ئەل دانىشمەن بولۇپ، يەر يۈزىدىكى بولغان ۋە بولمىغان ئىشلارغا ئالدىن ھۆكۈم قىلالايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە يات ئەلدىن لەشكەر كېلىپ، بۇ شەھەردىكى دولانلار بىلەن ئۇرۇشۇپتۇ. دولانلار ئاجىز كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئەل بولماقچى بولۇپ بىرەيلەننى قارشى تەرەپكە ئەۋەتىپتۇ. يات ئەل بىر پەتنۇسقا قارا ئۆجمە، يەنە بىر پەتنۇسقا قارا قوڭغۇز ئېلىپ كېلىپ، ئەلچىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ ۋە «ئۆجمىنى يېسەڭ ئەل بولغىنىڭ يالغان، قوڭغۇزلارنى يېسەڭ ئەل بولغىنىڭ راست» دەپتۇ. دولانلىق ئەلچى: «ئۆجمە دېگەن جىم تۇرىدىغان نەرسە، قاچان يېسە بولىۋېرىدۇ. قوڭغۇزلار قېچىپ كېتەلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇڭا بۇنى ئاۋۋال يەي» (بۇ سۆزنى «تۇرغىنى تۇرۇپ تۇرسۇن، قاچقىنىنى ئاۋۋال يەي» دەپ ئىپتىقۇچىلارمۇ بار) دەپ قىزىقچىلىق قىپتۇ - دە، ئۆملەۋاتقان قوڭغۇزلارنى تېرىپ ئېلىپ يەۋېتىپتۇ. يات ئەللىكلەر دولانلارنىڭ ئەل بولغانلىقىغا ئىشىنىپ شەھەرگە كىرىپتۇ. لېكىن، شەھەرگە كىرە - كىرمەيلا مۆكتۈرمە لەشكەرلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ھالاك بولۇشۇپتۇ. پەقەت بىر نەچچە كىشىلا قېچىپ كەتكەنىكەن. ئۇلار بارغانلا يېرىدە دولانلارغا چېقىلماڭلار، ئۇلار لولى (رەڭباز، بۇ يەردە تەدبىرلىك، ھىيلىگەر دېيىش كېرەك) لار ئىكەن» دېيىشىپتۇ. شۇندىن كېيىن لولى، قوڭغۇزچى دولان دېگەنلەر دولان خەلقىگە لەقەم بولۇپ قالغانىكەن»⑯. دېمەك، «چىڭگىزنامە» دا تىلغا ئېلىنغان «لولى» سۆزى دولان ئۇيغۇرلىرىغا قارىتىلغان بولۇپ، ئابدۇرىشىتخاننىڭ «شېرىن ھەرىكەت خۇش ئۇسسۇلى بولسە» دېگەن مىسرالىرىدىن ئامانىساخاننىڭ يالغۇز ساز چېلىش، مۇقام ئېيتىشقىلا ماھىر بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ ئەڭ قەدىمىي شەكىللىرىدىن بىرى بولغان دولان ئۇسسۇلىغىمۇ ماھىر ئىكەنلىكىنى ھەم ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ ئاپىرىدە بولغان جايلىرىدىن بىرى دولان (دولان دەرياسى ۋادىسى) دا ئۆسۈپ چوڭ بولغانلىقىنى جەزىم قىلىشقا بولىدۇ.

«سەئىدنامە» دېگەن ئەسەردە: «شاھ تاتارلىق چوكان سىبكىلەك - خاتۇن ئامەتلىرى ئاسمانغا ئۆرلەپ شاھى رەشىدىل ئەزەم (ئابدۇرىشىتخاننىڭ بىر خىل سۆيەت نامى) بىلەن...» دېگەن بايانلار ئۇچرايدۇ.⑰ بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «شاھ تاتار» دېگەن جاي، مەكىت ناھىيىسىنىڭ خانكۆل سۇ ئامبىرى ۋە تىزناپ دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقى، غازكۆل يېزىسىنىڭ ھازىرقى قۇمۇش مەھەللە كەنتىنىڭ قەدىمكى نامىدۇر. خەلق ئارىسىدا بۇ نام ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت ساقلانغان:

«ئابدۇرىشتخان قەۋەت - قەۋەت تويلۇق تەييارلاپ، ئۇنىنى تۆگىلەرگە يۈكلەپ، دولانغا كەلدى ۋە كاتتا توي ئۆتكۈزۈپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئامانىسانى مەلىكىلىككە، ئۇنىڭ دوستلىرىنى كېنىزەكلىككە ئېلىپ يەكەنگە قايتقاندىن كېيىن، دولانىنىڭ قۇمۇش مەھەللە، مازار مەھەللە، تالا مەھەللە دېگەن يۇرتلىرى «شاھ تاتار» دەپ (خان تارتىپ كەتتى دېگەن مەنىدە) ئاتالغان» ⑱. دېمەك، «سەئىدنامە» دە تىلغا ئېلىنغان «شاھ تاتارلىق چوكان سېكىلەك - خاتۇن» باشقا بىرى بولماستىن، دەل يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى سۇلتان ئابدۇرىشىتخانغا ياتلىق بولغان قۇمۇش مەھەللە (شاھ تاتار) لىك ئامانىساخان ئىدى. يۇقىرىقى رىۋايەت ئاساسىدا بىز يەنە مۇنداق بىر جەرياننى قىياس قىلالايمىز: سۇلتان ئابدۇرىشىتخان تارىم دەرياسى (يەكەن دەرياسى تارىم دەرياسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي تارماق بولغاچقا، بىر قىسىم ماتېرىياللاردا «تارىم دەرياسى» دەپمۇ ئېلىنغان. مەكىت، مارالبېشى دائىرىسىدە «دولان دەرياسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.) نى بويلاپ، تەكلىماكان دەشتىگە شىكارغا بارغاندا، قازانكۆل جاڭگىلى (قۇمۇش مەھەللىسىنىڭ شەرقى، شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان تەكلىماكانغا تۇتاش جاڭگال) دا ئامانىساخاننى ئۇچراتقان.... توينى بولسا، ئۇنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى قۇمۇش مەھەللە (شاھ تاتار) سىگە كېلىپ قىلغان. ئابدۇرىشىتخاننىڭ دولانغا كەلگەنلىكىنى ھازىرقى قۇمۇش مەھەللە يېنىدىكى «خان كۆل»، يانتاق يېزىسىدىكى «خان ناماز» دېگەن يەر ناملىرى دەلىللەپ بەرسە كېرەك؟

**ئىزاھلار:**

① مولا ئىسمەتۇللا بىننى مولا نېمەتۇللا مۆجىزى: «تەۋارىخىي مۇسقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى؛ شىنجاڭ خەلق ئەمەتجان ئەخمىدى «ئۇيغۇر مۇقاملىرى توغرىسىدا»، «دولان قىزى نەشرىياتى، 1992 - يىل نەشرى؛ قادىر ھوشۇر، «دولان قىزى ئامانىسا»، «دولان ئەدەبىياتى» 1981 - يىل 1 -، 2 - سانلار قاتارلىق ماتېرىياللاردىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارغا قارالسۇن.

②⑦ «تەۋارىخىي مۇسقىيۇن» 67 - بەت، 14 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

③ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى، 84 ـ بەت.

④ ئەمەتجان ئەخمىدى: «ئۇيغۇر مۇقاملىرى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى خەۋىرى»، 1989 ـ يىل 3 ـ سان، 84 ـ بەت.

⑤ موللا مىرسالىھ كاشغەرى: «چىڭگىــزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى، 110 ـ بەت؛ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشــرىــياتى، 1989 ـيىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 331 ـ بەت.

⑥ ئابدۇقادىر داۋۇت: «ئامانىنساخان»، «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى 1993 ـ يىل 4 ـ فېۋرالدىن 1 ـ ئاپرېلغىچە بولغان سانلىرىغا قارالسۇن.

⑧ «ئاسىيا كىندىكى گېزىتى»، 1993 ـ يىل 11 ـ فېۋرال سانى.

⑨⑪⑬ ليۇ زىشياۋ: «يەكەن خانلىقى ۋە مۇقام»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1993 ـ يىل 1 ـ سان، 70 ـ، 71 ـ بەتلەر.

⑩ ئابدۇكېرەم راخمان: «مۇقام تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىــرى ھەققىدە تىزىس»، «شىنجاڭ پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن ئىــلمىــي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى خەۋىرى» 1989 ـ يىل 3 ـ سان، 72 ـ بەت.

⑫ «ئاسىيا كىندىكى گېزىتى» 1993 ـ يىل 1 ـ مارت سانى.

⑭ ئەمەتجان ئەخمىدى: «ئۇيغۇر مۇقاملىرى توغرىسىدا»، 111 ـ بەت.

⑮ موللا مىرسالىھ كاشغەرى: «چىڭگىزنامە» 109 ـ بەت.

⑯ مۇختار قادىر «‹لولى› دېگەن سۆزنىڭ تارىخىي مەنبىيــــى توغرىسىدا»، ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى، 1989 ـ يىل 5 ـ دېكابىر سانى.

⑰ «سەئىدنامە» ـ سەئىد ئاسىپ ۋاخانى ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ كۆچۈرمە ئاپتورلۇقىدا 1911 ـ يىلى ئەتراپىدا كۆچۈرۈپ كۆپەيتىلگەن پارچە رىسالە، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1988 ـ يىل 3 ـ سان، 59 ـ بەت.

⑱ «دولان ئەدەبىياتى»، 1981 ـ يىللىق 1ـ، 2 ـ سان، 22 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زات، شائىر ئەھمەد قازىئاخۇنۇم

شائىر ئەھمەدى (قازىئاخۇنۇم كېيىن قوشۇلغان مەنسەپ نامى) مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە مەكىت ناھىيىسىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى. ئۇستا خەتتات ۋە 30 - يىللاردىكى مەكىت يەڭىي مەكتەپ مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تۆھپە قوشقان تەرەققىيپەرۋەر زات.

ئۇ، 1907 - يىلى مەكىت ناھىيىسىنىڭ غازكۆل يېزىسى لايلىق پاختىلىق كەنتىنىڭ چېكىلىك مەھەللىسىدە ئوقۇمۇشلۇق بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئانا تەرەپ چوڭ دادىسى ئىگەمبەردى ھاجىم ئۇنى مەخسۇمنىڭ تەربىيىسىگە بەرگەن. بۇ مەزگىلدە ئۇ يەنە ئاشۇ مەدرىسىنىڭ مۇددەرىسلىرىدىن بىرى بولغان جامال ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ قولىدا ئوقۇپ، ئەرەب، پارس تىلىنى ئىگىلىگەندىن سىرت، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە شەرق ئەدەبىياتىنى پىششىق ئۆگىنىپ، ئالىي مەلۇماتلىق كىشىگە ئايلانغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتىكى ئىقتىدارى يېتىلىپ، ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان.

ئەھمەدى 1927 - يىلى قەشقەردىكى ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ مەكىت ناھىيىسىگە قازى بولغان. ئەمما ئۇ قەشقەردە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە ئابدۇقادىر داموللامغا ئوخشاش ئىلغار دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىدىكى زاتلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولغاچقا، بەزى مەسىلىلەردە يەرلىك فېئودال مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بىلەن چىقىشالماي، قازىلىقنى تاشلاپ، يەكەنگە كېلىپ مۇددەرىسلىك قىلغان.

1933 - يىللاردا كۆتۈرۈلگەن مەدەنىي ئاقارتىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى بىلەن يەنە مەكىتكە قايتىپ كېلىپ، مەكىت ناھىيىسىدە قۇرۇلغان مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتىپى بولۇپ ئىشلىگەن ۋە مەكىت ناھىيىسىدە يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ كۈچ چىقارغان. بىراق، 1936 - يىلى جاللات شېڭ شىسەينىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان زىيالىيلارغا قاراتقان زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن، شائىر ئەھمەدىمۇ يەنە بىر قېتىم ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ يەكەن، يېڭىسار، پەيزاۋات قاتارلىق جايلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. 1939 - يىلى، مەكىتكە قايتىپ كېلىپ شەھەر ئىچىدىكى ئوسمان ھاجىمنىڭ مەدرىسىدە مۇددەرىسلىك قىلغان ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ شېئىر يازغان. ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى بىر قىسىم ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان.

شائىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى قەشقەردە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە باشلانغان بولۇپ، ئۇ ئۆز ھاياتىدا 3800 مىسرادىن ئارتۇق غەزەل، مەسنىۋى، مۇخەممەس، رۇبائىيلارنى يازغان. شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلبوستان»، «بوستان» ناملىق ئىككى ئەسىرىنى ۋە «لوقمان ھېكىمنىڭ يۈز نەسىھىتى» دېگەن ئەسىرىنى نەزمە شەكلىدە تەرجىمە قىلغان. ئەپسۇسكى، شائىرنىڭ بۇ تەرجىمە ئەسەرلىرى ۋە بىر قىسىم قول يازمىلىرى ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە كۆيدۈرۈپ تاشلانغان. ساقلىنىپ قالغىنى رەتلەنمىگەن ئىككى پارچە دىۋاندىن ئىبارەت بولۇپ، بىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 21.6 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 14 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئۈچ سانتىمېتىر، جەمئىي 220 بەت. يەنە بىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 19 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 12.4 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئۈچ سانتىمېتىر، جەمئىي 214 بەت.

شائىرنىڭ كۆن -خۇرۇم بىلەن مۇقاۋىلانغان بۇ ئىككى دىۋانىنىڭ بىرىدە «كەيدان»، «رىسالەئى رەپىئى سابابە»،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«ھەدىس»، «ھەدىس مۇنتەخىيە»، «مۇفتا ھۇل ئەدەب» (ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەسرى)، «قۇتبەئى ئىزھا» قاتارلىق قازان، تاشكەنت، لاھور مەتبەئەسىدە بېسىلغان ۋە قولىيازما قىلىپ كۆچۈرۈۋالغان 148 بەت ئەسەردىن باشقا، ئاپتورنىڭ «ئەجرۇمىيە» (تىل قائىدىسى)، «قائىدە مەكتۇپ» (ھۆسن خەت يېزىش قائىدىسى» دېگەن ئىككى پارچە ئەسرى، بىر ھېكمەت، ئالتە پارچە غەزىلى بار. دىۋانىنىڭ يەنە بىرىدە زەمەخشەرنىڭ 80 بەت ئەتراپىدىكى «ناۋابىغۇل كەلىم» دېگەن ئەسىرىنىڭ قولىيازمىسى بىلەن ئۇنىڭ تەرجىمىسىدىن باشقا، «قول دەپتىرى» نامىدىكى 134 بەتلىك بىر قولىيازمىغا توپلانغان مەشرەپ، ھۇۋەيدا، خوجاھاپىز قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن ئارىلاش كۆچۈرۈلگەن ئەھمىدىنىڭ 19 غەزىلى، تۆت مۇخەممىسى بار. شائىر ئەھمەد قازىئاخۇنۇمنىڭ بۇ دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن ھۆسن خەت نۇسخىلىرى توغرىسىدىكى قائىدىلەر ۋە دىۋانىنىڭ بەت ئارىسىغا بېرىلگەن قىستۇرما ھالەتتىكى رەڭلىك ھەرخىل گۈل سىزمىلىرىدىن قارىغاندا، شائىرنىڭ ئۇستا خەتتات ۋە ماھىر رەسسام ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

شائىر 1941 ـ يىلى 26 ـ يانۋار كېسەللىك سەۋەبىدىن 34 يېشىدا مەكتەپتە ۋاپات بولۇپ، ئۆزى ئۆسۈپ چوڭ بولغان چېكىلىك مەھەللىسىگە دەپنە قىلىنغان، ھازىر ئۇنىڭ نامىدا شائىرنىڭ قەبرىگاھىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مازارلىق بار. تەرەققىيپەرۋەر شائىر ئەھمەد قازىئاخۇنۇمنىڭ بۇ قەبرىسى ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، قايتا ياسىلىش ئالدىدا تۇرماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زات قادىر ئاخۇن خەلپىتىم

قادىر ئاخۇن خەلپىتىم 1890 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى خانئېرىق رايونىنىڭ چاقا يېزىسىدا تۇغۇلغان. 12 ياشقا كىرگەندە دادىسى خۇدابەردى شاگزۇك بىلەن مەككىگە كۆچۈپ بېرىپ، دادىسى ئاچقان گەزلىمە دۇكىنىدا دادىسىغا ياردەملەشكەچ مەككىتىكى چوڭراق ئۆلىما بەختى ئىمام دېگەن كىشىدىن دىنىي تەلىم ئالغان. كىچىكىدىن ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن، ئۆتكۈر پىكىرلىك بۇ ئۆسمۈر قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، كۆزگە كۆرۈنگەن دىنىي ئۆلىمالاردىن بولۇپ چىققان. ئۇ، ئوچۇق ۋە ئۆتكۈر پىكىرلىكى، كەمتەر ۋە جامائەت ئىشىغا ئاكتىپ ئارىلىشچانلىقى بىلەن مەكىت خەلقى ئارىسىدا تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زات، ئىلغار پىكىرلىك جامائەت ئەربابى بولۇپ تونۇلغان.

قادىر ئاخۇن خەلپىتىم 1933 - يىلى شىنجاڭ بويىچە مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىپ، قەشقەردىكى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، زېرىپ قارى ھاجى قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ تەسىرى بىلەن مەكىت ناھىيىسىدىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ ۋە زور كۈچ چىقىرىدۇ. 1935 - يىلىدىن باشلاپ، ئۇ مەكىت خەلقى ئارىسىدىكى يۇقىرى ئابرويى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىپ، بىخ ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنى تېخىمۇ گۈللەندۈرىدۇ. شۇ چاغلاردا، ئۇيۇشما ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولۇۋاتقان مالىيە مەسىلىسىنى ئۆزى باش بولۇپ ئىئانە توپلاش، ئۆشرە - زاكات يىغىش، ۋەخپىلەرنىڭ كىرىمىنى توپلاش يولى بىلەن ھەل قىلىپ، ئۇيۇشما مالىيىسىگە پۇختا ئاساس سالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بىر قىسىم پەننىي مەكتەپلەرنى ئېچىش ۋە بۇرۇنقى دىنىي مەكتەپلەرنى پەننىي مەكتەپلەرگە ئۆزگەرتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. 1934 - يىلى، مەكتەپتە ئابلا ئاخۇن خەلپىتىم ئاچقان يېڭى پەننىي مەكتەپمۇ قادىر ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ قوللاپ ياردەم بېرىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن.

قادىر ئاخۇن خەلپىتىم 1936 - يىلى شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت چاقىرغان ئۆلكىلىك قۇرۇلتايغا مەكىت خەلقى نامىدىن قاتنىشىپ، قۇرۇلتاي داۋامىدا يېڭى بىر مۇھىت بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى؛ ئۈرۈمچىدىكى تەرەققىياتلارنى، مەدەنىيەت - مائارىپ جەھەتتىكى ئويغىنىشنىڭ نەتىجىلىرىنى كۆردى؛ ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن ئىلغار پىكىرلىك، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار بىلەن ئۇچرىشىپ، قىممەتلىك تەجرىبىلەرگە ئىگە بولدى.

ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، مەكىت ناھىيىسىدە مەدەنىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنى يېڭى بالداققا كۆتۈردى؛ جەمئىيەت كەيپىياتىدا ۋە كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىپ، پەن - مەدەنىيەتنىڭ روناق تېپىپ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئاۋانگارتلىق رول ئوينىدى. شۇڭا، ئۇ ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى بولۇپ تۇرغان مەزگىل (1935 - 1945 - يىللىرىغىچە ئىككى قېتىم ئۇيۇشما رەئىسى بولۇپ سايلانغان) مەكىت خەلقىنىڭ يادىدىن چىقمايدۇ. تەرەققىيپەرۋەر، مائارىپ سۆيەر بۇ زاتنىڭ نامىنى خەلق ھېلىمۇ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

قادىر ئاخۇن خەلپىتىم شىنجاڭ ئۆلكىلىك سەنىيخۇينىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلانغان ھەم شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئىقتىسادىي تەپتىش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان (بۇ ھەقتە جاڭ جېشىنىڭ شەخسىي تامغىسى بېسىلغان ئىمزالىق ھۆججەت بار).

قادىر ئاخۇن خەلپىتىم 1946 ـ 1947 ـ يىللىرى ناھىيىلىك سەنيىخۇي (كېڭەش ھەيئىتى) نىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. بۇ چاغدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەكىللىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا «11 بىتىم» ئىمزالىنىپ، ئۆلكە بويىچە ناھىيە ھاكىملىرىنى دېموكراتىك ئاساستا سايلاش ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى، بۇرھان ئەپەندى جەنۇبىي شىنجاڭدا «11 بىتىم» نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە سايلامغا نازارەت قىلىش ئۈچۈن يەكەن ۋىلايىتىگە كەلگەن، ئەڭ ئاۋۋال قادىر ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ ئۆيىگە پاتىھە ئوقۇغىلى كىرگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت، مەكتىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قادىر ئاخۇن خەلپىتىم مەكتىتىكى ئىلغار پىكىرلىك، تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلار بىلەن بىرلىكتە «11 بىتىم» نىڭ مەزمۇنىنى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، مەكىت ناھىيىسىدە «11 بىتىم» نىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن زور كۈچ چىقاردى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «11 بىتىم» نى بۇزۇپ، ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ۋە ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلارنى قولغائېلىش باشلىغاندا، مەكىتتىمۇ قادىر ئاخۇن خەلپىتىم باشلىق 27 نەپەر كىشى قولغا ئېلىنىدى. قادىر ئاخۇن خەلپىتىم 1948 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلنىڭ بېشىدا كاپالەت بىلەن قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، داۋاملىق نازارەت ئاستىدا تۇردى.

ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت قادىر ئاخۇن خەلپىتىمنى بىرلىكسەپ خىزمىتىگە قاتناشتۇردى. 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىكى ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە يەر ئىسلاھاتى ھەيئىتىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزدى. ئۇ، يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىگە بېرىپ پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى. ئاندىن ئۇ ناھىيىلىك سىياسىي

كېڭەش تەركىبىگە كىرگۈزۈلۈپ، 1950 - يىلىدىن 1965 - يىلىغىچە تۆت قارار كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. ئۇ، 1953 - يىلى مەملىكەت بويىچە چاقىرىلغان ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ، جەمئىيەت ئەزالىقىغا سايلاندى ۋە 56 -، 59 -، 62 - يىللاردىكى يىغىنلىرىغا قاتناشتى. ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندا، قادىر ئاخۇن خەلپىتىم «دىنىي مۇتەئەسسىپ، جىن - شاياتۇنلارنىڭ جارچىسى» دەپ قارىلىنىپ، رەسمىي كۈرەش قىلىنغان ۋە مال - مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىنغانىدى. 1970 - يىلى 2 - ئايدا ئۆيىگە قايتۇرۇلغان بولسىمۇ، شۇ يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ساھەسىگە قوشقان تۆھپىسى كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات ئاۋلىراخۇن خەلپىتىم[1]

مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات ئاۋلىراخۇن خەلپىتىم مىلادى 1862 ـ يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ خۇدىيار يۇزى يېزىسى قوتانتام كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، كىچىكىدىن باشلاپ ئۆز يېزىسى ۋە غۇلجا شەھىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. 1928 ـ يىلى مەكتەپ ناھىيىسىگە كېلىپ ناھىيە ئىچى ۋە ھاڭغىتلىق يېزىسىدا مەكتەپ ئېچىپ دىنىي ۋە پەننىي جەھەتتىن ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەكىت ناھىيىسىدە تۇنجى پەننىي مەكتەپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس سېلىپ، ناھايىتى زور شۆھرەت ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان.

ئۇ مەكىتكە كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردا، مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئەينى چاغدىكى بېكىنمە ھالىتى ۋە قويۇق دىنىي مۇھىتىغا ماس ھالدا دىنىي مەكتەپ ئاچقان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا دىنىي ئەخلاق ۋە بىلىمگە ئائىت دەرسلەرنى ئۆتۈش بىلەن، يېڭىچە بەدەن چېنىقتۇرۇش ماھارەتلىرىنى ئۆگىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتىنى ئاچقان. كېيىن، مەكتەپنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەمئىيەتتىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەر ھەپتىدىكى بازار كۈنلىرى ئوقۇغۇچىلارنى قاتار قىلىپ ناخشا ئېيتقۇزۇپ كوچا ئايلاندۇرۇپ، كەڭ تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللانغان. ئادەم كۆپ جايلاردا ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە نۇتۇق سۆزلەپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭ بىلەن، يىراق ـ يېقىندىكى كىشىلەر

---

[1] بۇ ماقالە مەكىتتىكى پېشقەدەم كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىسى ۋە قادىر ھاجىنىڭ قول يازمىسىغا ئاساسەن رەتلەپ، تولۇقلاپ چىقىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بالىلىرىنى مەكتەپكە ئەكىلىپ بەرگەن ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىمۇ كۆپ ياردەم بەرگەن. مەكتەپنىڭ كۆلىمى كېڭىيىپ، ئوقۇغۇچى سانى كۆپەيگەن.

ئاۋلىراخۇن خەلپىتىم ئوقۇغۇچىلارغا دىنىي بىلىملەردىن باشقا يېڭىچە پەننىي بىلىملەردىن ئانا تىل، ھېساب، تەبىئەت، تارىخ ۋە ئاقايىدى زۆرۈرىيە (ئەقىدە ۋە ئەخلاق تەربىيىسى) قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئىدىيىۋى ئەخلاق دەرسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلاردىن «ئەخلاقلىق بولۇش، ئەدەپلىك بولۇش، پاكىزە بولۇش» تىن ئىبارەت «ئۈچ بولۇش» نى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى ئارقىسىدا، زور بىر تۈركۈم دىنىي ھەم پەننىي جەھەتتە يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە بولغان ئىلغار پىكىر ئېقىمىدىكى ياشلار يېتىشىپ چىققان.

1934 - يىلى، شىنجاڭ مىقياسىدا مىللىي بىرلىكسەپنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن يېڭى بىر ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپ، ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ يېڭى دەۋرى باشلاندى. بۇ چاغدا، دىنىي مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئورنىنى يېڭىچە پەننىي مەكتەپ مائارىپى ئىگىلەپ، ھەممە جايدا يېڭىلىنىش بارلىققا كەلدى. جۈملىدىن مەكتىتىمۇ يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر قۇرۇلۇشقا باشلاپ، ئوقۇتقۇچىلارغا زور تۈركۈمدە ئېھتىياج چۈشكەن بۇ ۋاقىتتا، ئاۋلىراخۇن خەلپىتىم تەربىيىلىگەن ئابدۇۋاقى ھاشىم، نۇردۇن، مۇھەممەت، مەمەت ساۋۇر، سىدىق مەخسۇت قاتارلىق 12 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىلىققا كۆرسىتىلىپ، ناھىيىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئېچىلغان پەننىي مەكتەپلەردە دەرس ئۆتكەن.

ئاۋلىراخۇن خەلپىتىم 1935 - يىلى قەشقەرگە ئالتە ئايلىق ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگەن بولۇپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ناھىيىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى مەدەنىيەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. لېكىن، ۋۇجۇدى خەلقنىڭ مەرىپەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاقارتىش ئىشلىرىغا بېغىشلانغان بۇ زاتنىڭ مەكتەپتىكى ئۆلغار ئىش - ئىزلىرى بىر قىسىم جاھالەتپەرەس جاھىل كۈچلەرنىڭ ھەسەت قىلىشىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ بەتنام چاپلىشى بىلەن ھەپسىگە ئېلىنغان، كېيىن ناھىيىدىكى ئابرۇيلۇق كىشىلەرنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ دىلى قاتتىق رەنجىگەنلىكتىن، 1936 - يىلى ئۆز يۇرتىدا ۋاپات بولغان.

ئاۋلىراخۇن خەلپىتىم مەكتەپ يىڭىچە پەننىي مەكتەپ مائارىپىنىڭ باشلامچىسى، مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات. ئۇنىڭ مەكتەپتە ئۆتكەن ھاياتى جاپالىق ھەم ئەھمىيەتلىك. مەكتەپ خەلقى ئۇنىڭ خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى مەڭگۈ ئەسلەپ تۇرىدۇ.

# خەلق مۇقامچىسى ماخسۇر شەيخى[①]

داڭلىق خەلق مۇقامچىسى ماخسۇر شەيخى 1884 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق «پىسەن» دېگەن كەنتتە كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كونا ئۆتمۈش جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئىشىكىدە تەلمۈرۈپ، سەرسان - سەرگەردانلىقتا تۇرمۇش كەچۈرگەن. دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئاكىسىدىن ناغرا - سۇناي چېلىشنى ئۆگەنگەن. ئۇ چاغلاردا «ئوردا خېنىم» غا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن نەچچە مىڭلىغان «تاۋاپچىلار» كېلەتتى. ماخسۇر شەيخى ئاكىسى بىلەن بۇ يەردە ناغرا - سۇناي چېلىپ، تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ يۈرەك ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى ياخشى «شەيخىم» بولۇپ قالغان.

ئۇ، ئاكىسى قازا قىلغاندىن كېيىن، «ئوردا خېنىم» دىن يۆتكىلىپ مەكىتكە كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ھاياتىنىڭ 65 يىلىدىن كۆپرەكىنى مەكىتتىكى دولان خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن. مەكىت خەلقى بىلەن بىرلىكتە تۇرمۇشتىكى راھەت - پاراغەتتىن بەھرىمان بولغان.

ئۇ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە دولان مۇقام ئاھاڭلىرىنى سۇناي ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. 1965 - يىلى، پايتەختىمىز بېيجىڭگە بېرىپ، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ سۇناي چېلىپ پايتەخت خەلقىگە ياخشى تەسىر بەرگەن. پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي، ليۇشاۋچى، جۇدېلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن.

① دولان مەشرەپ - مۇقامچىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال «مەكىت ناھىيىسى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 - يىل نەشرى) بىلەن مۇتەللىپ سېيىتنىڭ «دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل نەشرى، بىرلەشمە توپلام قاتارلىق ئەسەرلەردىن پايدىلىنىلدى.

1986 - يىلى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى ئۇنىڭغا ئالتە نەپەر ئىزباسار تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى بەرگەن. ئۇ، بۇ ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنداپ، ناھىيە خەلقى ئۈچۈن ئالتە نەپەر سۇنايچى تەربىيىلەپ بەرگەن. 1988 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن، مەكىت خەلقى تا ھازىرغىچە ئۇنى ياد ئېتىدۇ ۋە سېغىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# داڭلىق دولان خەلق سەنئەتكارى
# مامۇت شەيخ

داڭلىق دولان سەنئەتكارى دولان يىگىت بېشى مامۇت شەيخ (مامۇت كېرىم) 1903 ــ يىلى مەكىت ناھىيىسى يانتاق يېزىسى ئۈيلۈق كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى كېرىم مەزىن يۇرتىنىڭ ھال ـ ئوقىتى ياخشى، ئابرۇيلۇق كىشىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئوغلىنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. ئارزۇلۇق يالغۇز ئوغۇل بولغان مامۇت شەيخ، يالغۇز ئائىلىنىڭ ماددى مەئىشەتلىرىدىن تولۇق بەھرىمان بولۇپلا قالماي، بەلكى مەنىۋى جەھەتتىنمۇ سەنئەت خۇمار دولان خەلقىنىڭ مول مەدەنىيەت مىۋىلىرىدىن بەھرىمان بولغانىدى. ئۇ 1910 ــ يىللاردىكى باللىق مەزگىللىرىدە سىرتىنىڭ مەدەنىيىتى تېخى تەسىر قىلغۇدەك سىڭىپ كىرمىگەن، ئىچكى جەھەتتە خەلقىنىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان مىللىي ئەنئەنىسى سۈپىتىدە ئىختىيارى ئۇيۇشۇپ، ئۆزلىكىدىن ئېلىپ بارىدىغان بارلىق مەشرەپ تۈرلىرىنى كۆردى ھەم ئۆگەندى. ئوغلاق تارتىش، چېلىشىش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، ئىت تالاشتۇرۇش، توخۇ سوقۇشتۇرۇشقا ئوخشاش خەلقىنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان ئويۇنلىرى ئۇنىڭ كۆدەك قەلبىنى چىرماپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا سەنئەت خۇمارلىقىنىڭ ئۆچمەس تامغىسىنى باستى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، 1915 ـ يىلدىن 1919 ـ يىلغىچە بىر مەزگىل يانتاقتىكى مەدرىستە ئوقۇپ دىنى ساۋاتىنى چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دولان دىيارىدىكى داڭلىق خەلق سەنئەتكارلىرىدىن بولغان نۇرەك خەلپىتىم، سەمەت موللام ۋە ئىمىنھاجى قاتارلىق پېشقەدەملەرنى ئۇستاز تۇتۇپ، پۈتۈن ئۆمرىنى دولان مەشرەپلىرىنى ئۆگىنىش، بېيىتىش ۋە توي ـ تۆكۈنلەر،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆلۈم - يېتىم قاتارلىق جامائەت ئىشلىرىغا بېغىشلىدى.
مامۇت شەيخ بىر ئۆمۈر دولان دىيارىدىكى بارلىق مەشرەپلەرنىڭ يىگىت بېشى، مەشھۇر خەلق سەنئەتكارى ۋە جامائەت ئەربابى بولدى. ئۇ يالغۇز مەكىتنىڭ ئەمەس، پۈتكۈل ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ ھەرخىل مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇتتى.
1983 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەكىتتە ئېچىلغان 9 - نۆۋەتلىك دېھقانلار تەنھەرىكەت يىغىنىغا ساھىبخان تەرەپ - مەكىت ناھىيىسىنىڭ ۋەكىللىرىنى باشلاپ كىرىپ، بۇ نۆۋەتلىك يىغىننىڭ ھەيۋىتىنى ئاشۇردى. 1986 - يىلى كۈزدە، مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېچىلغاندا، يېشى 80 دىن ئاشقان مامۇت شەيخ دولان مەشرەپلىرىنى باشلاپ پاراتتىن ئۆتتى ۋە ئۇ ئوينىغان دولان مەشرىپى يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ تەشكىلى ھەيئىتىنىڭ رەئىسى، سابىق مۇئاۋىن زۇڭلى ۋەن لىنى كۆتۈرۈلۈش ئۈچۈن نەنسەندە ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆكۆل ئېچىش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، زۇڭلىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى ۋە زۇڭلى ئۇنى ئايروپىلان بىلەن يۇرتىغا ئۇزىتىپ قويىدى.
1992 - يىلى يازدا، خاڭجۇ خەلقئارا سەيلە - ساياھەت، مىللىي سەنئەت بايرىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن، مەكىت دولان مەشرىپى ئۆمىكى خاڭجۇغا يولۇپ كەتتى. ئۆمەك تەركىبىدە مامۇت شەيخمۇ بار ئىدى. بۇ قېتىم يېشى 90 غا يېقىنلىشىپ قالغان بۇ پېشقەدەم سەنئەتكار ھاۋانىڭ ئىسسىق، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئۆزگىچە بولۇشتەك ئەھۋالىغا بەرداشلىق بېرىپ، ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنلاپ، ئۆزى ۋە مەكىت ئۈچۈن زور شان - شەرەپ قازاندى. 1992 - يىلى كۈزدە، مەملىكەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىنچى ئادرېسى

سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پېشقەدەم يازغۇچى سەيپىدىن ئەزىزى يازغان «ئامانىنساخان» ناملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىنى سۈرەتكە ئېلىشقا قاتنىشىپ، دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى.

ماموت شەيخ مەشرەپ، ئوغلاق تارتىش ۋە باشقا تۈرلۈك پائالىيەتلەرنىڭ پەقەت يېگىت بېشىلا بولۇپ قالماي، بەلكى تەتقىق قىلغۇچىسى، بېيىتقۇچىسى، جان كۆيدۈرگۈچىسى ئىدى. ئۇ ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىلا ئەمەس، بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن قاتارلىق ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت كەسپىي تەتقىقات ئورۇنلىرىدىن ھەر يىلى كېلىپ تۇرىدىغان تەتقىقاتچى خادىملارغا دولان مەشرەپلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىپلا قالماستىن، ھەتتا ئۆز ئائىلىسى، خوشنا - خولۇم، پۈتۈن يۇرتقا دولان ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشنى، ئۆگەنگەندىمۇ ھەقىقىي ئۇسسۇل ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ھالبۇكى، ناھايىتى قەدىمىي بولغان، بىراق ھېچقانچە يازما تارىخى قالمىغان دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، ئۇنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىنى مەكتەپكە خاس ھالەت بىلەن ساقلاپ قېلىشقا زور كۈچ چىقارغان. تۆھپىكار دولان خەلق سەنئەتكارى، يېگىت بېشى ماموت شەيخ كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 1997 - يىلى 19 - نويابىر 94 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. لېكىن، ئۇنىڭ نامى، ئىش - ئىزلىرى خەلق قەلبىدە مەڭگۈ يادلانغۇسى!

(بۇ ماقالە تۇرسۇنبەگ ئىبراھىمنىڭ «ئورنى كەم قالغان ئادەم» («قەشقەر ئەدەبىياتى» 1998 - يىل 2 - سان) ناملىق ماقالىسىدىن پايدىلىنىپ ئىشلەندى.)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# دولان مۇقام ئەلنەغمىچىسى، قالۇنچى ئىسمايىل ئەخمەت

ئىسمايىل ئەخمەت مەكىت ناھىيىسىدىكى ئاتاقلىق دولان مۇقام ئەلنەغمىچىسى، ئۇستا قالۇنچى. ئۇ 1932 - يىلى مەكىت ناھىيىسىنىڭ يانتاق يېزىسى ئارالاڭقا كەنتىدە دولان ئەلنەغمىچىسى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئاتىسى ئەخمەت قالۇن شۇ زامانىنىڭ داڭلىق قالۇنچىسى بولۇپ، بەش ئەۋلاتقىچە قالۇن چېلىپ ئۆتكەن. ئىسمائىل ئەخمەت ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان 6 - ئەۋلات قالۇنچى.

ئىسمائىل ئەخمەتنىڭ ئاتىسى ئەخمەت قالۇن مەكىت ناھىيىسى بويىچە ئاتاقلىق قالۇنچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچىمۇ نامى چىققان ئۇستا قالۇنچى ئىدى. ھايات ۋاقتىدا ئۇن نەچچە شاگىرت يېتىشتۈرگەن. ئۇ 1963 - ۋە 1964 - يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ كومپوزىتورى نۇرمۇھەممەت سايىتقا قالۇن چېلىشنى ئۆگەتكەن. نۇرمۇھەممەت سايىت قالۇننى قېتىرقىنىپ ياخشى ئۆگەنگەندىن كېيىن، بۇ شاگىرتىدا ئۈمىدىنىڭ چوڭلۇقىنى بىلگەن. ئەخمەت قالۇن ئۆز قولى بىلەن بىر دانە قالۇن ياساپ نۇرمۇھەممەت سايىتقا سوۋغا قىلغان. نۇرمۇھەممەت سايىت قالۇن چېلىشنى ئۆگىنىپ ئۆمەككە قايتقاندىن كېيىن، چەت ئەللەرگە ئويۇن قويۇشقا بارغاندا قالۇن مۇزىكىسىنى ئورۇنداپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇتقان.

ئىسمايىل ئەخمەت 1955 - يىلدىن باشلاپ ئارالاڭقا ۋە يانتاق، مەكىتلەردە ئۆتكۈزۈلگەن دولان مەشرەپلىرىدە ئۇستا قالۇنچىلىق ماھارىتى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلۇشقا باشلىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

1965 - يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە تالللىنىپ مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ناخشا - مۇزىكىسىغا قاتنىشىپ پايتەختتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. پارتىيە ۋە دۆلەت باشلىقلىرىدىن ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي، ليۇشياۋچى، جۇدېلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئۇنىڭ تالانتىغا ئاساسەن، ئۆمەكنىڭ مۇزىكانتلىقىغا قوبۇل قىلغان.

1968 - يىلى، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىنى تارقىتىۋېتىش شامىلى چىققاندا، ئۆمەكنىڭ باشقا ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە قايتىپ ئۆز كەنتىدە دېھقانچىلىق قىلغان.

ئۇ بولمىسا ئاراللاشقا كەنتىدە، پۈتكۈل يانتاق يېزىسىدا توي - تۆكۈن مەشرەپ بولمايتتى. خەلق ئۇنى سۆيەتتى ۋە ھۆرمەتلەيتتى. ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ يېقىن، ئۆز سازەندىسىگە ئايلانغانىدى. خەلق ئۇنى ھىمايە قىلاتتى. ئۇنىڭدىكى بۇ ئارتۇقچىلىقنى كۆرگەن يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى يېزىلىق مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ يېزىنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترىتىدە ئىشلەپ بىر قانچە ئىزباسار تەربىيىلەپ چىقتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشى ئۆگىنىپ ئۇنىڭ ئىزىنى باسقىنى ئۆز قىزى ئانارگۈل بولدى. ئۇ 1990 - يىلى 12 - ئاۋغۇست ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قالۇنى، ئۇنىڭ يېقىملىق مۇقام ناخشىلىرى ھېلىھەم خەلق ئارىسىدا ساقلانماقتا. ئۇنىڭ ئاتىسىدىن تەۋەررۈك بولۇپ قالغان، ئۆز قولى بىلەن بىر ئۆمۈر چالغان قالۇنىنى قىزى ئانارگۈل چېلىپ داۋاملاشتۇرماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# دولان ئەلنەغمىچىسى تۇرەك ئاۋۇت

ياگراق مۇقام ناخشىلىرى بىلەن پۈتكۈل دولان رايونىغا تونۇشلۇق بولغان نەغمىچى تۇرەك ئاۋۇت 1938 - يىلى مەكىت ناھىيە يانتاق يېزىسىنىڭ بولقا كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. تۇرەك ئاۋۇت كىچىكىدىنلا دولان مۇقاملىرىغا ۋە دولان چالغۇلىرىغا ئىشتىياق باغلىغان. 15 ياشقا كىرگەندە دولان مۇقاملىرىنى ئىشتىياق بىلەن نەغمە قىلالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن. 20 يېشىدا دولان مۇقاملىرىنى تولۇق ئىگىلەپ، مەشرەپلەردە مۇستەقىل مەغمە قىلالىغۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە بولغان. يېزا - كەنت بويىچە نەدە توي - تۆكۈن، مەشرەپ بولسا شۇ يەرگە بېرىپ، خەلققە دولان مۇقاملىرىدىن نەغمە قىلىپ بېرىپ، مەشرەپنى قىزىتقان. ئۇ داپ بىلەن نەغمە قىلغۇچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇستا سازەندە. ئۇ كىچىكىدىنلا ساز ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بولۇپ، دولان چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن دولان غىجەكى ۋە قالۇن چېلىشنى پىششىق ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ دولان مۇقام ئەلنەغمىسى ۋە دولان ئۇسسۇلىدىكى ئارتۇقچىلىقىغا ئاساسەن، 1965 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن تاللىنىپ، ماگسۇر شەيخى، ئىسمائىل ئەخمەت، ئۆمەر ئوسمانلار بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭغا بېرىپ، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ناخشا - مۇزىكا كۆرىكىگە قاتنىشىپ، پايتەختتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. پارتىيە ۋە دۆلەت باشلىقلىرىدىن ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي، ليۇشاۋچى، جۇدې قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان.

ئۇنىڭ دولان مۇقامى ۋە سەنئەت جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنى كۆرگەن «يانتاق» يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى، 1980 - يىلى يېزىلىق مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ئىشتىن سىرتقى

سەنئەت ئەترىتىنىڭ مەسئۇللۇقىغا تەكلىپ قىلىغان. ئۇ سەنئەت ئەترىتىدە دولان مۇقاملىرىنى رەتلەش، توپلاش، راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، ئۆزى باشلامچى بولۇپ، «سىيىت نوچى»، «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» قاتارلىق كومېدىيىلەرنى تەييارلاپ، ئۇنىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرىغا دولان مۇقام ئاھاڭلىرىنى رەتلەپ كىرگۈزدى. كومېدىيىلەردىكى «سىيىت نوچى»، «نەسىردىن ئەپەندى» رولىنى ئۆزى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاپ، خەلق ئارىسىغا كىرسە مۇقام ئەلنەغمىچىسى بولۇپ، يۇرتتىكى قېرى - ياش، ئەر - ئايال خەلق ئاممىسىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى. ئۇ بەختكە قارشى 1991 - يىلى مايدا، يۈرەك كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# دولان ئەلنەغمىچىسى ھۈسەيىن يەھيا

ياڭراق يۇقىرى ئاۋازلىق دولان مۇقام ناخشىلىرى بىلەن پۈتۈن دولان دىيارىغا تونۇشلۇق بولغان ھۈسەيىن يەھيا، 1938 - يىلى مەكىت ناھىيىسىنىڭ يانتاق يېزىسى قىياقلىق ئۆي كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 15 ياشقا كىرە - كىرمەيلا مەشرەپ سورۇنىغا قاتنىشىپ ئۆزىدىن نەچچە ئون ياش چوڭ پېشقەدەملەر بىلەن بەغمە قىلىشى پۈتكۈل دولان رايونىدا ھېچكىمنىڭ ئاۋازى بىلەن ئوخشىمايدۇ. ئۇ نەغمە قىلىشنى باشلىغان 40 يىلدىن بۇيان، ئاۋازى بىر قېتىممۇ پۈتۈپ قالمىغان. ئۇ دولان مەشرەپلىرىدە نەغمە قىلغاندا مۇقام ئاھاڭلىرىنى ناھايىتى توغرا ئېيتىدۇ. ئاۋازى ھەم يۇقىرى ھەم بوم چىقىدۇ. ھۈسەيىن يەھيا يۇقىرى ئاۋازى بىلەن يالغۇز مەكىتتىلا ئەمەس، بەلكى مارالبېشى، يەكەن، پوسكام، قاغىلىقتىكى مۇقامچىلار بىلەنمۇ تونۇش. ئۇ 1983 - يىلى، بېيجىڭ كىنو ستۇدىيىسىگە بېرىپ يولداش جۇگۇاڭخۇا يازغان «چېگرا يېزىدىكى مۇھەببەت»ناملىق كىنو فىلىمدىكى دولان مەشرىپى كۆرۈنىشىدىكى دولان مۇقامىنىڭ ناخشىسىنى ئورۇنلىغان. 1986 - يىلى، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنى ئۇرۇمچىدە ئۆتكۈزۈلگەندە، مەكىت دولان ئۇسسۇل ئۆمىكى تەركىبىدە ئۇرۇمچىگە بېرىپ، «نەنمىن تەنتەربىيە سارىيى» دا ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا دولان ئۇسسۇل ئۆمىكى پاراتتىن ئۆتكەندە دولان مۇقامىنى نەغمە قىلىپ، دۆلەت باشلىقلىرى ۋەنلى ۋە ۋاڭ ئېنماۋ، تۆمۈر داۋامەتلەرنىڭ كۆزىدىن كۆچۈرۈشكە مۇيەسسەر بولغان.

1992 - يىلى 9 - ئايدا، خاڭجۇ شەھەرلىك باغ - ئورمان ئىدارىسى ۋە جېجياڭ ئۆلكىلىك ئېلان شىركىتىنىڭ تەكلىپى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلەن خاڭجۇغا بېرىپ، 1992 - يىللىق «خاڭجۇ ۋۇشەن بۇتخانىسى سەيلى - ساياھەت بايرىمى» غا قاتنىشىپ، خاڭجۇ شەھەر خەلقى ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. خاڭجۇدا تۇرغان 23 كۈن جەريانىدا گۈزەل شىخۇ باغچىسىدا ئۇنىڭ مۇقام ئېيتقان ياڭراق ئاۋازى باغچا ئىچىنى لەرزىگە سالغان.

1993 - يىلى، مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىشىپ چوڭ تىپتىكى بەدىئىي فىلىم «دولان مەشرىپى» نى ئىشلىگەندە، ئۇ فىلىمدىكى دولان مۇقام ناخشىلىرىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېيتقان.

1993 - يىلى 9 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى ۋە شىنياڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن مەكىت ناھىيىلىك دولان ئۇسسۇل ئۆمىكى شىنياڭغا بېرىپ، «جۇڭگو شىنياڭ خەلقئارا ياڭكې بايرىمى» غا قاتناشقاندا، ھۇسەيىن يەھيا بۇ ئۆمەك تەركىبىدە جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ئارتىسلارغا دولان مۇقام ناخشىلىرىنى نەغمە قىلىپ، ناھايىتى يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولدى. شىنياڭدىن بېيجىڭغا قايتقاندىن كېيىن، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى. ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ تەكلىپى بىلەن بېيجىڭدىكى شىنجاڭ ئىش بېجىرىش ئورنىدا مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ، ياڭراق يۇقىرى ئاۋازى بىلەن دولان مۇقاملىرىنى نەغمە قىلىپ، پايتەختتە خىزمەت قىلىۋاتقان شىنجاڭلىقلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

ھۇسەيىن يەھيا يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، دولان مۇقاملىرىنى نەغمە قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئوغلىغا ئۆگىتىپ، ئىزباسار قالدۇرۇش يولىدا تىرىشىپ ئىشلىمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# داڭلىق دولان مۇقامچىسى مۇھەممەت تۇردى

مەكىت، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردا ئۆزىنىڭ مۇڭلۇق، ياڭراق قالۇنى بىلەن شۆھرەت قازانغان داڭلىق دولان مۇقامچىسى مۇھەممەت تۇردى 1940 - يىلى مەكىت ناھىيىسىنىڭ «يانتاق» يېزىسى «ئويىۇغداي» كەنتىدە بىر كەمبەغەل نەلنەغمىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1953 - يىلىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە ۋە ئۆز يېزىسىنىڭ باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1953 - يىلىدىن 1958 - يىلىغىچە ئائىلىسىدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1958 - يىلى «يانتاق» (ئەينى ۋاقىتتىكى قىزىل بايراق) گوڭشې ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت تەشۋىقات ئەترىتىگە قوبۇل قىلىنىپ، 1980 - يىلىغىچە تەشۋىقات ئەترىتىدە قالۇن، دولان ۋە راۋاب قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چالغان. دادىسى يۇرت بويىچە ئۇستا دولان راۋابچىسى ۋە مۇقام نەغمىچىسى ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا دادىسى بارغان دولان مەشرەپلىرىدە ۋە ئائىلىسىدە دادىسىنىڭ راۋابىنى ئاڭلاپ، دولان چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئۆگىنىشكە زور ئىشتىياق باغلىغان. توققۇز ياشقا كىرگەندە دادىسىدىن دولان راۋابى چېلىشنى ئۆگىنىۋالغان. 11 ياشقا كىرگەندە ئەيسا روزىدىن دولان قىل غىجەكنى چېلىشنى ئۆگەنگەن. 13 ياشقا كىرگەندە يۇرتتىكى داڭلىق قالۇنچى ھاشىم قالۇن ۋە ئىسمايىل ئەھمەدلەردىن قالۇن چېلىشنى ئۆگىنىۋالغان. 15 ياشقا كىرگەندە داپ بىلەن مۇقاملارنى نەغمە قىلىشنى يۇرتتىكى داڭلىق ئەلنەغمىچى ئىسمائىل روزىدىن ئۆگەنگەن. ئۇ ئۆسمۈر چېغىدىن باشلاپ مۇزىكىغا ئىشتىياق باغلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مۇزىكا سېزىمى خېلى بالدۇر يېتىلگەن. 1980 - يىلى، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ دولان مۇقام مۇزىكىلىرى جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىغا ئاساسەن ناھىيە رەھبەرلىكى ئۇنى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە قالدۇرۇپ ئىشلىتىشنى قارار قىلغان.

1986 - يىلى ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تەكلىپ قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام ئانسامبىلىدا «چەببيات» مۇقامىنى تەييارلاشقا قاتناشتۇرغان. ئۇ مۇقام ئانسامبىلىدىكى ئۇستازلاردىن «چەببيات» مۇقامىنى ئۆگىنىپ، قالدۇرۇپ بىلەن ياخشى ئورۇنلىغانلىقتىن، شۇ يىلى بېيجىڭغا بېرىپ مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر خەلق مۇزىكا كۆرىكىدە قاتنىشىپ، 2 - دەرىجىلىك ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ ھەر يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرەكلەردە 1 -، 2 - دەرىجىلىك ئورۇنلاش ۋە ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ كەلگەن.

1992 - يىلى نويابىردا بېيجىڭغا بېرىپ، مەملىكەتلىك ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ، «مەملىكەتلىك خەلق مۇقامچىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن. 1992 - يىلى سىنتەبىردە، خاڭجۇ شەھەرلىك باغ - ئورمان ئىدارىسىنىڭ ۋە جېجياڭ ئۆلكىلىك ئېلان شىركىتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن خاڭجۇغا بېرىپ، خاڭجۇنىڭ 1992 - يىللىق «خاڭجۇ ۋۇشەن بۇتخانىسى سەيلى - ساياھەت بايرىمى» غا دولان مەشرىپىنى كۆرسىتىشكە قاتناشقان.

1993 - يىلى سېنتەبىردە، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى بىلەن شىنياڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە شىنياڭ شەھىرىگە بېرىپ، «جۇڭگو - شىنياڭ خەلقئارا ياڭگې بايرىمى» دا مەكىت دولان ئۇسسۇل ئۆمىكى تەركىبىدە قاتنىشىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك دوستلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. 2000 - يىلى مايدا، كېسەللىك سەۋەبى بىلەن مەكىتتە ۋاپات بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# «دولان» دېگەن نام ھەققىدە

نۆۋەتتە ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ نامى تارىخي تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاپ كېلىۋاتقان قىزىق بىر نۇقتا بولۇپ قالدى. يېقىنقى يىللاردا، بۇ ساھەدە ئىزدىنىۋاتقانلارنىڭ كۆپىيىشىگە ماس ھالدا، ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە خىلمۇ خىل قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقماقتا. جۈملىدىن «دولان» دېگەن نام ھەققىدىكى قاراشلارمۇ بىردەك ئەمەس. مەن كىتابخانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، «دولان» دېگەن نام ھەققىدە ھازىرغىچە ئوتتۇرىغا چىققان قاراشلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

«دولان» دېگەن نام ئەڭ بۇرۇن ئېلىمىزنىڭ تارىخي مەنبەلىرىدىن «تاڭنامە» ۋە شۇ ئاساستا يېزىلغان ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخي مەنبەلەردە «دولان» (dolan) دېگەن نامغا تەلەپپۇز جەھەتتىن يېقىن كېلىدىغان خەنزۇچە 多滥葛,多览葛 دېيىلىدىغان قەبىلە نامى ئۇچرايدۇ. ① بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ «يېڭى تاڭنامە»، «قامۇسنامە»، «كىتابلار جەۋھىرى»، «ئومۇمىي تەزكىرە»، «جۇڭگونىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە ئىسىم - فامىلە لۇغىتى» ۋە «جۇڭگونىڭ ئىسىم - فامىلە قامۇسى» دېگەن ئىلىم ساھەسىدە نوپۇزلۇق ئەسەرلەردىكى مەلۇماتلار ئارقىلىق چىقارغان يەكۈنىدىن قارىغاندا، «دولان» دېگەن بۇ نام ملادى V IV ئەسىرلەردىكى تارىخي مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان، يەنى ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە دىڭلىڭ قەبىلىلىرى قاتارىدا «دولان» (多兰) قەبىلىسى بولغان، تېلېلار دەۋرى (ملادى V ئەسىرلەر) دە بۇ قەبىلە «دولانگىت (多览葛)»، «دولان (多览,多滥) دېگەندەك ناملاردا ئاتالغان. بۇ قەبىلە

نامىلىرى هازىرقى دولانلارنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى بىلەن ئوخشاش. ② بىز هازىرقى ئۇيغۇر دولانلىرىنى ئەنە شۇ قەدىمكى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنغان «دولان»، «دولانگىت» لارنىڭ ئۆزى شۇ دەپ قارايمىز. ئەمدى بۇ يەردىكى «دولان» نامىغا ئۇلىنىپ كەلگەن «گىت» نىڭ مەنىسى ھەققىدىكى قاراشلارغا كەلسەك، بۇ ھەقتە ئېلىمىز ئالىملىرىنىڭ قارىشى بىردەك ئەمەس. مەن بۇ يەردە ئاشۇ زىددىيەتلىك قاراشلارنى كۆپلەپ بايان قىلىشتىن كۆرە، بىزگە بىر قەدەر ئومۇمىيراق بولغان «گىت» «دولان» دېگەن نامنىڭ كۆپلۈك شەكلى ئىدى ③ دېگەن قاراشنى قوبۇل قىلدىم.

«دولان» دېگەن نامنىڭ تىلغا ئېلىنغان دەۋرى، ھەققىدىكى قاراشلار، تەتقىقاتلارنىڭ ھەر خىل بولغىنىغا ئوخشاش، «دولان» دېگەن بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدىكى قاراشلارمۇ ئوخشىمايدۇ. تۆۋەندە مەن بۇ ھەقتىكى ئوخشاش بولمىغان بىر قانچە خىل قاراش ۋە مەنبەلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

—— دولانلار يۇەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرى (مىلادى 1279 —— 1644 - يىللار) دىكى موڭغۇللارنىڭ بىر قەبىلىسى بولغان «دوغلات قەبىلىسى» نىڭ بىر تارمىقى ④ دېگەن قاراش بولۇپ، بۇ قاراشتىكىلەر «دولان» دېگەن نام بىلەن «دوغلات» دېگەن نامنى بىر - بىرىگە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ.

—— «دولان» سۆزى موڭغۇلچە «يەتتە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «دولان» (dolan) سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن قاراش. ⑤

—— «دولان» سۆزى ئويراتلارنىڭ يەنە بىر نامى: «دولانلار ئويراتلارنىڭ بىر قىسمى» دېگەن قاراش.⑥

—— ھۇنلار مىلادىدىن ئىلگىرىكى 89 - يىللىرى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. بىر قىسمى غەربكە كۆچۈپ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقسۇ ۋادىسىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ، «ئاق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

هۇنلار (ئېفتالىتلار) خانلىقى» دەپ ئاتالغان... يەنە بىر قىسىم هۇنلار تەكلىماكان چۆللىكىنىڭ غەربىي بۇرجىكىدىكى تەبىئىي ئورمانلاردا بىرلىككە كەلگەن ئىپتىدائىي قەبىلە بولۇپ ياشاپ، جاڭگال، ئوتلاقلاردىن پايدىلىنىپ چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، دەريالارغا سۇ كۆپ كەلگەن يىللىرى بوز يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ دېهقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇلار ئاساسەن چۆل جەزىرە، دالا - ياقىلاردا ياشىغانلىقلىرى ئۈچۈن «دالا هۇنلار» دەپ ئاتالغان. كېيىنكى دەۋرلەردە تىل - تاۋۇشلار جەھەتتىكى ئۆزگىرىش جەريانىدا «دالا هۇنلار» ئېغىز تىلىدا «دالونلار»، «دولانلار» دەپ ئاتالغان. ⑦

— «دولان» ئەرەبلەرنىڭ قويغان لەقىمى بولۇپ، «دىنغا سۇس» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ (ئۇ يەنە «تۈرك» خەلق، «قارا تۈرك» دېگەن مەنىدە - دەپمۇ ئاتىلىدۇ)⑧.

— «دولان» دېگەن نام «دۆۋلەن» دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. بۇ قاراشتىكىلەر خەلق ئىچىدىكى پېشقەدەملەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرى، رىۋايەتلىرىگە ئاساسلىنىپ مۇنداق دەيدۇ؛ هازىرقى «دولان» دەپ ئاتالغان بۇ رايون بۇرۇن جاڭگاللىق بولۇپ، دولانلىقلارنىڭ ئاتا - بوۋىسى بۇ يەرنى ئۆزلەشتۈرۈش داۋامىدا، نەچچە ئائىلىلىك بىر يەرگە، بىر قانچە ئون ئائىلىلىك بىر يەرگە توپلىشىپ (دۆۋلىنىپ) ئۆم بولۇپ ياشىغان. بۇ يەرلەرنىڭ تەدرىجىي ئۆزلىشىپ ئاۋاتلىشىشىغا ئەگىشىپ، سىرتقى جايلاردىن سودىگەرلەر، تېۋىپ، ئوۋچىلارمۇ كېلىشكە باشلىغان. ئۇلار بۇ يەردىكى يەرلىك خەلقنىڭ بىر ئورۇنغا يىغىلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى كۆرۈپ «بۇلار دۆۋلەن - دۆۋلەن ياشايدىغان ئادەملەر ئىكەن» دېيىشكەن. يۇرتلىرىغا قايتقاندا «دۆۋلەنلەر» هەققىدە كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «دۆۋلەن» دېگەن سۆز ئېيتىشقا ئاسان بولغان «دولان» دېگەن ئاتالمىغا ئۆزگەرگەن هەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىڭىپ قالغان ⑨.

— «دولان» قەدىمكى «تۇران» دېگەن نامدىن كېلىپ چىققان. بۇ خىل قاراشتىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: ئومۇمەن قەدىمكى تۈرك قەبىلىلىرى ئىلكىدە بولغان پەرغانىدىن سىبىرىيىگىچە، ئافغانىستاندىن سەددىچىنگىچە سوزۇلغان كەڭ دىيارغا بېرىلگەن «تۇران زېمىن» دېگەن بۇ ئورتاق نام، نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان ئۆزگىرىپ ئۆزلۈشۈپ قالغان. ئېلىمىزدىكى ئۆزگىرىشكە كەلسەك، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ نادىر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا دەل «ت» ھەرپى بىلەن «د» ھەرپىنىڭ ئالمىشىشى ئۈستىدىمۇ توختىلىپ: ئوغۇزلار ۋە ئۇلارغا يېقىن جايلاشقانلار سۆزنىڭ تەركىبىدىكى «ت» ھەرپىنى «د» گە ئالماشتۇرىدۇ. مەسىلەن: تۈركلەر «تۆگە»نى «yavat» دېسە، ئۇلار «yawad» دەيدۇ... «ر» ھەرپى بەزىدە «ل» غا ئالمىشىدۇ، دەپ يېزىپ مىسال بىلەن ئوچۇق كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ھازىرقى جانلىق تىلدىمۇ «ت» ھەرپىنىڭ «د» ھەرپىگە، «ر» ھەرپىنىڭ «ل» ھەرپىگە ئۆزگىرىشى قىسمەن ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، يەرلىك شىۋىلەردە بىرەر ئىش ھەرىكەتنىڭ بىراۋ تەرىپىدىن قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان «قىلىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ «قىلتۇ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىشى ھېلى ھەم مەۋجۇت (بولۇپمۇ خوتەن شىۋىسىدە تېخىمۇ شۇنداق). بۇ پاكىتلار «دولان» قەدىمكى «تۇران» دېگەن سۆز (نام) دىن كەلگەن دېگەن قاراشنىڭ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.⑩

— «دولان» ئاتالغۇسى مۇڭغۇلچە سۆز بولماستىن، ئۇيغۇر تىلىدىكى «تۇران» ئاتالغۇسىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى. بېيجىڭدە نەشر قىلىنغان «ئەرەبچە - خەنزۇچە لۇغەت» تە «تۇر، تۇران» سۆزى «دولان» دەپ ئىزاھلانغان («تاغلىقلار» دېگەن ئىزاھاتمۇ بېرىلگەن).⑪

دېمەك، يۇقىرىقىلار «دولان» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى، مەنىسى ھەققىدىكى ئوخشىمىغان قاراشلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى دولانلارنىڭ مۇڭغۇل ۋە ئويراتلارغا مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالغان قاراشلار كۈچلۈك دەلىل ئىسپاتلار ئارقىلىق رەت قىلىنغان.⑫ «دالا ھۇنلار»، «دۆۋلەن» ۋە باشقىلار بىر خىل ئىلمىي پەرەز بولۇپ، ماتېرىيال مەنبەسى يېتەرلىك ئەمەس. مېنىڭ گەرچە بۇ ھەقتە باشلىغان تەتقىقاتىم تېخى دەسلەپكى باسقۇچتا بولسىمۇ، لېكىن ئىگىلىگەن ماتېرىيال، سېلىشتۇرۇلغان مەنبەلەردىن چىقىرىلغان يەكۈنۈم «دولان» نامى «تۇران» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

1. تىل نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ھالدا، «تۇران» دېگەن نامنىڭ «دولان» دېگەن نامغا ئۆزگىرىش ئېھتىماللىقى بار. ئەلۋەتتە، بۇ ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ھەم تىل شىۋىسى ئوخشاش بولمىغان ئىپتىدائىي مۇھىتنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇشى كېرەك.

2. ئېتنىك مەنبە جەھەتتىن بۇلار تۈركىي تىللىق قوۋم بولۇپ، ئۆز - ئارا تومۇرداش.

3. جۇغراپىيىلىك مۇھىت جەھەتتىن ئىرانلىقلار تەرىپىدىن «تۇران» دەپ ئاتالغان تۈركىي تىللىق قوۋم بىلەن تىللارنىڭ بىر تارمىقى بولغان «دولانكىت» (دولان) لار ئوخشاشلا بىر زېمىندا ياشىغان.

**ئىزاھات:**

① مىر سۇلتان ئوسمانوۋ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1990 - يىلى نەشرى، 108 - بەت.

②④⑤⑥ ئۆمەرجان ئىمىن: «دولان ۋە دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى ھەققىدە»، شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلى، 1989 - يىلى 3 - سان، 63 -، 64 - بەتلەر؛ 65 -، 67 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

③ ئۆمەرجان ئىمىن: «دولان ۋە دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ھەققىدە»، شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلى، 1989 ـ يىلى 3 ـ سان، 65 ـ بەت؛ ئەمەتجان ئەخمىدى: «ئۇيغۇر مۇقاملىرى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىل نەشرى، 52 ـ بەت.

⑦ ئابدۇرشىت ئىسلامى: «مەكىت ۋە دولان ھەققىدە تارىخىي مۇھاكىمە» دېگەن ئەسىرى بىلەن پەرھات قادىر «‹دولان› ئاتالغۇسى ھەققىدە ئىزاھات» دېگەن ئەسىرى (بۇ ئىككى پارچە ماقالە 1989 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەكىت ناھىيىسىدە ئېچىلغان سەنئەت مۇھاكىمە يىغىنىغا ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئېلان قىلىنمىغان. بۇ ئەسەرلەردە «دولان» دېگەن نامنىڭ «دالا، قىر ۋە ئورمان ساھىللىرىدا ياشايدىغان ئائىلىنىڭ نامى» ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن).

⑧ بۇ قاراشنى مەن 1988 ـ يىلى مەكىت ناھىيىسىنىڭ يانتاق يېزىسى بۇلۇڭلاقتا كەنتىدە جەمئىيەت تەكشۈرگىلى بارغان چېغىمدا خوجىلار ئەۋلادلىرى ئېغىزىدىن خاتىرىگە ئالغان.

⑨⑩ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم: «دولان ھەققىدە»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلى، 1984 ـ يىلى 2 ـ سان.

⑪ ئابلىمىت روزى: «ياباقۇ قەبىلىسى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىشلەر»، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1985 ـ يىل 3 ـ سان، 88 ـ، 89 ـ بەتلەر.

⑫ مىر سۇلتان ئوسمانوۋ: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى، 98 ـ،107 ـ بەتلەر؛ ئۆمەرجان ئىمىن: «دولان ۋە دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ھەققىدە»، شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلى، 1989 ـ يىلى 3 ـ سان، 65 ـ، 70 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقى ئادرېسى

# «ئۇن ئۇستەڭ مەكىت، بەش ئۇستەڭ لايلىق» ئاتالغۇسى ھەققىدە

مەكىت ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى يەكەن، مارالبېشى قاتارلىق جايلارغا قاراشلىق چوڭ بىر رايون دەرىجىلىك بەگلىك بولۇپ، ئەينى چاغدىكى باشقۇرۇش تۈزۈمى بويىچە، مەكىت خەلقى ئۆزى تەۋە بولغان كىچىك بەگلەرنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن، يۇقىرىقى ئورۇنلارغا ھەر خىل باج - سېلىق تاپشۇرۇپ تۇرغان.

مەكىت خەلقى ئىپتىدائىي قۇرۇلما ۋە ئادەم كۈچى سەۋەبلىك بۇرۇنقى چاغدا «ئۇن ئۇستەڭ مەكىت، بەش ئۇستەڭ لايلىق» قا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر بىر ئۇستەڭ بىر بەگ تەرىپىدىن چاپتۇرۇلغان، شۇ ئۇستەڭدىن سۇ ئىچىدىغان يۇرتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دائىرە بىر بەگلىك سانالغان.

«ئۇن ئۇستەڭ مەكىت، بەش ئۇستەڭ لايلىق» دېگەن بۇ ئاتالما ھەققىدە ھەر كىم ئۆز ئالدىغا مەنە بېرىدۇ. بۇ ئاتالما ئۆز ئىچىگە ئالغان يۇرتلارنىڭ نامىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا ئىپادە قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. تىزناپ دەرياسىنى مەركەز قىلىپ تاۋاكېسىك، تۆمۈرەك، بېلىقچى، پوسكام، ئوكا قاتارلىقلارنى «بەش ئۇستەڭ لايلىق»؛ ئوغرى كۆل، ئاقبەل، ئويبۇغداي، يانتاق، قارا ئۆي، بۇلۇڭلاقا، ئاقتىكەن، ئارالاقا قاتارلىقلارنى «ئۇن ئۇستەڭ مەكىت» دەپ ئاتاش.

2. يەكەن دەرياسىنىڭ مەكىت تەۋەسىدىكى يۇقىرى ئېقىن قىسمىغا جايلاشقان پاختىلىق (پاقىملىق) تەۋەسىدىكى يۇرتلارنى (ئاقبەل پاختىلىق، مەكىت پاختىلىق، مەينەت پاختىلىق، لايلىق

پاختىلىق قاتارلىقلارنى) «بەش ئۆستەڭ لايلىق»؛ ئوتتۇرا ئېقىن قىسمىغا جايلاشقان چامغۇرلۇق، ھاڭغىتلىق، بولقا (ئاقبەل)، يانتاق، ئويىيۇغداي، قارا ئۆي، بۇلۇڭلاڭقا، ئارالاڭقا، ئاقتىكەن قاتارلىق يۇرتلارنى «ئون ئۆستەڭ مەكىت» دەپ ئاتاش.

3. ئون ئۆستەڭ مەكىت ئۆستەڭ ئارقىلىق ئايرىلىپ ياشىغان ئەسلىدىكى كونا مەكىتلىكلەر (دولانلىقلار) بولۇپ، بۇ يۇرتلار غاز كۆل تەۋەسىدىكى قۇمۇش مەھەللە، قۇمقىسار، ھاڭغىتلىق، يانتاق تەۋەسىدىكى قەدىمكى يۇرتلارنى كۆرسىتىدۇ. بەش ئۆستەڭ لايلىق باشقا جايلاردىن كۆچۈپ كەلگەن كىشىلەر بىلەن ئاۋات بولغان يۇرتلار بولۇپ، بۇلار غاز كۆل ۋە بازار جەمئىي يېزىلىرىدىكى چامغۇرلۇق (لايلىق) قا ئوخشاش يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن يۇرتلارنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن قاراش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# «قوڭغۇز يېگەن دولانلىق» قا ئىزاھ

مەكىت رايونىدىكى دولانلارنى باشقا جايدىن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار كەم سۇندۇرۇش مەنىسىدە «قوڭغۇز يېگەن دولانلىق»، «قوڭغۇزچى دولان» دەپ ئاتىشىدۇ. خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان راۋايەتلەرنى تارىخي مەلۇماتلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىزدىنىپ كۆرگەندە، بۇ لەقەمنىڭ مەلۇم تارىخي ئارقا كۆرۈنۈش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ لەقەم ھەققىدە خەلق ئارىسىدا مۇنداق رىۋايەتلەر ساقلانغان: ئاتام زامانىسىدا، تەكلىماكاندىكى بىر ئاۋات شەھەردە دولانلار ياشايدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى، يات ئەلدىن بۇ شەھەرگە زور قوشۇن باستۇرۇپ كەپتۇ. شەھەردىكى دولانلار كۈچىنىڭ بىرىچە ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن سان جەھەتتىن كۆپ بولغان دۈشمەنلەر بىلەن كۈچ ئېلىشالماي، چېكىنىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئەمما، شەھەرنى دۈشمەنلەرگە ئۆز پېتى تاشلاپ بەرگۈسى كەلمەي، ئوت قويۇپ پۈتۈن شەھەرنى ئۆرتىۋېتىپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپكە كەلگەن دۈشمەن قوشۇنىنىڭ قوماندانى دولانلارنى پۈتۈنلەي قىرىۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ. بۇ ۋاقىتتا قوماندانىنىڭ يېنىدا رەھىمدىل، دانىشمەن بىر ۋەزىر بولۇپ، ئۇ: «شۇنچە گۈزەل شەھەرنى ئوت قويۇپ ئۆرتىۋەتكەن خەلقنىڭ ساق ياكى ساراڭ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇلاردىن بىر نەچچىنى تۇتۇپ كېلىپ، بىر پەتنۇسقا قارا ئۈجمە، يەنە بىر پەتنۇسقا قوڭغۇز ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويايلى، ئەگەر ئاۋۋال قوڭغۇزنى ئېلىپ يېسە بۇ خەلق ساراڭ بولۇپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرمەيلى، ئەكسىچە ئۈجمىنى ئېلىپ يېسە ئۇ ھالدا بۇ خەلق ساق ھېسابلىنىپ، بارلىقىنى قەتلىئام قىلايلى» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. قوماندان بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ، بىر نەچچە دولانلىقنى تۇتقۇزۇپ كەپتۇ ۋە بىر پەتنۇسقا قارا ئۇجمە، يەنە بىر پەتنۇسقا قوغۇز ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. دولانلار بۇنىڭ ھىيلە ئىكەنلىكىنى سېزىپ «تۇرغىنى تۇرۇپ تۇرسۇن قاچقىنىنى يەيلى» دەپ قوغۇزنى تۇتۇپ يەپتۇ. شۇندىن كېيىن، دولانلار «قوغۇز يېگەن دولانلىق» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئىكەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئاستىدىكى بىر شەھەردە ئاتام زامانىسىدىن باشلاپلا ئەقىل ـ پاراسەتلىك بىر ئەل ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۇمايلىرى (ئايال داخانلىرى) ناھايىتى دانىشمەن بولۇپ، يەر يۈزىدىكى بولغان ۋە بولمىغان ۋەقەلەرگە ئالدىن ھۆكۈم قىلالايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە يات ئەلدىن لەشكەر كېلىپ، بۇ شەھەردىكى دولانلار بىلەن ئۇرۇشۇپتۇ. دولانلار ئاجىز كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئەل بولماقچى بولۇپ، بىرەيلەننى قارشى تەرەپكە ئەۋەتىپتۇ. يات ئەل بىر پەتنۇسقا قارا ئۇجمە، يەنە بىر پەتنۇسقا قوغۇز ئېلىپ كېلىپ، ئەلچىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ ۋە «ئۇجمىنى يېسەڭ ئەل بولغىنىڭ يالغان، قوغۇزلارنى يېسەڭ ئەل بولغىنىڭ راست» دەپتۇ. دولانلىق ئەلچى: «ئۇجمە دېگەن جىم تۇرىدىغان نەرسە، قاچان يېسە بولىۋېرىدۇ. قوغۇزلار قېچىپ كېتەلەيدۇ، شۇڭا، بۇنى ئاۋۋال يەي دەپ قىزىقچىلىق قىلىپتۇ ـ دە، ئۆملەۋاتقان قوغۇزلارنى تېرىپ ئېلىپ يېۋېتىپتۇ. يات ئەللىكلەر دولانلارنىڭ ئەل بولغانلىقىغا ئىشىنىپ، شەھەرگە كىرىپتۇ. لېكىن شەھەرگە كىرە ـ كىرمەيلا مۆكتۈرمە لەشكەرلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ھالاك بولۇشۇپتۇ. پەقەت بىر نەچچە كىشىلا قېچىپ كەتكەنىكەن. ئۇلار بارغانلا يېرىدە «دولانلارغا چېقىلماڭلار، ئۇلار لولى (رەڭۋاز) لار ئىكەن» دېيىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن «لولى، قوغۇزچى دولان» دېگەنلەر دولان خەلقىگە لەقەم بولۇپ قالغانىكەن («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1989 ـ يىل،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

5 ـ دېكابىر سانى، 3 ـ بەت).

«رىۋايەت ھاياتىي ۋەقەلەرنى بەدىئىي توقۇلما ياردىمى بىلەن ھېكايە قىلغۇچى، رېئالىستىك خاراكتېردىكى ئاغزاكى ئىجادىيەت تۈرى بولۇپ، ئۇ مۇئەييەن تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي ۋەقەلەر ھەمدە يەرلىك ئۆرپ ـ ئادەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.... رىۋايەتلەر مەلۇم بىر شەخس، تارىخىي ۋەقە ۋە يەرلىك ئالامەتلەرنىڭ ئوبرازلىق ئەكس ئېتىشى بولغاچقا، ئۇ ئادەتتىكى تارىخىي چىنلىققا قارىغاندا خېلى كۆپ تەرەپلەردە رومانتىك تۈس ئالغان بولىدۇ. لېكىن، ئۇ بەدىئىي فۇنكسىيە جەھەتتىن ئەنە شۇ تارىخىي ۋەقە توغرىلىق كىشىلەردە مەلۇم چۈشەنچە پەيدا قىلالايدۇ. ھەتتا بەزىدە، تارىخىي تەزكىرىلەردە زىكىر قىلىنمىغان ياكى ئوردا تارىخچىلىرى تەرىپىدىن خاراكتېرى بۇرمىلىنىۋېتىلگەن تارىخىي ۋەقەلەر ۋە شەخسلەر خەلقنىڭ ئاغزىدا رىۋايەت بولۇپ ساقلىنىپ قالىدىغان بولغاچقا، تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى چۈشىنىشتە بىزنى پايدىلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.» (ئابدۇكېرىم راخمان «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە راۋايەتلەر» 27 ـ، 28 ـ بەتلەر). دېمەك، يۇقىرىقى ئىككى راۋايەتتە بايان قىلىنغان دولانلارنىڭ قوڭغۇز يىپىشىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار، مەلۇم تارىخىي ۋەقەلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ دولانلار رايونىغا يات بىر ئەل خەلقىنىڭ باستۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ۋە بۇ لەقەمنىڭ ياتلار تەرىپىدىن قويۇلغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي ئەھۋالنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

تەكلىماكاننىڭ قۇملىششى سەۋەبىدىن، قەدىمكى چاغدا تارىم ۋادىسىنىڭ مەركىزى قىسمىدا بارلىققا كېلىپ، روناق تېپىپ، گۈللەنگەن شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ غايىپ بولۇشى ۋە ئۇنىڭدىكى خەلقلەرنىڭ تەقدىرى ھەققىدە تولۇق بىر تارىخىي ماتېرىيالغا ئىگە بولمىغىنىمىزغا ئوخشاش، قەدىمدە بۆك ـ باراقسان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىپتىدائىي توغراقلىق، كېيىن يۇرت بولغان مەكىت رايونىغا قەدىمكى چاغدا يات ئەل خەلقىنىڭ باستۇرۇپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا تولۇقراق بىرەر مەلۇماتنى ئۇچرىتالمىدۇق. پەقەت، بىر قىسىم «تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، مۇڭغۇل قوشۇنلىرى دولان رايونلىرىغىمۇ كەلگەن. 1743 - يىلىدىن 1748 - يىلىغىچە شىنجاڭدىكى مۇڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن چىن دەيخان قوشۇن باشلاپ مەكىت ناھىيىسىنىڭ شىھىتدۆڭ يېزىسىدىكى بىر جىلغىغا ئورۇنلىشىپ (بۇ جىلغا ھازىرغا قەدەر «قالماق جىلغىسى» دېيىلمەكتە)، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن نۇرغۇن بىگۇناھ دولان خەلقىنى ئۆلتۈرگەن. زۇلۇمغا چىدىمىغان دولان خەلقى ئۆزلىرىگە ئەختەم ئىسىملىك بىر كىشىنى باش قىلىپ، يەكەن دەرياسىدىن مۇڭغۇللارنى ئۆتكۈزمەي، دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قۇم بارخانلىرىنى ئۆزلىرىگە بازا قىلغان موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن سوقۇشقان. ئاخىرى موڭغۇل قوشۇنلىرى كۈچلۈك كېلىپ ئەختەم قوشۇنىنى ئاجىزلىتىپ، ئەختەمنى شېھىت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، موڭغۇل قوشۇنلىرى دەريادىن ئۆتۈپ نۇرغۇن دولان ياشلىرىنىڭ بېشىنى ئالغان (بۇ جاي ھازىرمۇ «باش ئالغۇ» دېيىلمەكتە) ھەم ئۆي - ماكانلىرىنى كۆيدۈرۈپ، ۋەيران قىلغان («شىنجاڭ سەنئىتى» 1989 - يىل 3 - سان، 69 - بەت). دولانلاردىن نۇرغۇن كىشى ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان بولۇپ، مۇڭغۇللار بىلەن كۈچ ئىلىشالمىغان دولان خەلقى شەھەرنى ساقلاپ قېلىش، ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مۇڭغۇللارغا ئەلچى بولۇپ بارغان كىشى ناھايىتى ئەقىللىق، دانىشمەن كىشى بولغاچقا، ئەل - يۇرتنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتنى يوقىتىش يولىدا، يۇقىرىقى رىۋايەتتە ئېيتىلغاندەك ئېغىر، ھاقارەتلىك شەرتلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئەسىرلەرنى، شەھەرنى ۋە شەھەردىكى خەلقنى قۇتقۇزۇپ قالغان. لېكىن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇزۇن ئۆتمەي دولان خەلقى قايتىدىن كۆچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆز غەلبىسىدىن مەغرۇرلىنىپ غەپلەتتە قالغان موڭغۇل قوشۇنى ئۈستىگە باستۇرۇپ بېرىپ، موڭغۇللارنى بۇ رايوندىن قوغلاپ چىقارغان. دېمەك، مانا بۇ تارىخىي ۋەقە خەلق ئارىسىدا رىۋايەت تۈسىنى ئالغا بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرى ھېلى ھەم مەكىت رايونىدىكى دولانلار ئارىسىدا ساقلىنىپ تۇرىۋاتىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللاردىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «قوڭغۇز يېگەن دولانلىق»، «قوڭغۇزچى دولان» دېگەن لەقەملەر ھەرگىز ھازىر كىشىلەر ئېيتىۋاتقان كەم سۇندۇرۇش، ھاقارەتلەش مەنىسىدە بولماستىن، بەلكى دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆز يۇرتىنى قوغداش، ئۆز خەلقىنى سۆيۈش جەھەتتە تاشقى كۈچلەرگە قارشى كۆرەشتە كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى، ئەقىل - پاراسەتلىكىگە بېرىلگەن نام ئىكەنلىكى ئېنىق.

# «توختى مانجۇ قىسسىسى»

[ئىلاۋە: بۇ قىسسە مەكىتنىڭ يېقىنقى زامانىدىكى يۇرت بولۇش تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇمات بولۇپ، ئۇنى 1956 - يىلى مەكىت بازار جەمئىي يېزىسى تۆمۈرەك كەنتىدىكى قەلەم موللا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى، مەدەنىيىتىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى مەكىتكە كەلگەندە، گۇرۇپپا تەركىبىدىكى ئابدۇرېشىت ئىسلامى قاتارلىق كىشىلەرگە سۆزلەپ بەرگەن. كېيىن بۇ قىسسىنى يەنە غازكۆلنىڭ مەينەت پاختىلىق (ھازىر بۇ نام مەدەنىيەت پاختىلىق دەپ ئاتىلىدۇ)تىكى ئىمىن قازى خاتىپ بەگنىڭ ئوتاقچىسى ناسىر ئاخۇنكام قايتا تىلغا ئالغان بولۇپ، مەن 1993 - يىلى 10 - ئايدا، مەكىت غازكۆل يېزىسى مەدەنىيەت پاختىلىق كەنتى (8 - كەنت)تىكى تەرەققىيپەرۋەر شائىر، ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇستا خەتتاتى مەرھۇم ئەھمەد قازىئاخۇنۇمنىڭ ئوغلى مەھمۇت قارى ھاجىمنىڭ ئېيتىپ بېرىشى بىلەن خاتىرىگە ئالغانىدىم. بۇ قىسسىنى باشقا تارىخىي مەنبەلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ تولۇقلاش زۆرۈر، دەپ قارايمەن.]

مارالبېشىلىق توختى مانجۇ دېگەن كىشى تەخمىنەن بۇنىڭدىن 200 يىل ئاۋۋال مارالبېشىغا قەشقەردىن ئىككى ئېشەك شام ئېلىپ كېلىپ، 200 ئۆچكىنىڭ بويىنىغا بىردىن قوڭغۇراق ئاسقان. ئىككى مۆڭگۈزىگە بىردىن ئىككى شام يېقىپ، شەھەر سېپىلىنى چۆگىلىتىپ ئايلانغان. شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بۇنچە كۆپ «لەشكەر» نىڭ باستۇرۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، قورقۇپ كېتىپ شەھەرنى بىكارلاپ ئاقسۇغا قاچقان. توختى مانجۇ مارالبېشىغا بەگ بولۇپ، 12 يىل ھۆكۈم سۈرگەن. كېيىن ئاقسۇغا قاچقان ئەمەلدارلار ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، قايتا مارالبېشىغا ھۇجۇم قىلىپ شەھەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالغان. توختى مانجۇ مەكىت تەرەپكە چېكىنگەن. ھازىر مارالبېشى شامال ئارىلىقىدىكى كىچىك قۇملۇق توختى مانجۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

توختى مانجۇ ئۆز ئادەملىرى بىلەن يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا كېلىپ، قارا ئۆيىنىڭ چولاق ئاستى دېگەن يېرىدە، تىزناپ ئېقىنىنىڭ ئاياق تەرىپىدىكى ئاشقان سۇدا ئوسا بولۇپ قالغان يەرگە ئۆزلىرى بىرگە ئېلىپ كەلگەن بۇغداي، قوناق ئۇرۇقلىرى بىلەن تېرىقچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن.

شۇ چاغلاردا، تىزناپ ئېقىنىنىڭ ئۇيان تەرىپى (شىمال تەرىپى) دە تۆمۈرەك، پوسكام، بېلىقچى، قۇمقىسار؛ يۇقىرى تەرىپى (جەنۇب تەرىپى) دە خادىلىق، قۇمۇش مەھەللە قاتارلىق يۇرتلار؛ تىزناپ ئېقىنىنىڭ ئاياق قىسمى، يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا قارا ئۆي، بۇلۇڭلاڭقا، ئارالاڭقا، ئويبۇغداي، يانتاق، ئاقتىكەن، ھاڭغىتلىق، چامغۇرلۇق قاتارلىق قەدىمكى يۇرتلار مەۋجۇت بولۇپ، توختى مانجۇ باشلاپ كەلگەن كىشىلەر مۇشۇ يەرلەرگە ئورۇنلاشقان. كېيىن يەنە مارالبېشىنىڭ شامال، تەڭ توغراق، يەكەن تاغارچى قاتارلىق جايلاردىن بىر قىسىم ئادەملەر كۆچۈرۈلۈپ كېلىپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بۇنىڭ بىلەن، بۇ يۇرتلار تېز روناق تاپقان يۇرتلارغا ئايلانغان. كېيىن، بۇ يۇرتلارنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن تىزناپ ئېقىنىنىڭ يۇقىرىسىدىكى پاقىلىق (ھازىر پاختىلىق دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ) نى، بەش يۇرت بەش ئۆستەڭنى ئايرىم ئېلىپ تاكى شىڭ شىسەي دەۋرىگىچە (مىلادى 1933 ـ، 1934 ـ يىللىرىغىچە) ئۆز ئالدىغا سورىغان. يەنى، خانكۆل ـ ئاقتىكەننىڭ، مەكىت پاختىلىق (ھازىرقى غازكۆل يېزىسى 11 ـ كەنت) ـ ئويبۇغداينىڭ؛ ئاقبەل پاختىلىق ـ كۆتەكلىكتىكى ئاقبەل (ھازىرقى يانتاق يېزىسى تەۋەسىدە) نىڭ؛ مەينەت پاختىلىق (غازكۆل يېزىسى 8 ـ كەنت) ـ يانتاقنىڭ؛ لايلىق

پاختىلىق - چامغۇرلۇق (بازار جەمئىي يېزىسىدا) نىڭ
باشقۇرۇشىدا بولغان (بۇ يەردىكى «پاختىلىق» دېگەن نام،
يۇلغۇننىڭ ياش نوتا ھالىتىدىكى باشقا بىر تۈرىنىڭ نامى
پاقىلىقتىن ئۆزگىرىپ كەلگەنىكەن).

توختى مانجۇ كېلىپ 30، 40 يىلدىن كېيىن، يانتاق
يېزىسى ھازىرقى بولقا بىلەن قوشئېقىن ئارلىقىدا بازار قۇرغان.
چامغۇرلۇق، ھاڭغىتلىق ۋە تىزناپ ئېقىنىنىڭ يۇقىرىسىدىكىلەر
بىرلىشىپ ھازىرقى ناھىيە بازىرىنى بازار قىلغان. كېيىنچە ھازىرقى
ناھىيە بازىرى قەشقەر، يەكەن قاتارلىق شەھەرلەرگە يېقىن
بولغانلىقى ئۈچۈن، ناھىيە بازىرى رەسمىي مەركىزىي بازارغا
ئايلانغان.

# يانتاقتىكى سوپىلار ۋەقەسى

1941 - يىلى ياز كۈنلىرى، يەكەندە ئىشانلىق قىلغان ھۈسەيىن ئاخۇن غوجام دېگەن كىشى 70 ياشتىن ئاشقان ۋاقتىدا ئاخىرقى ئۆمرىنى مەكىت يانتاق يېزىسى يانتاق كەنتىدىكى چىراق ئاتام مازىرىغا كېلىپ پىرى چىراق ئاتامنىڭ بېشىدا ئىستىقامەت قىلىپ ئۆتكۈزۈشنى ئىختىيار قىلغان ھەمدە ئۆزى قازا قىلسا شۇ كىشىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىشنى تاپىلاپ، مۇرتلىرى بىلەن رازىلىق ئېلىشىپ يانتاققا كەلگەن.

ئۇ كىشى يانتاققا كېلىپ، ئون نەچچە كۈندىن كېيىن قازا قىلغان. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن يەكەن، پوسكام، قاغىلىق ناھىيىلىرىدىكى سوپىلار قېرى - ياش، ئاتلىق - پىيادە بولۇپ 5000 دىن ئارتۇق ئادەم ھەلقە سۆھبەت بىلەن يانتاققا كەلگەن. قاتتىق يىغا - زارى بولۇپ، ئادەم سانى 7 — 8 مىڭغا يەتكەن. ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن سوپىلار جەسەتنى مەكىتتە قويمايمىز، ئۆز جايلىرىمىزغا يۆتكەيمىز دەپ تەلەپ قىلىپ جېدەل چىقارغان. ۋەزىيەتتە ئىنتايىن جىددىي ھالەت شەكىللەنگەن. بۇ چاغدا، مەكىت ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى شۆي لياڭ بولۇپ، ئۇ قەشقەر ھەربىي رايونىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلغان. قەشقەر ھەربىي رايونى يەكەندىكى تۆەنگە بۇيرۇق بېرىپ، بىر پەي ئەسكەر مەكىتكە يۆتكەپ كېلىنگەن ھەمدە سوپىلارغا نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق، ھەر قايسى ناھىيىلەردىن كەلگەنلەرنى ئۆز ناھىيىلىرىگە قايتۇرۇپ، مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلغان.

ۋەقەدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىغا، ئۆزلىرىگە يەم - خەشەك، ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاپ بەرگەنلەردىن توختى ھاجى، ئاۋاتتىن ئابلا قازى، يانتاقتىن نىياز بەگ، بازار ئىچىدىن (ناھىيە بازىرىدىن) نۇراخۇن خەلپىتىم قاتارلىق تۆت نەپەر كىشىنى «سوپىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋەقەگە سەۋەبچى بولدى»

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

...ەن نام بىلەن قولغا ئالغان. بۇلاردىن نۇراخۇن خەلپىتىم. ...ن كىشى قەشقەردە ئالتە ئاي سولاقتا يېتىپ قازا قىلغان، ...ان ئۈچ كىشى 1946 - يىلى 7 - ئايدا، شىنجاڭدا بىرلەشمە ...ۆمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تۇنجى ھۆكۈمەت مەھكىمىسىنى سېلىشنىڭ ئۆتمۈشى

مەكىت ناھىيىسى 1928 - يىلى 8 - ئايدا رەسمىي ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندا، ھۆكۈمەت مەھكىمىسى بولمىغانلىقتىن، ھۆكۈمەت خادىملىرى ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى ئابدۇرەھىم كازىم دېگەن كىشىنىڭ باغلىق ھويلىسىنى ئارىيەتكە ئالغان.

1930 - يىلى، جۇيۇلىڭ دېگەن كىشى ھاكىم بولۇپ كېلىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىنى سېلىشقا باشلىغان. بۇ چاغدا ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزاسى بۇ دارېن (ئەسلى ئىسمى ھەبىبۇللا، كورلا لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ تىكەنلىك دېگەن يېرىدىن، ئۇيغۇر) دېگەن كىشى مەھكىمە قۇرۇلۇشىنىڭ سېلىنىشى، خىراجەتنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىغا نازارەت قىلغان، بۇ قۇرۇلۇش 1932 - يىلى پۈتكەن.

بۇ قۇرۇلۇش ئوتتۇرىسىدىكى چوڭراق زال بىلەن ئىككى ياندىكى قاتار ئىككى ئېغىز ئۆيگە كىرگىلى بولىدىغان، جەمئىي بەش ئېغىزلىق، پىشـشـىق قىشلىق، ئاستى ياغاچ پوللۇق، ئىشىك - دېرىزىلىرى ئېگىز ھەم كەڭ، تاملىرىغا قېلىن تۇنىكە بىلەن مورا چىقىرىپ، ئوچاق سېلىپ رۇس پوسۇنىدا زامانغا لايىق قىلىپ ياسالغان، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، بۇ دارېن (ھەبىبۇللا) ئورۇمچىگە قايتىپ، ئۆلكىـــلىـــك ھۆكۈمەتكە قۇرۇلۇشنىڭ ئىقتىسادچىللىق بىلەن سېلىنغانلىقىنى، ھېچقانداق خىيانەتچىلىك قىلمىشنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكىنى، قۇرۇلۇشنىڭ ئەنئەنىۋى خەنزۇ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىدا ئەمەس، بەلكى رۇس قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى بىلەن سېلىنغانلىقىنى دوكلات قىلغان. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ شەكلى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنىڭ كۆڭلىگە ياقماي، ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ بىلەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ھاكىم جۇيۇلىڭنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بۇ دارىننى ھاكىملىققا تەۋسىيە قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# مەكىت تارىخىدىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى هازىرقى بۈگۈردە غەربىي يۇرت قوروقچىبەگ مەهكىمىسىنى قۇرغان. مەكىت سەپەرباي، سۇلى، (قەشقەر)، ساكارائۇل (يەكەن) قاتارلىق بەگلىكلەر بىلەن بىللە غەربىي يۇرت قوروقچىبەگ مەهكىمىسىگە قارىغان.

مىلادى 220 - 420 - يىللاردا، غەربىي يۇرتتىكى بىر قەدەر چوڭ بولغان سۇللۇغ (قەشقەر) بەگلىكىگە قارىغان.

مىلادى 507 - 534 - يىللاردا، ئېفتالىتلار تەگرى يېغىنىڭ جەنۇبىنى ئىگەللىگەندىن كېيىن، مەكىت ئۇلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىدا بولغان.

مىلادى 583 - يىللاردا، تۈركلەر غەربىي ۋە شەرقىي دەپ ئىككى تارماققا بۆلۈنگەندىن كېيىن، مەكىت غەربىي تۈركلەرنىڭ هۆكۈمرانلىقىدا بولغان.

مىلادى 675 - يىللاردا، تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا سۇلى تۇتۇق مەهكىمىسىنى قۇرغاندا، مەكىت ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

مىلادى 790 - يىللاردا، تۈبۈت (تىبەت) لەر جەنۇبىي شىنجاڭنى بېسىۋالدى. مەكىت قاتارلىق جايلار ئۇنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالغان.

مىلادى 860 - يىللاردا، قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلۇپ، مەكىت بۇ خانلىقنىڭ مەركىزى ئۆلكىسىگە قارىغان.

مىلادى 1123 - يىللاردا، غەربىي لياۋ تەگرى تېغىنىڭ جەنۇبىنى ئىگىلەپ، مەكىت ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

مىلادى 1213 - يىللاردا، نايمان خانى كۈچلۈك غەربىي لياۋ خانى قولىدىن هاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ زېمىن دائىرىسىنى ئۆز هۆكۈمرانلىقىغا ئالغاندىن كېيىن، مەكىت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۈچلۈكنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.
مىلادى 1218 - يىللاردا، موڭغۇل قوشۇنلىرى جەبەنويان باشچىلىقىدا كۈچلۈك ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، مەكىت موڭغۇللارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.
مىلادى 1227 - يىللاردا، موڭغۇل خانى چىڭگىزخان تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا سۈيۇرغال قىلىپ بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن چاغاتاي خانلىقى قۇرۇلۇپ، مەكىت بۇ خانلىقنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان.
مىلادى 1514 - يىللاردا، يەكەن سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلۇپ، مەكىت بۇ خانلىقنىڭ مەركىزىدىكى رايون بولغان.
مىلادى 1670 - يىللاردا، جوڭغار خانلىقى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئاپاق خوجىنىڭ قورچاق ھاكىمىيىتىنى قۇرغاندىن كېيىن، مەكىت خوجىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان.
مىلادى 1759 - يىللاردا، چىڭ سۇلالىسى چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇپ، يەكەندە ئامبال مەھكىمىسى قۇرغاندا، مەكىتنى بارچۇق ھاكىم بېگىنىڭ باشقۇرشىغا ئايرىپ بەرگەن.
مىلادى 1870 - يىللاردا، ياقۇپبەگ قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلارنى بېسىۋېلىپ، «ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى» («بەدۆلەت ھاكىمىيىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى قۇرغاندا، مەكىت ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە بولغان.
مىلادى 1877 - يىللاردا، چىڭ سۇلالىسى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مەكىت قاتارلىق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى جايلارنى قايتۇرۇۋالغان.
مىلادى 1882 - يىلى، چىڭ سۇلالىسى مارالبېشى نازارىتى* نى قۇرغاندا، مەكىت ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

---

* 玛喇巴什直隶厅

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىلادى 1902 - يىلى، مارالبېشى نازارىتىنى مارالبېشى ئوبلاستى* غا ئۆزگەرتكەندە، مەكىت سۇلى (قەشقەر) مەھكىمىسىگە قارىغان.

1928 - يىلى 8 - ئايدا، مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلغان ھەم قەشقەر ۋىلايىتىگە قارىغان. ليۇ فامىلىلىك كىشى تۇنجى ھاكىم بولغان. پۈتۈن ناھىيە ئالتە يېزىغا ئايرىلىپ ھەر بىر يېزىغا شياڭيۇ قويۇلغان.

1929 - يىلى، شۇ فامىلىلىك كىشى ھاكىم بولغان.

1930 - يىلى 8 - ئايدا، جۇيۇلىك ھاكىم بولۇپ، تۇنجى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ (گويۇشۆتاڭ) سالغان.

1931- يىلى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسى سېلىنغان.

1932 - يىلى 7 - ئايدا، ھەببۇللا (بۇ دارېن) ھاكىم بولغان.

1933 - يىلى 1 - ئايدا، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسى ۋاڭ داجۇڭنى ھاكىم قىلىپ ئەۋەتكەن.

4 - ئايدا، مەكىتتىكى دىنىي ئۆلىمالار ۋە ئالتە يېزىنىڭ شياڭيۇلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن خوجا ھاكىم، كېرىم قازى، مەمەت ھاجىلار مۇئاۋىن ھاكىم بولغان.

12 - ئايدا، يەكەن رايون باشلىقى ماخۇسەن ۋاڭ جىڭسەينى مەكىتكە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتكەن.

1934 - يىلى 3 - ئايدا، خوجىنىياز ھاجى نىياز دېگەن كىشىنى ھاكىم قىلىپ ئەۋەتكەن.

4 - ئايدا، خوجىنىياز ھاجى قوشۇنلىرى بىلەن ماخۇسەن قوشۇنلىرى ياخۇمدان ئەتراپىدا يېرىم كۈن ئۇرۇش قىلغان.

8 - ئايدا،خوتەن ھۆكۈمدارى شاھ ماگسۇر ھوشۇر داموللا دېگەن كىشىنى ھاكىم، شەمسىدىن داموللا دېگەن كىشىنى

---

* 巴楚州

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىپ تارقىتىش سۇپىسى

مۇئاۋىن ھاكىم قىلىپ ئېۋەتكەن.

1935 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەببۇللا (بۇ دارىن) نى رەسمىي ھاكىم قىلىپ ئېۋەتكەن.

3 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى (ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسى) قۇرۇلغان.

12 ـ ئايدا، ۋۇيىڭسۇڭ ھاكىم بولغان.

1936 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ھاكىم ۋۇيىگۇڭ بىلەن مارالبېشى ھاكىمى ئۆز ئارا كېلىشىپ، مەكىتكە قاراشلىق يۇقىرى، تۆۋەن ئاۋات ، چوڭقۇرچاق قاتارلىق يۇرتلارنى مارالبېشىغا ئايرىپ بەرگەن.

10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، قۇربان دېگەن كىشى ھاكىم قىلىپ تەيىنلەنگەن.

1937 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، قەشقەر ھەربىي رايون باشلىقى مامۇت سىجاڭ قۇرباننى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ھىدايەت دېگەن كىشىنى ھاكىم قىلىپ تەيىنلەپ، مەكىتكە ئېۋەتكەن.

9 ـ ئايدا، ئابدۇنىياز سىجاڭ (قەشقەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىمنىڭ باشلىقى) بىلەن خوتەندىكى ماخۇسەن بىرلىشىپ شېڭ شىسەيگە قارشى چىقىپ، ئاقسۇغىچە ھۇجۇم قىلىپ بارغان. شېڭ شىسەي ئامالسىز سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم سورىغان. سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسكەر ئېۋەتىپ، ئۇلارغا زەربە بەرگەندىن كېيىن، ئابدۇنىياز سىجاڭ، ماخۇسەنلەر مەكىتكە چېكىنىپ كەلگەن. سوۋېت ئارمىيىسىمۇ ئۇلارنى قوغلاپ مەكىتكە كەلگەن ۋە ئىككى ھەربىي ئايروپىلان بىلەن زەربە بەرگەن. بۇ ئايروپىلانلار مەكىت بازار جەمئىي يېزىسى ، تىزناپ بويىغا ئايرودروم ياساپ قونغان.

10 ـ ئايدا، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە ئابدۇللا دېگەن كىشىنى مەكىتكە ھاكىم قىلىپ تەيىنلىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

1938 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، هاجى بەگ دېگەن كىشى مەكتتكە هاكىم بولغان.

10 ـ ئايدا مەكتتىكى شياڭيۇلۇق تۇزۇم ئەمەلدىن قېلىپ، پۈتۈن ناهىيە ئۈچ رايون، بىر كوچا باشقارمىسىغا ئايرىلغان.

1939 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ۋاڭ يۈگچاڭ هاكىم، نامەت دېگەن كىشى مۇئاۋىن هاكىم بولغان.

1940 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، شۆلياڭ (كومپارتىيە ئەزاسى) مەكتتكە هاكىم بولغان. ئۇ مەكتتتىكى خەلقنىڭ سۇ قىيىنچىلىقىنى هەل قىلىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، ئۆلكە ئەۋەتكەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن سۇ ئىشلىرى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بېكىتىشى بىلەن يەكەن دەرياسىدىن مەكتتكە كېلىدىغان بىر چوڭ ئۆستەڭ چاپتۇرغان. ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 60 كىلومېتىر بولۇپ، 20 مىڭ ئەمگەك كۈچى كەتكەن. ئۆستەڭگە جىن يۈڭ (晋庸) (شېڭ شىسەي ئىسمىنى يېزىپ بەرگەن) دەپ نام قويۇلغان.( ئازادلىقتىن كېيىن بۇ نام ئاۋۋال «ئازادلىق ئۆستىڭى»، كېيىن «داجەي ئۆستىڭى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن). بۇ ئۆستەڭنىڭ قېزىلىشى مەكىت بازار ئىچى ۋە تىزناپ دەريا ئېقىنىدىكى جايلارنىڭ سۇ قىيىنچىلىقىنى زور دەرىجىدە هەل قىلغانىدى.

1941 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، يەكەندىكى سوپىلارنىڭ باشلىقى هۈسەيىن خوجا ئاغرىپ قېلىپ، مەكىت يانتاق يېزىسىغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن ۋاپات بولىدۇ. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن يانتاق يېزىسىدىكى چىراق ئاتام مازىرىغا دەپنە قىلىنىدۇ. مەكىت، يەكەن، قاغىلىق، پوسكام قاتارلىق جايلاردىن بىر قانچە مىڭ ئادەم كېلىپ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشقان (ئىگىلىنىشچە، هەر قايسى جايلاردىن كەلگەن سوپىلار خوجامنىڭ مېيىتىنى ئېلىپ كېتىش دەۋاسى بىلەن جېدەل چىقارغان. «بۇ يانتاقتىكى سوپىلار ۋەقەسى» دەپ ئاتالغان). يەكەن ۋالىيسى، قوشۇمچە ئامانلىق

www.uyghurkitap.com

ساقلاش قوماندانى ۋەقە چىقىشتىن ئەنسىرەپ ئەسكەر ئەۋەتىپ سوپىلارنى تارقىتىۋەتكەن.

1942 - يىلى 7 - ئايدا، شۆلياڭ يۆتكىلىپ، مۇئاۋىن ھاكىم نامەت خىزمەتكە رىياسەتچىلىك قىلغان.

9 - ئايدا، چېن شىجۇ مۇۋەققەت ھاكىم بولغان.

1943 - يىلى 11 - ئايدا، تەيخې بازىرى (太和) دىكى دىنىي مەكتەپ خەلق ئىگىلىكىدىكى مەكتەپكە ئۆزگەرتىلىپ، ئوقۇغۇچىلار يېڭى بىلىم، يېڭى مەدەنىيەت ئۆگەنگەن.

1944 - يىلى 2 - ئايدا، جيۇگوجىڭ ھاكىم بولغان.

4 - ئايدا، يېڭى ھايات ئىلگىرىلەش جەمئىيىتى قۇرۇلغان. خەلق ئىگىلىكىدىكى مائارىپ تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلغان بولۇپ، ۋاڭ يىمىڭ مۇدىر بولغان. بۇ جەمئىيەت ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش ۋە ئوقۇتۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش، يېتەكلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قادىر خەلپىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلىگەن.

شۇ يىلى يەنە، مەكىت خەلقى ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى قوللاش ئۈچۈن، «شىنجاڭ مەكىت» ناملىق ئايروپىلاندىن بىرنى ئىئانە قىلغان.

1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، يەكەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قىزىلچى كەنتى (ھازىرقى قىزىل ئاۋات يېزىسى قىزىلچى كەنتى) مەكىت ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى.

2 - ئايدا، تەيخې (太和) بازىرىدىكى خەلق ئىگىلىكى مەكتىپى مەركىزىي گومىن مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى.

4 - ئايدا، جيۇگوجىڭ يۆتكىلىپ، دەي ياچىڭ مەكىت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ناھىيىسىگە مۇۋەققەت ھاكىم بولدى.

6 ـ ئايدا، خەنزۇ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، تيەن ياۋسېك مۇدىر بولدى.

10 ـ ئايدا، گومىنداڭ مەكىت ناھىيىلىك پىرقىسى قۇرۇلۇپ، ھاكىم دەي ياچېڭ پىرقىنىڭ شۇجىسى بولدى.

1946 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ناھىيىلىك سەنيىخۇي (مەسلىھەت كېڭىشى 参议会) قۇرۇلۇپ، مامۇت باشلىقلىققا سايلاندى. مۇھەممەت ھاجى مۇئاۋىن باشلىق بولدى.

4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، مەكىت ناھىيىلىك سەھىيە پونكىتى قۇرۇلدى. بۇ ئورۇندا داۋالاش خادىمى ( دوختۇر) دىن ئۈچ نەپەر بولۇپ، 10كېــســەل كارىۋىتــى تەسىس قىلىنغان. دورا ـ ئۈسكۈنىلەرنى قەشقەر ۋىلايەتلىك دورىخانا تەمىنلىگەن.

12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى بۇرھان شەئىدى مەكىت ناھىيىسىگە كېلىپ، ناھىيىنىڭ سايلام ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلغان ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئاتالمىش «دېموكراتىك سايلام» ئارقىلىق مويىدىن نىياز ھاكىملىققا سايلانغان.

1947 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، يەكەن ـ مارالبېشى تاش يولىغا ئىش باشلىنىپ، يىل ئاخىرىدا يولنىڭ توپا قۇرۇلۇشى پۈتكەن.

7 ـ ئايدا، يەكەن ۋالىيسى جۇ فاڭگاڭ مويىدىن نىيازنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرغان. خۇجېشياڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان.

8 ـ ئايدا، ماشېڭمۇ ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شۇجىسى بولغان.

9 ـ ئايدا، زوشخۋا ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شۇجىسى بولغان.

10 ـ ئايدا، يۈسۈپ ھاكىم، لياڭ گودۇڭ مۇئاۋىن ھاكىملىققا تەيىنلەنگەن.

1948 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ناھىيىلىك

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان.
8 ـ ئايدا، يۈسۈپ چوڭ ئاخۇن ناھىيىلىك پىرقىنىڭ باشلىقى بولغان.
شۇ يىلى، ناھىيە مەمۇرىي جەھەتتىن بىر بازار (تەيخې بازىرى)، ئىككى يېزا (جىن شىڭ، جيەنشىڭ يېزىلىرى)، 61 باۋ، 479 جياغا ئايرىلدى.
مەكىت ئامانلىق تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ نوپۇس تەكشۈرۈشىدە كەسىپ قۇرۇلمىسى بويىچە ئىستاتىستىكا قىلىندى. پۈتۈن ناھىيە بويىچە 50342 ئادەم بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كەسىپىي خادىم 149 نەپەر (ئايال 11 نەپەر)، دېھقان 46919 نەپەر (ئايال 23179 نەپەر)، قول سانائەتچى (قول ھۈنەرۋەن) 1140 نەپەر، سودىگەر 279 نەپەر، ئوقۇغۇچى 1855 نەپەر (قىز 790 نەپەر) بولغان.
1949 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، لياڭ گودۇڭ قوشۇمچە گومىنداڭ ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى. يۈسۈپ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ، سەيدۇللا دېگەن كىشى ھاكىم بولدى.
8 ـ ئايدا، ئاتلىق ئەسكەر 6 ـ لۇ 17 ـ تۇەن يەكەندىن مەكىتكە يۆتكىلىپ ئورۇنلاشتى. 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ناھىيە بازىرىدا شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى خاتىرىلەش چوڭ يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا ناھىيىدىكى ئىدارە ـ ئورگان خادىملىرى، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار، ناھىيە بازىرىدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ۋە ئاتلىق ئەسكەر 6 ـ لۇ 17 ـ تۇەن كوماندىر ـ جەڭچىلىرى قاتناشتى. چوڭ يىغىنغا 17 ـ تۇەننىڭ تۇەنجاڭى خۇاڭ يادۇڭ رىياسەتچىلىك قىلدى. بايراق چۈشۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، مەكىت ناھىيىسىدە تۇنجى بەش يۇلتۇزلۇق بايراق — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى چىقىرىلدى. يىغىندىن كېيىن، چوڭ تىپتىكى تەبرىكلەش پائالىيىتى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈزۈلدى.

شۇ ئايدا، يەكەن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ياڭ لياڭسەي قوشۇمچە مەكىت ناھىيىسىگە ھاكىم بولدى.

1950 ــ يىلى 1 ــ ئاينىڭ 12 ــ كۈنى، شۈجىڭۋېي، ۋۇ گۈيرۇڭ، ۋۇ شۈشياڭ، ئابدۇكېرىم ھاشىم، ئابلەت قاتارلىق بەش كىشىدىن تەركىب تاپقان ھەربىي ئىشلار ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، شۈ جىڭۋېي گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ، مەكىت ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالغان ھەمدە مەكىت ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلگەن.

1 ــ ئاينىڭ ئاخىرىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەكىت ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلۇپ، شۈ جىڭۋېي شۇجىلىققا تەيىنلەنگەن.

2 ــ ئاينىڭ 17 ــ كۈنىدىن 3 ــ ئاينىڭ 6 ــ كۈنىگىچە، تۇنجى نۆۋەتلىك دېھقانلار ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، 420 ۋەكىل قاتناشقان. يىغىندا مەكىت ناھىيىلىك يېزا بىرلەشمىسى قۇرۇش قارار قىلىنغان.

3 ــ ئاينىڭ 22 ــ 26 ــ كۈنلىرى، مەكىت ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلغان. قۇرۇلتايغا 129 ۋەكىل قاتناشقان بولۇپ، مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان. ئابدۇكېرىم ھاشىم ھاكىم بولۇپ سايلانغان. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە كاتىباتلىق ئىشخانىسى تەسىس قىلىنغان.

شۇ ئايدا يەنە، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى ئاتلىق 8 ــ شى 24 ــ تۇەن مەكىتكە كېلىپ، بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئىككىنچى يىلى كۈزدە، بۇيرۇق بويىچە مەكىتتىن يۆتكەلگەن.

4 ــ ئاينىڭ 18 ــ كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا بانكىسى

مەكتەپ ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلغان.

5 ـ ئايدا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە خەلق ئىشلار بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، قۇرۇلۇش بۆلۈمى، مائارىپ بۆلۈمى، باج ئىشلار بۆلۈمى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى قاتارلىق ئالتە ئورگان تەسىس قىلىنغان. يېزا، كەنت ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن ناھىيە ئۈچ رايون، 24 يېزىغا ئايرىلغان.

6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، جۇڭگو خەلق بانكىسى مەكتەپ ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلغان. 10 ـ ئايدا، جۇڭگو خەلق بانكىسى مەكتەپ تارماق بانكىسى قۇرۇلغان.

شۇ ئايدا، پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئاياللار ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، مەكتەپ ناھىيىلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسى قۇرۇلغان.

8 ـ ئايدا، مەكتەپ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلغان.

9 ـ ئايدا، غەربىي شىمال سودا شىركىتى يەكەن مەمۇرىي رايون سودا شىركىتى مەكتەپ ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلغان. 1952 ـ يىلى، مەكتەپ ناھىيىلىك سودا تارماق شىركىتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

1951 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، پۈتۈن ناھىيە بەش رايون، 31 يېزىغا ئۆزگەرتىپ ئايرىلغان. 12 ـ ئايدا، ناھىيىلىك تەمىنلەش سودا كوپېراتىپى بىرلەشمىسى قۇرۇلۇپ، خەلق ئاممىسى پاي قوشقان.

1952 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، مەكتەپ ناھىيىلىك قوبۇللاش پونكىتى قۇرۇلۇپ، ھەر كۈنلۈك مەركـــىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ خەۋەرلىرىنى خاتىرىلەپ، قىسقا خەۋەر قىلىپ بېسىپ، ھەرقايسى ئىدارە ـ ئورگانلارغا تارقاتقان.

9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئۆمىكى مەكتەپ ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلغان (1957 ـ يىلى

10 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئۆزگەرتىلگەن).
12 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتى قۇرۇلغان.
1953 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلغان.
8 ـ ئايدا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئاشلىق بۆلۈم، سەھىيە بۆلۈم ۋە سودا ـ سانائەت بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان.
شۇ ئايدا، ناھىيە تەۋەسىدە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى ـــ پەيلو دېھقانچىلىق مەيدانىنى قۇرۇلۇپ، يەكەن مەمۇرىي مەھكىمە جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلگەن.
12 ـ ئايدا، پۈتۈن ناھىيە يەتتە رايون، 34 يېزىغا ئۆزگەرتىپ ئايرىلغان. 1954 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ 18 ـ كۈنلىرى، مەكىت ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ سانلىق يىغىنى ئېچىلغان. يىغىنغا 89 ۋەكىل قاتناشقان. ئىبراھىم سايىم ھاكىم بولۇپ سايلانغان.
11 ـ ئايدا، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەكىت ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلۇپ، تۇنجى نۆۋەتلىك يىغىن ئېچىلغان. مىڭ چىڭ رەئىس، ئىبراھىم سايىم، قادىر خەلىپىلەر مۇئاۋىن رەئىس بولغان.
1955 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، مەكىتتە تۇنجى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇپ، 150 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان.
11 ـ ئايدا، ناھىيىدىكى 7 ـ رايون ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇلۇشىدىكى يېزا، كەنتلەر 1 ـ رايون ۋە 5 ـ رايونغا ئايرىپ بېرىلگەن.
1956 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ج ك پ مەكىت ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، ناھىيىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەمۇرىي تەپتىش كومىتېتى قۇرۇلغان. مىڭ چىڭ ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى بولۇپ سايلانغان.

5 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلغان.

6 ـ ئايدا، يەكەن مەمۇرىي مەھكىمە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مەكىت قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن.

7 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك قول سانائەت بىرلەشمىسى قۇرۇلغان.

11 ـ ئايدا، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نامى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

1957 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك تەنتەربىيە ھەرىكىتى كومىتېتى قۇرۇلغان. لو لىيەنياۋ قوشۇمچە مۇدىر بولغان.

6 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك ھاۋارايى مۇلازىمەت پونكىتى قۇرۇلغان. ناھىيىلىك رادىئو ئۇزۇلى قۇرۇلۇپ، 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رەسمىي ئاڭلىتىش بەرگەن.

10 ـ ئاينىڭ 14 ـ، 19 ـ كۈنلىرى، مەكىت ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ سانلىق يىغىنى ئېچىلغان. يىغىنغا 174 ۋەكىل قاتناشقان. ئىبراھىم سايىم ھاكىم بولۇپ سايلانغان.

شۇ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى ئاشلىق بۆلۈمى ئاشلىق ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن.

1958 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە، مەكىت ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ سانلىق يىغىنى ئېچىلىپ، تۇردى سوپى ھاكىم بولۇپ سايلانغان.

6 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى قۇرۇلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

1959 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم گاۋ نىڭبىڭنى ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى قىلىپ تەيىنلىگەن.

5 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 1 ـ ماي ئورمانچىلىق مەيدانى قۇرۇلغان.

6 ـ ئايدا، ناھىيە بويىچە بازار ۋە يېزا ـ كەنتلەردە ھەمكارلىشىپ داۋالاش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان.

8 ـ ئايدا، ج ك پ مەكىت ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپى قۇرۇلغان.

11 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنى ئېچىلىپ، گاۋ نىڭبىڭ رەئىس، تۇردى سوپى، قادىر خەلپىلەر مۇئاۋىن رەئىس بولغان.

12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، مەكىت ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى قۇرۇلغان.

شۇ يىلى، يانتاق گۆشى مەملىكەت بويىچە ئەلغار گۆشى بولۇپ باھالانغان.

1960 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈم قۇرۇلغان.

3 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى قۇرۇلغان.

3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، مەكىت ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق تەجرىبە مەيدانى قۇرۇلغان.

8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، مەكىت ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى قۇرۇلغان.

شۇ ئايدا، ئاپتونوم رايون مەكىت ناھىيىسىدە جەنۇبىي شىنجاڭ كىتاب تارقىتىش خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنى ئاچقان.

1961 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسى قۇرۇلغان.

3 ـ ئاينىڭ 21 ـ 25 ـ كۈنلىرى، مەكىت ناھىيىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ سانلىق يىغىنى ئېچىلغان. يىغىنغا 122 ۋەكىل قاتناشقان. تۇردى سوپى ھاكىملىققا سايلانغان. جاۋ شېڭشياڭ، مەمەت نىياز مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلانغان.

8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، مەكىت ناھىيىلىك مال باھا باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلغان. بىر خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلۇپ، 102 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان.

12 ـ ئايدا، ناھىيىلىك پارتكومدا شۇجىچۇ قۇرۇلۇپ، گاۋ نىڭبىڭ، لولىيەنباۋ، ئابدۇسالام سىدىق شۇجى، سەي چۈنداۋ نامزات شۇجى بولغان.

1962 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ 14 ـ كۈنلىرى، ج ك پ مەكىت ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، 93 ۋەكىل قاتناشقان. گاۋ نىڭبىڭ ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى، ئابدۇكېرىم ئىسلام، لو لىيەنباۋ مۇئاۋىن شۇجى بولۇپ سايلانغان.

شۇ يىلى، ناھىيىلىك يېزا ـ چارۋىچىلىق بۆلۈم، سۇ ئىشلىرى بۆلۈمى قۇرۇلغان.

63 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتى قۇرۇلۇپ، بازار جەمئىيى، ھاڭغىتلىق، غازكۆل، قىزىل ئاۋات قاتارلىق تۆت گۇڭشېدىكى تراكتور ۋە دېھقانچىلىق ماشىنا سايمانلىرىنى ناھىيىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى يولغا قويغان.

3 ـ ئايدا، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم گو داۋشىڭنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ 1 ـ شۇجىسى قىلىپ، ئەسلىدىكى شۇجى گاۋ نىڭبىڭنى 2 ـ شۇجى قىلىپ تەيىنلىگەن. شۇ ئايدا، تۇردى سوپى يۆتكىلىپ، ئابلا سايىم ھاكىملىققا تەيىنلەنگەن.

3 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايون ۋە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مەدەنىيەت تارمىقىدىكىلەر خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق

شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋەن توگشۇنىڭ باشچىلىقىدا مەكىت ناھىيىسىگە كېلىپ، خەلق ئارىسىغا تارقالغان «دولان مۇقامى» نى ئومۇمىيۈزلۈك يىغىش، رەتلەش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان.

6 - ئايدا، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ناھىيىلىك شۇجىچۇنى ئەمەلدىن قالدۇرغان.

9 - ئاينىڭ 23 -، 29 - كۈنلىرى مەكىت ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - سانلىق يىغىنى ئېچىلىپ، 93 ۋەكىل قاتناشقان. بىرلا ۋاقىتتا يەنە مەكىت ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنى ئېچىلغان. خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا ئابلا سايىم ھاكىم، لو لىيەنياۋ مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ سايلانغان. سىياسىي كېڭەش يىغىنىدا گو داۋشېڭ رەئىس، ئابلا سايىم، قادىر خەلپىلەر مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ سايلانغان.

1964 - يىلى 5 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى مىڭ شۇلىڭ ھەمراھلىقىدا مەكىت ناھىيىسىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى. قىزىل بايراق (يانتاق) گۇڭشېسىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك خۇلاسە قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭنى قىزىل بايراق گۇڭشېسىدىن ئۆگىنىپ، «بەش تە ياخشى» (ياخشى سالائىيەتىز، ياخشى ئېرىق - ئۆستەڭ، ياخشى ئورمان بەلبېغى، ياخشى يول، ياخشى ئولتۇراق جاي نۇقتىسى) ئۆلچىمى بويىچە تىرىشىپ سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا - كەنت قۇرۇشقا چاقىرىق قىلغان.

6 - ئايدا، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇلغان (1980 - يىلى 12 - ئايدا، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتىگە ئۆزگەرتىلگەن).

1965 - يىلى 2 - ئايدا، قىزىل بايراق (يۈنتاق) گۇڭشېسى غەربىي شىمال بويىچە 40 بايراقدار ئورۇننىڭ بىرى بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باھالانغان.

3 - ئايدا، قىزىل بايراق (يانتاق) گوڭشېسى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «قىزىل بايراقدار ئورۇن» ۋە «سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا - كەنت قۇرۇش ئۈلگىسى» دەپ تىكلەنگەن.

8 - ئاينىڭ 23 -، 29 - كۈنلىرى مەكىت ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - سانلىق يىغىنى ئېچىلىپ، 170 ۋەكىل قاتناشتى. بىرلا ۋاقىتتا يەنە، مەكىت ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى ئېچىلغان. خەلق قۇرۇلتاي يىغىنىدا ئابلا سايىم ھاكىم بولۇپ سايلانغان. لو ليەنباۋ، سىدىق ئابىخان مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ سايلانغان. سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىدا گوداۋشېڭ رەئىس، ئابلا سايىم، قادىر خەلپە، جاۋ شېڭشياڭ مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ سايلانغان.

1966 - يىلى 1 - ئايدا، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 3 - دىۋىزىيىسى مەكىت ناھىيىسىدە 43 - تۈەن (ئىلگىرى ئىتتىپاق دېھقانچىلىق مەيدانى)، 45 - تۈەن، چىغىلىق دېھقانچىلىق مەيدانى، ئالغا سۇ ئامبىرى باشقۇرۇش ئورنىنى قۇرغان.

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، مەكىت ناھىيىلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان.

شۇ ئايدا، خوجىيەن گوڭشې (1 - گوڭشې) بازارلىق باشقۇرۇش رايونى، بازارلىق خەلق گوڭشېسىغا ئۆزگەرتىلگەن.

1967 - يىلى 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى 1 - ئاممىۋى تەشكىلات قىزىل قوغدىغۇچىلار (红卫兵) 1 - قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ، 2 - ئاينىڭ 29 - كۈنىگىچە ھەر قايسى گوڭشې، ناھىيىدىكى ئىدارە - ئورگانلاردا قۇرۇلغان ئاممىۋى تەشكىلاتلار 50 تىن ئاشقان.

1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ناھىيىلىك قىزىل قوغدىغۇچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىسيانچىلار قوماندانلىق شتابى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغان.

2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئىشچى - دېھقانلار قوماندانلىق شتابى ھوقۇق تارتىۋېلىشقا قارشى تۇرغان. بۇنىڭ بىلەن، پۈتۈن ناھىيىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئىدارە رەھبەرلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان.

3 - ئايدا، ناھىيىلىك قورال‌لىق بۆلۈم ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئەتىيازلىق تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا رەھبەرلىك قىلغان.

3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ناھىيە ئىچىدىكى ھەر قايسى ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئىككى چوڭ گۇرۇھقا بۆلۈنگەن: بىرى، «ئۈچ يېڭى» (三新) (يېڭى ئىشچىلار، يېڭى دېھقانلار، يېڭى خۇڭۋېيبىڭ باش شتابلىرى ناھىيىلىك تارمىقى) يەنە بىرى، «ئۈچنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى» (三促) (ئىشچىلار بىرلەشمە ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى، دېھقانلار بىرلەشمە ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى، خۇڭ ۋېيبىڭ بىرلەشمە ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى مەكىت ناھىيىلىك تارمىقى).

4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئازاتلىق ئارمىيە، ناھىيىلىك قورال‌لىق بۆلۈم، ناھىيە باشلىقلىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى قاتناشقان ناھىيىلىك «ئىنقىلابنى تۇتۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش» ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ، ناھىيىنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلغان. ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك، تەپتىش، سوت ۋە ئارمىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان.

12 - ئاينىڭ 15 -، 23 - كۈنلىرى، مەكىت ناھىيىلىك كەمبەغەل تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار ۋەكىللەر يىغىنى، خۇڭ ۋېيبىڭ ۋەكىللەر يىغىنى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلغان. بۇ يىغىنلار قىسقارتىلىپ «ئۈچ ۋەكىللەر يىغىنى» دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاتالغان.

1968 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، مەكىت ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلۇپ، گو داۋشېڭ مۇدىر بولغان. جەمئىي 29 ھەيئەت، 11 دائىمىي ھەيئەت بولغان. ئەسلىدىكى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى تەركىبىدىكى 22 بۆلۈم، ئىشخانا ئىككى بۆلۈم (سىياسىي بۆلۈم، ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق بۆلۈمى)، بىر ئىشخانىگە ئۆزگەرتىلىپ، 156 ئادەم 54 ئادەمگە قىسقارتىلغان. ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ 1 ـ قېتىملىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىلىپ «يەنمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئاممىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن جانلىق بىرلەشتۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى قارار»ى• ماقۇللىغان.

5 ـ ئايدا، سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش، تازىلاش، پاكلاشتۇرۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغان. پۈتۈن ناھىيە بويىچە تارتىپ چىقىلغان ياكى كۈرەش قىلىنغان ئادەم 2088 نەپەرگە يەتكەن. بۇ قېتىمقى تازىلاش خىزمىتىدە، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەت ئېغىر دەرىجىدە ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىپ، زەربە بېرىدىغان دائىرە كېڭىيىپ كېتىپ كۆپلىگەن كادىرلار ۋە ئامما زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان.

1969 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ئىككى گۇرۇھتىكى ئامما ناھىيىلىك تراكتور پونكىتىدا قوراللىق توقۇنۇش قىلىپ، 9 ئادەم ئۆلۈپ، 174 ئادەم يارىلانغان. ناھىيىلىك تراكتور پونكىتىنىڭ زاۋۇت ئىچى، ئۈسكۈنىلەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، زىيان 15 مىڭ يۈەن بولغان.

---

• 《关于进一步在全县开展活学活用毛泽东思想群众运动》

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

6 ـ ئايدا، ئىككى گۇرۇھتىكى ئامما ناھىيىلىك كوپراتىپ يەرلىك ماللار ماگزىنىدا قوراللىق توقۇنۇشۇپ، تۆت ئادەم ئۆلۈپ، ئوغرىلاپ بۇلانغان تاۋارلارنىڭ قىممىتى 10 مىڭ يۈەن بولغان.

8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، مەمەت ئىمىن قادىر باشچىلىقىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھتىكى 46 ئادەم 30 دانە قورالنى ئېلىپ، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ چەتكە قاچماقچى بولغان. 23 ـ كۈنى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ سەككىز تاش تۈگمەن* دېگەن جايغا يېتىپ بارغاندا، ھەممىسى قولغا ئېلىنغان.

شۇ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى مەكىت ناھىيىسىنى قورشاۋغا ئالغان. ئىككى گۇرۇھتىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئۇرۇشنى توختاتقان.

شۇ ئايدا، رەھبىرىي كادىرلار ۋەكىلى، ئازاتلىق ئارمىيە ۋەكىلى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋەكىلى بولۇپ ئۈچ تەرەپ قاتناشقان مەكىت ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغان.

11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، مەكىت ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى پارتىيە مەركىزى گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، پەن جاڭيۈ گۇرۇپپا باشلىقى، لى رۇشيەن، شۇ گورېن مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولغان.

1970 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، تۇنجى تۈركۈمدىكى شەھەر ـ بازارلاردىكى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن 100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى يېزىلارغا چۈشۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 ـ سېپىگە بېرىپ، كەمبەغەل دېھقان تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى ئالغان.

11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، مەكىت ناھىيىلىك ئۇيغۇر يېڭى

---

• 八盘水磨处

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يېزىقنى كېڭەيتىش پىلان لاھىيىسى ئېلان قىلىنىپ، 1972 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، پۈتۈن ناھىيىدە بىردەك يېڭى يېزىقنى ئىشلىتىش تەلەپ قىلىنغان.

1971 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ج ك پ مەكىت ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، 186 ۋەكىل قاتناشقان. پەن جاڭيۇ شۇجى، شې مىڭ، ياڭ جىڭرېن، ھوشۇر قادىر قاتارلىقلار مۇئاۋىن شۇجى بولۇپ سايلانغان.

6 ـ ئايدا، ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى، تاشقى سودا ئىدارىسى، تەمىنلەش سودا كوپراتىپى بىرلىشىپ، مەكىت ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى ئىنقىلابىي كومىتېتى بولۇپ قۇرۇلغان. (1974 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، كەسپىي خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش جەھەتتىكى پايدىلىق تەرەپلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، يەنە سودا ئىدارىسى، تاشقى سودا ئىدارىسى، تەمىنلەش كوپراتىپى ئايرىپ تەسىس قىلىنىدى).

1972 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك خەنزۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلۇپ، 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ دەپ ئاتالغان. بىر سىنىپ ئېچىلغان.

8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كەچ سائەت 12 دە، تىزناپ دەرياسىنىڭ ناھىيە بازىرىدىن 1.5 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىن يار ئېلىپ كېتىپ، ناھىيە ئىچىدىكى 14 ئىدارە، دوگياڭخۇڭ گۇڭشې تەجرىبە مەيدانى، يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى، ئوردا كۆل كەنتى، بازارلىق گۇڭشې 1 ـ ئاھاللار كومىتېتىنى سۇ بېسىپ كېتىپ، بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولغان.

1973 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، مەكىت ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى، خەلق سوت مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

3 ـ ئايدا پەن جاڭيۇ يۆتكىلىپ، شې مىڭ ناھىيىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پارتكوم شۇجىسى ۋە ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن.

5 ـ ئايدا، ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلۈپ، 11 ـ ئايدا مەكىت ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئىشچىلار قۇرۇلتىيى ئېچىلغان. قۇرۇلتايغا 45 ۋەكىل قاتناشقان ۋە مەكىت ناھىيىلىك ئىشچىلار باش ئۇيۇشمىسى رەسمىي قۇرۇلغان.

1974 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلغان.

1975 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېت ھەمراخان سىدىقنى ناھىيىلىك پارتكومغا مۇئاۋىن شۇجى قىلىپ تەيىنلىگەن.

شۇ ئايدا، قىزىلبايىراق (يانتاق) گۇڭشېسى مەملىكەت بويىچە يېزا تەنتەربىيىدە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان.

12 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ھەرقايسى گۇڭشېلاردا سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتلىرى قۇرۇلغان.

1976 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، مەكىت ناھىيىلىك ئۆلچەم پونكىتى قۇرۇلۇپ، پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان. (1986 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۆلچەم ئىدارىسى بولۇپ دەرىجىسى ئۆستى)

3 ـ ئايدا، لى كېيى ناھىيىلىك پارتكومغا شۇجى بولۇپ تەيىنلەنگەن.

5 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كادىرلار بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان.

1977 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 — 23 - كۈنلىرى، ئاپتونوم رايون مەكىت ناھىيىسىدە يېزا تەنتەربىيە خىزمىتى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئاچقان. مەكىت ناھىيىسى ئاممۋى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەنتەربىيىدە ئۆلغار ناھىيە بولۇپ باھالانغان.
1978 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىسىدىكى دېھقان مەمەت قايىمنىڭ «نەزەرىيە ئۆگىنىش»، راخمان ھاپىزنىڭ «مول ھوسۇل ناخشىسى» ۋە بىلىقىزنىڭ «گۈگۈشىنىڭ بايرىمى» قاتارلىق ئۈچ پارچە رەسىمى پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا دېھقان رەسسام رەسىملىرى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلغان.
11 ـ ئايدا، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى ئوسمان قاسىمنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىگەن.
شۇ يىلى، مەكىت ناھىيىسى «دولان ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىپ تارقاتقان.
1979 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك ئەدلىيە ئىدارىسى قۇرۇلغان.
12 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك يەر ناملىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە يەر ناملىرىنى تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلغان. مەكىت ناھىيىلىك كارخانا باشقۇرۇش بۆلۈمى قۇرۇلغان.
1980 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى قۇرۇلغان.
1981 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ 27 ـ كۈنلىرى، مەكىت ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ سانلىق يىغىنى ئېچىلىپ، 176 ۋەكىل قاتناشقان. ئوسمان قاسىم ھاكىم بولۇپ سايلانغان. يىغىندا، مەكىت ناھىيىلىك ئىنىلابىي كومىتېت مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.
شۇ ئايدا، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەكىت ناھىيىلىك كومىتېتى ئەسلىگە كېلىپ، 5 ـ نۆۋەتلىك ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى ئېچىلغان. لى كېيى رەئىس بولۇپ سايلانغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەكىت ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئىشخانا تەسىس قىلىنغان ۋە 1982 ـ يىلى 3 ـ ئايدا «مەكىت ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى»نى تاماملىغان.

شۇ يىلى يەنە، ناھىيىلىك ئەمگەك بۆلۈم، مال باھا بۆلۈمى قۇرۇلغان.

1982 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، مەكىت ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئېچىلدى ھەمدە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئىبراھىم سايىم مۇدىرلىققا سايلانغان.

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سائەت نۆلدە، مەملىكەت بويىچە 3 ـ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان. مەكىت ناھىيىسىنىڭ نوپۇسى 37439 ئائىلە، 145559 ئادەم بولغان.

1983 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە تارىخى ماتېرىياللارنى يىغىش، رەتلەش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى بىلەن مەكىت ناھىيىسى تەزكىرىسىنى تۈزۈش كومىتېتى تەھرىر ئىشخانىسى قۇرۇلغان (1991 ـ يىلى، ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە تارىخى ماتېرىياللىرىنى يىغىش، رەتلەش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە تارىخى خىزمەت كومىتېتى، دەپ ئۆزگەرتىلگەن).

1984 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك شەھەر قۇرۇلۇش مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى قۇرۇلغان.

3 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك مۇپەتتىش ئىدارىسى، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، ناھىيىلىك ئىقتىسادىي كومىتېت قۇرۇلغان.

6 ـ ئايدا، خەلق گۇڭشېسى يېزىغا ئۆزگەرتىلگەن. يېڭى ئاۋات يېزىسى (شېھىتدۆڭ يېزىسى)نىڭ يەكەن دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى 7 ـ، 8 ـ، 9 ـ، 10 ـ دادۈيلىرى يېڭىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇرۇلغان ھاكىمىيەتلىق يېزىسىغا ئايرىپ بېرىلگەن.

7 ـ ئاينىڭ 23 ـ 28 ـ كۈنلىرى، مەكىت ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ سانلىق يىغىنى ئېچىلغان. بىرلا ۋاقىتتا يەنە، مەكىت ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى 6 ـ نۆۋەتلىك يىغىنى ئېچىلغان. خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا ئوسمان قاسىم ھاكىملىققا سايلانغان. يۈ جاگۇ، بوجېخۇي، تۇرغۇن موللاق، ئابلىز روزى قاتارلىقلار مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلانغان. ئابدۇۋەلى ئاۋۇت خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلانغان. سىياسىي كېڭەش يىغىنىدا ئاۋۇت روزى رەئىس بولۇپ سايلانغان.

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، مەكىت ناھىيىسىدە خەنزۇ تىلى بويىچە تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى سىن ئالغۇ قىلىپ يەتكۈزۈش ئىستانسىسى قۇرۇلغان.

شۇ يىلى، مەكىت ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئالتۇن سىيىت «مەملىكەت بويىچە ئىلغار سىنىپ مۇدىرى» دېگەن شەرەپ نامىغا ئېرىشكەن.

شۇ يىلى، ناھىيىلىك ئەرزىيەت ئىدارىسى قۇرۇلغان.

1986 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، لى كېيى يۆتكىلىپ، لى گۇاڭيۇ ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىلىقىغا تەيىنلەنگەن.

2 ـ ئاينىڭ 18 ـ 21 ـ كۈنلىرى، مەكىت ناھىيىلىك 4 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، قۇرۇلتايغا 252 ۋەكىل قاتناشقان. لى گۇاڭيۇ پارتكوم شۇجىلىقىغا، فۇ چىشىن، ئىمىن ئۆمەر مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلانغان.

2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، مەكىت ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇيغۇر تىلى بىلەن سىن ئالغۇ قىلىپ ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنغان.

8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، دۆلەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى مەكىت ناھىيىسىگە «مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رايونى تەنتەربىيىسىدىكى ئىلغار ناھىيە» دەپ نام بەرگەن.
12 ـ ئايدا، تومەنتال يېزىسى زولۇقۇم دېھقانچىلىق مەيدانى ئايالالار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى كېك يومېي دۆلەتلىك پىلان تۇغۇت كومىتېتى ئاچقان مەملىكەتلىك قوش ئىلغارلار يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئالتۇن لەۋھە ۋە شەرەپ گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن.
ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكىنىڭ ئارتىسى مەمەت تۇردى مەملىكەت بويىچە مۇزىكا ئورۇنلاشتا 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.
1987 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ 23 ـ كۈنلىرى، مەكىت ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ سانلىق يىغىنى ئېچىلىپ، 148 ۋەكىل قاتناشقان. بىرلا ۋاقىتتا، مەكىت ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 7 ـ نۆۋەتلىك يىغىن ئېچىلغان. ئوسمان قاسىم ھاكىملىققا، تۇرغۇن موللاق، ئابلىز روزى، گاۋ يىجۇڭ مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلانغان. ئابدۇۋەلى ئاۋۇت خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلاندى. سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى سايلىنىپ، رەئىسنىڭ ئورنى بوش قالغان.
شۇ ئايدا، ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سۈنئىي ھەمرادىن قوبۇل قىلىپ تارقىتىش پونكىتى قۇرغان.
7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە مەكىت ناھىيىسىدە يىغىن ئېچىپ، مەكىت ناھىيىسىگە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىلىك ناھىيە» دەپ نام بەرگەن.
8 ـ ئايدا، خۇ چىشىن ناھىيىلىك پارتكومغا شۇجى بولۇپ تەيىنلەنگەن.
11 ـ ئاينىڭ 20 ـ 24 ـ كۈنلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە مۇكاپاتلاش چوڭ يىغىنىدا، مەكىت ناھىيىسى «ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن نامغا ئېرىشكەن.
12 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن تۇمەنتال يېزىسىنىڭ ساچقاق، خورما، بىر ئېغىز، بوقپاتا، تامدۆڭ، تېرىم مەھەللىسى، چاسا ۋە زولۇقۇم قاتارلىق 8 كەنت كومىتېتى ۋە يېزىلىق 1 ـ دېھقانچىلىق مەيدانى يېڭىدىن قۇرۇلغان قورما يېزىسىغا ئايرىپ بېرىلگەن.
1988 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات ئىدارىسى قۇرۇلغان.
شۇ يىلى، مەكىت ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىن ئىمىن سادىق دۆلەتلىك تەپتىش مەھكىمىسى «1 ـ دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دەپ باھالانغان.
1989 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ 5 ـ كۈنلىرى، ج ك پ مەكىت ناھىيىلىك 5 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، 180 ۋەكىل قاتناشقان. خۇ چىشىن ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى، ئىمىن ئۆمەر مۇئاۋىن شۇجى بولۇپ سايلانغان.
8 ـ ئايدا، «مەكىت ناھىيىسىنىڭ يەر جاي نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»نى تۈزۈش خىزمىتى ئاخىرلاشقان.
1990 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ 26 ـ كۈنلىرى، مەكىت ناھىيىلىك 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ سانلىق يىغىنى ئېچىلغان. 162 ۋەكىل قاتناشقان. بىرلا ۋاقىتتا مەكىت ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 8 ـ نۆۋەتلىك يىغىنى ئېچىلغان. خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا ئوسمان قاسىم ھاكىملىققا سايلانغان. ئابدۇۋەلى ئاۋۇت خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلانغان. خۇ چىشىن سىياسىي كېڭەش رەئىسى بولۇپ سايلانغان.
4 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، مەكىت ناھىيىسى تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق سەنئەت بايرىمى ئۆتكۈزگەن. بايرامدا دولان مەشرىپى، ياڭگى، دېھقانلار رەسمى، خەتتاتلىق ۋە ئىنقىلابىي ناخشا ـ مۇزىكىلار ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان. بايرامغا 26 ئويۇن قويۇش ئەترىتى، 1940 تىن ئارتۇق سەنئەتچى قاتناشقان. ۋاقتى ئىككى كۈن بولغان.

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، مەملىكەت بويىچە 4 ـ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان. پۈتۈن ناھىيىدە 37469 ئائىلە، 168231 كىشى بولغان (بۇ سان ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىگتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

ئىلاۋە: بۇ چوڭ ئىشلار خاتىرىسىنى تۈزۈشتە، تارىختىن ئاۋۋالقى قىسمى ۋە قەدىمكى زامان قىسمى، يېقىنقى زامان قىسمى تۆۋەندىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىلدى:

① «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل 6 ـ ئاي، خەنزۇچە نەشرى.

② «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل 1 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى.

③ «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى، 1992 ـ يىل 7 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى.

④ «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تارىخىدىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1988 ـ يىلى 12 ـ ئاي، خەنزۇچە تولۇقلىما سان.

مەكىتنىڭ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئەھۋالى يەنى مىلادى 1928 ـ يىلىدىن كېيىنكى ئىشلار ھەققىدىكى خاتىرە «مەكىت ناھىيىسىنىڭ تەزكىرىسى» (شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى، 1994 ـ يىل 5 ـ ئاي، خەنزۇچە نەشرى) دىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىنىپ رەتلەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇختار مامۇت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئابلىكىم ھۈسەيىن

# مەكىت تارىخىدىن تېزىسلار

ئاپتورى: ئادىل مۇھەممەت تۇران

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 7.75 قىستۇرما ۋارىقى: 1
2001 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 4000
ISBN7—228—06727—4/K. 953
باھاسى: 12.80 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : ئابلىكىم ھوسەيىن



# مەكىت تارىخىدىن تېزىسلار

ISBN 7-228-06727-4
9 787228 067275 >

ISBN 7-228-06727-4
K·953(民文)定价:12.80元